باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن

# ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

( 4 - يىللىقلار ئۈچۈن )

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن

# ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

(4-يىللىقلار ئۈچۈن)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى
كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

# چۈشەندۈرۈش

قولىڭىزدىكى بۇ لۇغەت باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 4-يىللىقىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئاساسىي ئوبيېكت قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئانا تىل ئاساسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىشىگە ياردەم بېرىش مەقسىتىدە تۈزۈلدى. لۇغەتكە 4-يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىۋېلىشى زۆرۈر بولغان 1200 گە يېقىن سۆز (سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى) كىرگۈزۈلدى.

## 1. سۆزلەرنىڭ تاللىنىشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

1) لۇغەتكە ئېلىنغان سۆزلەر بىردەك ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپىدە تىزىلدى.

2) لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن سۆزلەر باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 4-يىللىقى ئۈچۈن تۈزۈلگەن دەرسلىكلەردىن تاللاپ ئېلىندى. دەرسلىكلەر ئىچىدە «ئەدەبىيات (7-، 8-قىسىم)»، «جەمئىيەت (1-، 2-قىسىم)» ۋە «ساغلاملىق» مۇھىم نۇقتا قىلىندى.

3) سۆز تاللاشتا كۆنۈكمىلەرنىڭ تەلىپى ۋە بالىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، دەرسلىكتە ئۇچرىغان، ئەمما ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا كۆرۈلمەيدىغان «خۇڭگىياۋشۇي» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ۋە بىر قىسىم ياردەمچى پېئىللار بىلەن پېئىللاشقان بىرىكمىلەرمۇ مۇستەقىل سۆزلەم سۈپىتىدە ئېلىندى.

4) ئاھاڭداش سۆز ۋە شەكىلداش سۆزلەر ئايرىم-ئايرىم سۆزلەم قىلىپ ئېلىنىپ، رىم رەقەملىرى بىلەن ئايرىپ كۆرسىتىلدى.

مەسىلەن:

**شال** I ......؛ **شال** II ......؛

**شال** III ......؛ **شال** IV ......

دېگەنگە ئوخشاش.

5) يەر ناملىرى ۋە ئادەم ئىسىملىرى، ئەسەر ياكى تارىخىي ۋەقەلەر ناملىرى ئېلىنمىدى. پەقەت تېكىستتە كەلگەن «**چار پادىشاھ**»، «**ئۆكتەبىر ئىنقىلابى**»، «**ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى**» دېگەنگە ئوخشاش ئايرىم ناملار بالىلارنىڭ چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن ئالاھىدە كىرگۈزۈلدى.

6) لۇغەتكە ئېلىنغان پېئىل ياكى پېئىل خاراكتېرىدىكى سۆزلەر بىردەك «- ش // - ىش، - ۇش // - ۈش» بىلەن ئاخىرلاشقان شەكىلدە بېرىلدى.

7) قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئا»، «ئە» تاۋۇشلىرى ئاجىزلاشمايدىغان سۆزلەر بىلەن قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش ھەرپى چۈشۈپ قالىدىغان سۆزلەرنىڭ 3-شەخستە تۇرلەنگەن شەكلى تىرناق ئىچىدە ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى. مەسىلەن:

**ئەجداد (ئەجدادى) ...** **مۇداپىئە (مۇداپىئەسى) ...**

**ئەجىر (ئەجرى) ...**

دېگەندەك.

8) دەرسلىكلەردە ئىملاسى خاتا ئېلىنغان سۆزلەر، لۇغەتكە ئىملاسى توغرىلىنىپ ئېلىندى. مەسىلەن: «ئەدەبىيات» 7-قىسىم 15-بەتتە «يېرىندى» سۆزى «يېرىندا» دەپ ئىملاسى خاتا ئېلىنغان، بۇ سۆز لۇغەتتە «يېرىندى» دەپ ئېلىندى؛ يەنە شۇ كىتاب 38-بەتتە «**پلانېتا**» سۆزى «**پلانېت**» دەپ ئېلىنغان، لۇغەتتە «**پلانېتا**» دەپ توغرا ئىملا بويىچە ئېلىندى. دەرسلىكلەردە ئىملا خاتالىقى خېلىلا كۆپ ئىكەن، شۇڭا ئوقۇغۇچىلارنىڭ لۇغەت

ئاختۇرغاندا بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

## 2. سۆز مەنىسىنى ئىزاھلاش

1) لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈشتە «ئېنىق، ئىخچام بولۇش، دەرس تېكىستىدە ئۇچرىغان مەنىسىنى ئاساس قىلىش، ئاددىي سۆزلەر بىلەن توغرا چۈشەندۈرۈش» ئاساسىي ئۆلچەم قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆزلەرنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش مەقسىتىدە، زۆرۈر بولغان سۆزلەرنىڭ بىر قىسىم كېڭەيگەن مەنىلىرىمۇ قوشۇپ چۈشەندۈرۈلدى.

2) كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ھەربىر خاس مەنىلىرى ① ② ... دېگەندەك تەرتىپ بويىچە ئايرىلدى. مەنە تۈرلىرىنى بېرىشتە سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ياكى ھازىرقى ئىستېمالدا كۆپ ئۇچرايدىغان مەنىلىرى ئاۋۋال بېرىلدى.

3) ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆز مەنىلىرىنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، سۆزلەرنىڭ مەنىداشلىرى ۋە قارىمۇقارشى مەنىلىكلىرى بار بولسا، ئۇلار ئايرىم-ئايرىم كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىمىزكى، بىر تىلدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىداشلىق مۇناسىۋىتى مۇرەككەپ بولىدۇ. سۆزلەرنىڭ مەنىداش بولۇشى ئۈچۈن ئۇلاردا چوقۇم مەلۇم مەنە ئورتاقلىقى بولۇشى كېرەك؛ قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر مەسىلىسىمۇ ئوخشاشلا مۇرەككەپ مەسىلە بولۇپ، قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا چوقۇم بىر مەنە مەركىزى بولۇشى كېرەك. ئۇيغۇر تىلدا بۇ مەسىلىلەرنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز بۇ لۇغەتتە بۇ ھەقتە بەك ئىنچىكىلىمەي، كەڭرەك يول تۇتتۇق، يەنى ئاساسىي جەھەتتىن

مەنىداش بولغان سۆزلەر بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ياكى مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا قارىمۇقارشى بولغان سۆزلەرنى ئاساسەن بەردۇق. سۆزلەرنىڭ مەنىداشلىرى بىلەن قارىمۇقارشى مەنىلىكلىرىنى بەرگەندە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چوڭراق پەرققە ئىگە بولغانلىرى چېكىتلىك پەش ( ؛ ) بىلەن ئايرىلدى.

4) سۆزلەرنىڭ سۆز تۈركۈمى بېرىلىپ، ئىزاھاتتىن بۇرۇن قىسقارتىلما بەلگىلەر بىلەن كۆرسىتىلدى؛ كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ سۆز تۈركۈمىنى كۆرسەتكەندە، ھەممىلا مەنىسى ئوخشاش بىر خىل سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولسا، ئۇ سۆزنىڭ سۆز تۈركۈمى ئىزاھىنىڭ بېشىغا بىرلا بېرىلدى. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ھەربىر مەنىسىنىڭ ئالدىغا ئايرىم-ئايرىم بېرىلدى؛ سۆز بىرىكمىلىرىگە بىردەك سۆز تۈركۈمى بېرىلمىدى.

سۆز تۈركۈمى تەۋەلىكىنى كۆرسىتىدىغان قىسقارتىلما سۆزلەر:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئال | ئالماش | سان | سان |
| باغل | باغلىغۇچى | سۇپ | سۇپەت |
| پ | پېئىل | مىقدار | مىقدار سۆز |
| تەق | تەقلىد سۆز | ئى | ئىسىم |
| تىر | تىركەلمە | ئىم | ئىملىق سۆز |
| رەۋ | رەۋىش | يۇك | يۇكلىمە |

## 3. مىسال بېرىش

1) سۆزلەرنىڭ ئىزاھىدىن كېيىن مىسال بېرىلدى. ئىزاھ بىلەن مىسالنىڭ ئوتتۇرىسىغا قوش چېكىت ( : ) قويۇلۇش بىلەن بىرگە ئۇلار يەنە خەت نۇسخىسىنىڭ پەرقلىق بولۇشى بىلەنمۇ ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈلدى.

2) مىساللار ئاساسەن دەرسلىكتىكى تېكىستلەردىن

ئېلىندى. زۆرۈر بولغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆز ئىشلىتىشىگە يېقىنلاشتۇرۇپ جۈملە مىسالى تۈزۈلدى. مىسال ئېلىشتا جۈملىلەرنىڭ ئېنىق، راۋان بولۇشىغا، تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى.

3) بىردىن ئارتۇق مىسال بېرىلگەندە، ئۇلار بىر-بىرىدىن يۇلتۇز بەلگىسى (*) بىلەن ئايرىلدى؛ شېئىر-قوشاقلار مىسال قىلىپ بېرىلگەندە، ئۇلارنىڭ مىسرالىرى يانتۇ تاق سىزىق (/) بەلگىسى بىلەن ئايرىلدى.

4) كونكرېت جۈملىلەردە قوللىنىلغاندا، سۆز مەنىسىدە ئۆزگىرىش بولماي، سۆزلەرنىڭ گرامماتىكىلىق رولىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، مەلۇم بىر سۆز تۈركۈمىگە تەۋە سۆز شۇ جۈملىدىكى رولى جەھەتتىن باشقا بىر سۆز تۈركۈمىگە خاس رولدا كەلسە، ئىككى خىل سۆز تۈركۈمى ۋەزىپىسىدە كەلگەن مىساللىرى ئېلىندى ھەمدە بۇنداق جۈملە مىساللىرى ئارىسىغا جۈپ يانتۇ سىزىق (//) بەلگىسى قويۇلدى.

## 4. ئىملا

لۇغەتتىكى بارلىق سۆز ۋە تېكىستلەر «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىسى» دە بېكىتىلگەن ئىملا بويىچە ئېلىندى.

## 5. پايدىلانغان ماتېرىياللار

1) سۆز تاللاشتا، باشلانغۇچ مەكتەپ 4-يىللىقنىڭ بارلىق دەرسلىك كىتابلىرىدىن پايدىلىنىلدى.

2) سۆز مەنىلىرىنى ئىزاھلاشتا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئالتە توملۇق «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، بىر توملۇق «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى) دىن پايدىلىنىلدى.

# مۇندەرىجە

ئا ........ 1
ئە ........ 13
ب ........ 20
پ ........ 33
ت ........ 46
ج ........ 66
چ ........ 71
خ ........ 78
د ........ 84
ر ........ 90
ز ........ 93
س ........ 99
ش ........ 112
غ ........ 119
ف ........ 122
ق ........ 124
ك ........ 140
گ ........ 153
ل ........ 157
م ........ 159
ن ........ 175
ھ ........ 180

ئو ........................................ 191
ئۇ ........................................ 194
ئۆ ........................................ 198
ئۈ ........................................ 200
ۋ ........................................ 202
ئې ........................................ 206
ئى ........................................ 209
ي ........................................ 221
قوشۇمچە: ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە-ئىنگلىزچە سېلىشتۇرما
سۆزلۈك ........................................ 229

# ئا

**ئابىھايات (ئابىھاياتى)** ئى. ھاياتلىق سۈيى، رىۋايەتلەردە تەسۋىرلىنىدىغان ئۆلۈكلەرگە تىرىكلىك بېغىشلايدىغان خاسىيەتلىك سۇ؛ ھاياتلىق بېغىشلىغۇچى، ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى: ئاھ، يۇرتىمىزدىكى كونا قۇدۇق، سەن يۇرتداشلىرىمنى ئابىھايات سۈيى بىلەن ياشناتتىڭ.

**ئاپتوماتىك** سۈپ. بەلگىلەنگەن ئىشنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىچكى قۇرۇلمىلارنىڭ ياردىمىدە ئۆزى بېجىرىدىغان، ئۆز-ئۆزىدىن ئىشلەيدىغان؛ ئادەم كۈچى تەلەپ قىلماي ماشىنا ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنىدىغان: پوچتا نومۇرى ئاپتوماتىك خەت-چەك ئايرىش ماشىنىسىنىڭ خەت-چەكلەرنى ئايرىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئات بېشىدەك** ئات بېشىغا تەڭ كېلىدىغان؛ چوڭ، يوغان، ناھايىتى جىق: ھېلىغۇ بىر تال قەلەم ئىكەن، ئات بېشىدەك ئالتۇن تېپىۋالساممۇ ھەرگىز ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالمايمەن.

**مەنىداش سۆزى:** تۆگىدەك، بويۇمدەك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قىلدەك، تىرناقچىلىك.

**ئاتاكا** ئى. شىددەتلىك ھۇجۇم، قايتۇرما ھۇجۇم: ئاتاكىغا ئۆتكۈچى قىسىم بىر كىچىك تۆپىلىك تەرىپىدىن قاپسىلىپ قېلىپ، بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى.

**مەنىداش سۆزى:** ھۇجۇم.

**ئاتايىن** رەۋ. مەخسۇس، ئالاھىدە؛ مەقسەتلىك ھالدا، قەستەن: ئۇ مېنى دەپ شۇنچە يىراق يەردىن ئاتايىن كەپتۇ، ئۇنى ياخشى كۈتمىسەك قانداق بولىدۇ! ★ ئۇ ئايالنىڭ كۆزىگە ئاتايىن تىكىلىپ، مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ قويدى.

**مەنىداش سۆزى:** مەخسۇس، ئەتەي، ئەتەيلەپ.

**ئاچ** سۈپ ① قورسىقى تويمىغان، ئاشقازىنى تاماق تەلەپ قىلغان، ئېچىرقىغان: ئۇ بۈگۈن ئاخشام ئاچ يېتىلا ئۇخلاپ قالدى. ② كۆچمە. قانائەت قىلمايدىغان، تويماس، ئاچ كۆز: ئۇ باي بولغىنى بىلەن بەك ئاچ ئادەم. ③ كۆچمە. تولۇق تولمىغان؛ پۇچەك؛ قورۇلۇپ قالغان: ئاچ دان. ④ كۆچمە. سۇس، قېنىق ئەمەس (رەڭ ھەققىدە): ئۇنىڭ كۆڭلىكى ئاچ قىزىل ئىكەن.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** توق؛ تولۇق؛ قېنىق.

**ئاچچىق سوغۇق** جاندىن ئۆتىدىغان، بەدەننى توڭدۇرۇپ تىترىتىدىغان سوغۇق، قاتتىق قەھرىتان سوغۇق، مۇزدەك سوغۇق: كۈز پەسلى ئاخىرلىشىپ قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇقى باشلاندى.

**ئاچماق** ئى. دەرەخلەرنىڭ غول ياكى غول شاخلىرىدىكى يان شاخلار ئۆسۈپ چىققان ئاچا يېرى، ئومۇمەن غولدىن يان شاخ چىقىش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان ئاچا قىسمى، ئاچا: ئۇ دەرەخنىڭ ئاچمىقىغا دەسسەپ يۇرۇپ داۋاملىق يۇقىرى چىقىۋەردى. // كەپىنىڭ ئالدىدا ئىككى تال ئاچماق ياغاچ بار ئىدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئاچا.

**ئاچ-يالىڭاچلىق** يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك يېتىشمەسلىك، يەيدىغان ۋە كېيىدىغان نەرسىسى يوقلۇق، تۇرمۇشى نامراتلىق، ناھايىتى كەمبەغەللىك: ئاچ-يالىڭاچلىق ئىچىدىكى كىچىك ساندىنىڭ ئىسىل پەزىلىتى كىشىلەر قەلبىنى مەڭگۈ ھاياجانغا سالىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** نامراتلىق، كەمبەغەللىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** باياشاتلىق، دۆلەتمەنلىك.

**ئادالەت** ئى ① ئادىللىق، ھەققانىيەت، ھەقىقەت، ھەق ۋە توغرا ئىش: ل. مۇتەللىپ ئادالەت ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى پىدا قىلغان قەھرىماندۇر. ② قىزلارنىڭ ئىسمى.

مەنداش سۆزى: ھەققانىيەت، ئادىللىق.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ناھەقچىلىك.

**ئادەتتىن تاشقىرى** ئادەتتىكىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان، پەۋقۇلئاددە، ناھايىتى ئالاھىدە، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، بەك ئۆزگىچە: ئۇ پاقىلارغا ئۆردەكلەر بىلەن ساياھەت قىلىشنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى يېڭى ئۇسۇلىنى تاپقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.
مەنداش سۆزى: پەۋقۇلئاددە، ئالاھىدە.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئادەتتىكىچە، ئاددىي.

**ئاددىي** سۈپ. ئادەتتىكىدەك، باشقىلاردىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان، دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان؛ تۈزۈلۈشى ۋە تەركىبى ئانچە مۇرەككەپ بولمىغان، ئادەتتىكى؛ ئېسىل ياكى بەك ئالاھىدە بولمىغان؛ ئوڭاي، ئاسان: بىزنىڭ ئاددىي ئۆيىمىز بار. ★ بۇ ھارۋا بەك ئاددىي ئىكەن. ★ بىز ئۇلارنى ئاددىيلا مېھمان قىلدۇق. ★ بۇ بىر ئاددىي مەسىلە ئىكەن.
مەنداش سۆزى: ئادەتتىكىدەك، مۇنداقلا.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئالاھىدە؛ مۇرەككەپ؛ ئېسىل.

**ئادىشىش** پ. ئېزىش، يولدىن قېيىپ كېتىش؛ بىلەلمەي خاتا يولغا كىرىپ قېلىش، خاتالىشىش: ئۇ كۆڭلىدە «بۇ سوغۇقتا ئورمانلىقتا ئادىشىپ توڭلاپ قالمەن» دەپ ئويلاپتۇ.
مەنداش سۆزى: ئېزىش، خاتالىشىش.

**ئادىل باھا** ئادىل بەلگىلەنگەن ھەققانىي باھا، توغرا باھا، ھەقلىق باھا: ھازىر ئۇرۇمچىدە ئادىل باھا ماگىزىنلىرى خېلىلا كۆپىيىپ قالدى.
مەنداش سۆزى: تەكسە باھا، مۇقىم باھا.

**ئاران** رەۋ ① كۆپ قىيىنچىلىق بىلەن، ناھايىتى تەستە، زور مۇشەققەتتە: ئۇ پاتقاقچىلىقتا ئاران كېتىپ باراتتى. ② سەل-پەل، بىلىنەر-بىلىنمەس: — ھەي ئالىم، — دېدى ئانا ئاران ئاڭلانغۇدەك بوش ئاۋازى بىلەن پىچىرلاپ. ③ پەقەت، بارى، يالغۇز: ئۇلار ھەممىسى بولۇپ

ئاران ئىككى ئادەم ئىكەن.

**ئارزۇ** ئى. كۆڭۈلدىكى تىلەك، دىلدىكى ئىنتىلىش، ھەۋەس؛ يەتمەكچى بولغان مەقسەت، ئىنتىلگەن مۇددىئا: ئەسىرلەر ئىنتىزار بولدۇق،/ ئىلىم ئارزۇسىدا ياندۇق./ ئوقۇيلى ئەمدى ئارمانسىز،/ بىتىشتۇق ياخشى ئىمكانغا.

**مەنداش سۆزى:** تىلەك، ئىستەك، ئۈمىد.

**ئارقا سەپ** ① ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۇرۇش مەيدانىدىن يىراق بولغان ئىچكى رايون ۋە شۇ رايوندا تۇرۇپ ئالدىنقى سەپتىكىلەرنىڭ زۆرۈر نەرسىلىرىنى تەييارلاپ يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل بولغان تارماق: رەھبەرلىكنىڭ ئۇنى ئارقا سەپتە قالدۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئاخىرى ئۇنى ھەمشىرە قىلىپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتتى. ② ۋاقىتلىق قۇرۇلغان جىددىي ھەرىكەت گۇرۇپپىلىرى ياكى مۇنتىزىم ئىدارە، مەكتەپ، زاۋۇت، كان-كارخانا قاتارلىق ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق خىزمەتكە بىۋاسىتە ئارىلاشمايدىغان، پەقەت شۇ خىزمەتنىڭ زۆرۈر تەييارلىق، تولۇقلىما ئىشلىرىنى ئىشلەيدىغان ياردەمچى تارماق: ئۇ مەكتەپنىڭ ئارقا سەپ خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئالدىنقى سەپ.

**ئارمان** ئى ① بىرەر نەرسىگە ئېرىشىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىچكى سېزىم، ئارزۇ، تىلەك: ئۇنىڭ يەنە بىر ئارمىنى، چوڭ قىزى ئاسىيەنىڭ ئۆيىنى بىر كۆرۈپ كېلىش ئىدى. ② كۆزلىگەن ئارزۇ-نىيەتلىرىگە يېتەلمىگەنلىكتىن پەيدا بولغان ئۆكۈنچ، پۇشايمان، ھەسرەت، نادامەت: ئۇ بۇگۇنكى ئويۇننى كۆرەلمەي ئارماندا قالىدىغان بولدى ـ دە!

**مەنداش سۆزى:** ئارزۇ، تىلەك؛ پۇشايمان، ئۆكۈنچ.

**ئارىسالدى بولۇش** نېمە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قېلىش، قەتئىي نىيەتكە كېلەلمەسلىك، گاڭگىراپ قېلىش: كۆزلىگەن مۇددىئانى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم ئاخىرغىچە قەتئىي

بولۇش، ھەرگىزمۇ ئارسالدى بولۇپ يېرىم يولدا توختاپ قالماسلىق لازىم.
مەنىداش سۆزى: ئىككىلىنىش، گاڭگىراش، تېنەش.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: كەسكىن بولۇش، قەتئىي بولۇش.

**ئارىيەت** ئى. كېيىن قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن ۋاقىتلىق ئىشلىتىپ تۇرۇش ئىشى، ۋاقىتلىق ئىشلىتىپ تۇرۇش، ئۆتنە، قەرز: ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە، كۆپلىگەن دېھقانلار يەر ئاغدۇرۇشتا تراكتور ئارىيەت ئېلىشقا موھتاج بولىدۇ.
مەنىداش سۆزى: ئۆتنە، قەرز.

**ئاز سانلىق مىللەت** نوپۇسى، ئادەم سانى ئاز بولغان مىللەت. مەملىكىتىمىزگە نىسبەتەن خەنزۇ مىللىتىدىن باشقا بارلىق مىللەتلەر ئاز سانلىق مىللەت ھېسابلىنىدۇ: مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتلىك چوڭ ئائىلە، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرى بار.

**ئاساسەن** ① رەۋ. ئاساسىي جەھەتتىن، ئاساسلىق تەرەپلىرىنى كۆزدە تۇتقاندا: ئۇلارنىڭ تەبيارلىقى ئاساسەن پۈتۈپ قالدى. ② تىر. بويىچە، بىنائەن: مەن ئۇنىڭ دېگىنىگە ئاساسەن سېنى ئۇنىڭ بىلەن بىر گۇرۇپپىغا بۆلدۈم.
مەنىداش سۆزى: بىنائەن، بويىچە.

**ئاساسلىق** سۈپ. ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان، ئالدىنقى قاتاردىكى، ئەڭ ئەھمىيەتلىك ھەم مۇھىم بولغان، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان: ئائىلىلەرنىڭ بىخەتەرلىكى دېگەندە، ئاساسلىقى ئوت ئاپىتى، ئوغرىلىق، توك سوقۇۋېتىش ۋە زەھەرلىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
مەنىداش سۆزى: مۇھىم، تۈپ، باش.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئادەتتىكى، قوشۇمچە، قىسمەن.

**ئاسما كۆۋرۈك** ① قاتناش قوراللىرى كۆپ ئۆتىدىغان يولنىڭ ئۈستىگە توغرىسىغا سېلىنغان كۆۋرۈك شەكىللىك پىيادىلەر يولى: شەھەرلەردە پىيادە ماڭغاندا يولنى كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلسە، مۇمكىن بار ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش كېرەك. ② دەريا ياكى تاغ جىلغىلىرى ئارىسىغا پولات سىم تارتىپ ياسالغان كۆۋرۈك. ③ ھەممىسى ياكى مەلۇم بۆلىكى ئېسىپ قويۇلىدىغان، چۇشۇرۇشكە بولىدىغان بىر خىل كۆۋرۈك.

**ئاش بولۇش** سىڭىش؛ بەرىكەت قىلىش، ئەسقېتىش، نەپ بېرىش؛ بەخت-ھالاۋەت كەلتۈرۈش، بەختلىك قىلىش: ئانام ماڭا «ئوغرىلىغان نەرسە ئاش بولمايدۇ» دېگەنىدى.

**مەنداش سۆزى:** سىڭىش، قۇتاش.

**ئاش ۋاقتى** ئەتىگەنلىك ناشتا بىلەن چۈشلۈك تاماقنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاقىت، يەنى سائەت توققۇز يېرىمدىن ئون يېرىمغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت: — ئەگەر ئەتە ئاش ۋاقتىغىچە ئويلاپ، شۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىگە چۈشىنىشمىسەڭ، ھەر ئىككىڭنى دارغا ئاسىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

**ئاشپۇزۇل** ئى. سىرتتىن كىرگەنلەرگە ئاش-تاماق سېتىپ بېرىدىغان، مەخسۇس تاماق سېتىلىدىغان كۆلىمى كىچىكرەك ئاشخانا: ھەلىمنىڭ دادىسى كوچا دوقمۇشىدا بىر ئاشپۇزۇل ئاچتى.

**مەنداش سۆزى:** ئاشخانا.

**ئاشقازان** ئى. ئادەم ۋە بەزى ھايۋانلارنىڭ قورسىقىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان ھەزىم قىلىش ئورگىنى: تاماقتىن كېيىن قورساقنا تولغان يېمەكلىكلەرنى ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەر ھەزىم قىلىشى كېرەك.

**ئاغرىقچان** سۈپ. ئۇزۇن ۋاقىت كېسەل تارتىپ تېنى ئاجىزلاشقان، تېخى كېسەل ئازابىدىن تولۇق قۇتۇلالمىغان، كېسەلمەن، كېسەل ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان: لۇتپۇللا ھارۋىدىن چۈشۈپلا ئاغرىقچان بوۋىسىنى يوقلاپ ماڭدى.

**مەنىداش سۆزى:** كېسەلمەن، كېسەلچان، ساقسىز.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ساغلام، بېجىرىم، تەندۇرۇس.

**ئاقار يۇلتۇز** يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى بوشلۇقتا نۇرغۇنلىغان ئۇششاق جىسىملار ۋە چاڭ-توزانلار بولىدۇ، ئۇلار يەر شارى ھاۋا قەۋىتىگە ئۇچۇپ كىرگەندىن كېيىن، ھاۋا بىلەن سۈركىلىپ، ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق چىقىرىدۇ. يەر يۈزىدىن قارىغاندا گويا يۇلتۇز شۇررىدە ساقىپ غايىپ بولغاندەك كۆرۈنىدۇ. مۇشۇ خىل قىسقا ۋاقىت يورۇق چىقىرىدىغان جىسىملار «ئاقار يۇلتۇز» دەپ ئاتىلىدۇ: ئاقار يۇلتۇزدەك ئۆتىدۇ ۋاقىت،/ تۇتمىساڭ ھەر مىنۇت ۋاقىتنى مەھكەم.

**ئاقسىل** ئى. جانلىقلار تېنىدىكى ھاياتلىق ماددىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قىسمى. ھاياتلىق ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل بىرىكمە بولۇپ، سەي-كۆكتاتلار ۋە تۇرلۇك يېمەكلىكلەردىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بولىدۇ.

**ئاكوپ** ئى. ئۇرۇشتا ئوقتىن دالدا بولۇش ئۈچۈن قېزىلغان ياكى ئەتراپىغا توپا قاتارلىقلارنى دۆۋىلەپ توسۇلغان چوڭقۇرلۇق، ئورەك: ئۇلار ئىككى باغلام قول بومبىسىنى ئېلىپ، ئاكوپتىن تەڭلا سەكرەپ چىقىپ ئالغا ئېتىلدى.
**مەنىداش سۆزى:** خەندەك، ئورەك، لەخمە.

**ئاغزى قۇلىقىغا يېتىش** خۇشاللىقتىن كۈلۈپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىش؛ ھەددىدىن ئارتۇق خۇشال بولۇش، زىيادە خۇرسەن بولۇش: دېھقان خۇشاللىقىدا ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ ئۆيگە قايتىپتۇ.
**مەنىداش سۆزى:** خۇشال بولۇش.

**ئاق كۆڭۈل** باشقىلارغا ھەرگىز يامانلىق قىلمايدىغان، دىلى پاك، كۆڭلىدە يامانلىقى يوق، تۈز كۆڭۈل: ئالىيە ھەققەتەن ئاق كۆڭۈل ھەم تىرىشچان قىز بولدى.
**مەنىداش سۆزى:** كۆڭلى تۈز، پاك دىل، ئاق نىيەت.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: قارا نىيەت، ئالا كۆڭۈل، كۆڭلى قارا.

**ئاڭ-سەۋىيە** كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە بولغان تونۇشىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىك دەرىجىسى، بىلىش ۋە تەپەككۇر قىلىش، پىكىر قىلىش قابىلىيىتى، بىلىم ئىقتىدارى: بۇ پائالىيەت ئارقىلىق بىزنىڭ كۆزىمىز ئېچىلىپ، ئاڭ-سەۋىيىمىزمۇ خېلى ئۆسۈپ قالدى.

**ئاڭقىرىش** پ. پەرق ئېتىش، بىلىش، چۈشىنىش، سېزىش، ھېس قىلىش: ئوغلى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي، ئەتىسى ئېتىزغا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، مايسىلارنىڭ ھەممىسى يېقىلىپ ياتقۇدەك.

مەنىداش سۆزى: بىلىش، چۈشىنىش.

**ئاڭلىقلىق** ئى. توغرا قاراشقا، ئاڭغا ئىگە بولغان ھالەت، توغرا كۆز قاراشقا ئىگىلىك: باللار كىچىكىدىن باشلاپلا ئاڭلىقلىقىنى يېتىلدۈرۈشى، تۇرلۇك مەسىلىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك.

مەنىداش سۆزى: ئوڭلۇقلۇق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئاڭسىزلىق، تەتۈرلۈك.

**ئالجىغان** سۈپ. ئەس-ھوشىنى يوقاتقان، خىيالىغا كەلگەننى قىلىدىغان بولۇپ قالغان، ئەقلىدىن ئازغان، ساراڭ، كالۋا: ھەي ئەخمىقەي، ھەي ئالجىغان دىتسىز ساراڭ،/ شۇ تەڭنىمۇ سورىغىنىڭ بېرىپ ئاران.

مەنىداش سۆزى: ساراڭ، ئەقىلسىز، ئەقلىنى يوقاتقان.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئەقىللىق، دانا، زېرەك.

**ئالدىنقى سەپ** ① ھەربىي ئىشلاردا ئۇرۇش مەيدانى ياكى دۈشمەنگە نىسبەتەن يېقىن بولغان، ئۇرۇش پارتلىسا ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلىنىدىغان جاي، ئۆز تەۋەلىكىدىكى دۈشمەنگە ئەڭ يېقىن بولغان جاي: ئالدىنقى سەپتە كەسكىن ئۇرۇش بولۇۋاتاتتى. ★ مەن دائىم ئۇنىڭ بىلەن چېگرا مۇداپىئە ئالدىنقى سېپىگە بېرىپ ئۇرۇش تەييارلىقى ۋە مەشىق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كېلەتتىم. ② ئەمگەك ۋە

خىزمەتتىكى ئەمەلىي ئىش مەيدانى، خىزمەتنىڭ جاپالىق ھەم مۇھىم بولغان جايى، ئەڭ مۇھىم خىزمەت ئورنى: مەن ئالدىنقى سەپتە ئىشلەيمەن.

مەنداش سۆزى: بىرىنچى سەپ.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئارقا سەپ.

**ئالدىنى ئېلىش** پەيدا بولۇشنى توسۇش، يۈز بېرىشىنى چەكلەش، بارلىققا كەلمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش: زۇكامنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دائىم بەدەن چېنىقتۇرۇش بىلەن بىرگە شامالداپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

**ئالدىنىش** پ. يالغان، ساختا نەرسىلەرگە ئىشىنىپ ئەخمەق بولۇش؛ قايمۇقۇش، يولدىن ئېزىش، ئالدامغا چۈشۈش: ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ئايان بولغاندا ئۆزۈمنىڭ ئالدانغانلىقىمنى بىلدىم.

مەنداش سۆزى: گوللىنىش، ئەخمەق قىلىنىش.

**ئالقىشلاش** پ. تەبرىكلەپ ياكى قىزغىن قارشى ئېلىپ چاۋاك چېلىش، ئالقانلارنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ تەنتەنە قىلىش؛ ھۆرمەت بىلدۈرۈش، قارشى ئېلىش: ئۇ خەلق ئاممىسىغا قاراپ ھاياجانلانغان ھالدا: «كۆپچىلىك ئالقىشلاڭلار، بىز غەلىبە قىلدۇق» دەيدۇ.

**ئالماس** ئى ① سۈزۈك يالتىراق، قىممەت باھالىق تەبىئىي تاش. كۆپىنچە تاراشلاپ پارقىرىتىلىپ زىننەت بۇيۇمى قىلىنىدۇ. باھاسى ناھايىتى قىممەت: ئۇنىڭ دادىسى ناھايىتى باي ئىكەن، ئىچكىرىدە ئالماس سودىسى قىلارمىش. ② بىر خىل كېسىش ئەسۋابى، كۆپىنچە ئەينەك قاتارلىق نازۇك ھەم چۈرۈك نەرسىلەرنى كېسىشكە ئىشلىتىلىدۇ: ئۇنىڭ بار-يوق دەسمايىسى بىر ئالماس، بىر كىچىك يەشىك ۋە بىر نەچچە پارچە ئەينەكتىن ئىبارەت ئىدى.

**ئالمان-تالمان** ئالدىراپ-سالدىراپ، ئۇپۇل-تۇپۇل، ئالدىراش-تېنەش: مەن قەلەمنى ئالمان-تالمان يانچۇقۇمغا سالدىم.

مەنداش سۆزى: تېز، ئىتتىك، ئالدىراپ.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئارامخۇدا، ئالدىرىماي، ئاستا.

**ئامال (ئامالى)** ئى. چارە-تەدبىر، ئۇسۇل، ئىلاج: ئۇ ئۆز-ئۆزىگە «ئۇلارنى تېزرەك ئۆستۈرىدىغان ئامال تاپىسام بولمىدى» دەپتۇ.

مەنىداش سۆزى: چارە، ئۇسۇل.

**ئامالسىز** رەۋ. ئامال تاپالماي، ئىلاج قىلالماي، چارىسىز، ئىلاجسىز: مەن ئاخىرى ئامالسىز قىلىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم.

مەنىداش سۆزى: چارىسىز، ئىلاجسىز.

**ئامانەت** ① سۈپ. ۋاكالىتەن ساقلاپ بېرىش ياكى بىرەر كىشىگە يەتكۈزۈپ بېرىش شەرتى بىلەن بېرىلگەن، ساقلاپ بېرىشكە ياكى تۇتۇپ تۇرۇشقا بېرىلگەن: مەن بانكىدىكى ئامانەت پۇلنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ چىقتىم. ② ئى. ۋاكالىتەن ساقلاش، تۇتۇپ تۇرۇش ياكى شۇنداق شەرت بىلەن بېرىلگەن نەرسە: ئۇ پۇل ساقلايدىغان قۇتىسى ئىچىدىكى پۇلنى بانكىغا ئامانەت قويدى.

**ئامانەت-قەرز كوپېراتىپى** يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ شەخسىي ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قۇرۇلغان پۇل ئامانىتى ۋە قەرز ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان كوپېراتىپ: كىشىلەرنىڭ ئارتۇق پۇللىرىنى بانكىغا ياكى ئامانەت-قەرز كوپېراتىپىغا قويۇشى ئامانەت قويۇش دېيىلىدۇ.

**ئاممىۋى** سۈپ. خەلقنىڭ، ئومۇمنىڭ ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئاممىغا ئائىت ياكى ئامما ئارىسىدا ئىشلىتىلىدىغان، ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان: قاتناش ئەسلىھەلىرى، ئاممىۋى ئەسلىھەلەر ۋە تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى يېزىغا قارىغاندا شەھەرلەردە كۆپ بولىدۇ.

مەنىداش سۆزى: ئىجتىمائىي.

**ئاممىۋى سورۇن** قاتناشقۇچىلار نىسبەتەن كۆپ بولغان تۈرلۈك يىغىلىش، مۇراسىم، سەنئەت ياكى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى، چاي، زىياپەت، كۆڭۈل ئېچىش يىغىلىشى،

سودا-سېتىق ئىشلىرى بولۇۋاتقان ئورۇنلار، ئومۇمەن كىشىلەر كۆپ يىغىلغان پائالىيەت ياكى جاي: تارقىلىشچان زۇكام پەيدا بولىدىغان پەسىللەردە ئاممىۋى سورۇنلارغا ئاز بېرىش كېرەك.

**ئاۋارە** سۈپ ① خاتىرجەملىكتە ئېرىشەلمىگەن، تىنىم تاپالمىغان، سەرسان-سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن؛ قىينالغان، ئامالسىز، چارىسىز قالغان: ئۇ تۇرمۇش دەردىدە كۆپ جاپا چەككەن كىشى بولۇپ، ھېلىمۇ ناھايىتى ئاۋارە ئىدى. ② (بىرەر ئىش-ھەرىكەت بىلەن) قىينىلىپ ھەپىلەشكەن، مەشغۇل، بەند بولۇپ قىينىلىۋاتقان: ھارۋىكەش كوچىدا ئېتى بىلەن ئاۋارە ئىدى. ③ ئاجىز، ئورۇق، جۈدەڭگۈ: ئۇ ناھايىتى ئاۋارە بىر قوينى يېتىلەپ كەپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** جاپاكەش؛ ئاجىز.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خاتىرجەم.

**ئاۋارە قىلىش** قىيناپ قويۇش، كايىتىش، جورىتىش، مالال قىلىش: بىز ئازغىنە ئىش ئۈچۈن ئۇنى ئاۋارە قىلغىنىمىزغا ئەپسۇسلاندۇق.

**مەنىداش سۆزى:** پاراكەندە قىلىش، جوۋىتىش، مالال قىلىش.

**ئاۋايلاش** پ. ئېھتىيات بىلەن ئاسراش، ئاياش؛ دىققەت قىلىش: باغۋەن بوۋلارنى ئاۋايلاپ يىلتىزىدىن قومۇرۇۋاپتۇ-دە، كۈن نۇرى چۈشىدىغان، ئۇسساپ قالمايدىغان ئەپلىك بىر يەرگە كۆچۈرۈپ قويۇپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئاسراش، ئاياش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بىزەپ قىلىش، بۇزۇش.

**ئائىلىۋى** سۈپ. ئائىلە ئىچىدىكى ياكى ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى؛ ئائىلىگە تېگىشلىك ياكى ئۆي ئىچىدە بولىدىغان: بىز بۈگۈن «ئائىلىۋى قۇتقۇزۇش» دېگەن دەرسنى ئوقۇدۇق.

**ئاياش** I پ ① ئاۋايلاش، ئاسراش، ئېھتىيات قىلىش؛ تېجەش، ئىقتىساد قىلىش: ئۇ ئۆزىنىڭ نەرسىلىرىنى ناھايىتى ئاياپ ئاز ئىشلىتىدۇ. ② ھۆرمەتلەش، قەدىرلەپ ئابرۇي-ئىناۋىتىنى قىلىش، يۈز-خاتىرە قىلىش: — مەن سىزنى قىز دەپ ئاياپ گەپ قىلمىسام، قايناپلا

كەتتىڭىزغۇ! — دېدى يىگىت خىجالەت بولۇپ.
**مەنىداش سۆزى:** ئاسراش، ئاۋايلاش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بېزەپ قىلىش، بۇزۇش.

**ئاياش** II ئى ① يېقىن دوستلىشىپ ئۆتكەنلەر بىر-بىرىنىڭ خوتۇنلىرىنى ھۆرمەتلەپ ئاتاشتا قوللىنىدىغان ھۆرمەت نامى.
② قىرغىز ئايال: ئۇ بىر ئاياشتىن ئىككى ئاپقۇر سۇزمە سېتىۋاپتۇ.

**ئاينىش** پ ① يىلتىز تارتىپ تۇتۇش، كۆكلەپ كۆپىيىش، باراقسانلاش (ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدە): خوپ ئاينىدى كۆچەتلەرمۇ چېچەكلەپ،/ مېۋە ئالدۇق كۆزدە راسا ئېتەكلەپ. ② كۆپىيىش، ئاۋۇش، زورىيىش: جەمەتىمىزدىكىلەر كۆپىيىپ خېلى ئاينىپ قالدۇق. ③ كۆچمە. ئەسلىدىكى ساق، بىجىرىم ھالىتىنى يوقىتىپ بۇزۇلۇش؛ يامان تەرەپكە قاراپ ئۆزگىرىش: ئۇ بىلمەي ئاينىپ قالغان گۆشنى يېۋاپتۇ. ★ ئالىم ھازىر ئاينىپ كەتتى، ئۇنىڭغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ④ كۆچمە. ئەسلىدىكى پىكرىدىن، نىيىتىدىن يېنىش، پىكىر-نىيىتىنى ئۆزگەرتىش: ما دوتەيىنىڭ خېتىنى مەندىن ئالدىڭىز،/ ئەمدى نېچۈن بىلمىدىم ئاينىپ قالدىڭىز؟ ⑤ كۆچمە. ئەقلىدىن ئېزىش، ئېلىشىپ قېلىش، ساراڭ بولۇش: بىز ھېچ بىلەلمىدۇق، ئۇ بىر كېچىدىلا ئاينىپ قالدى. ⑥ كۆچمە. ئېلىشىش، قەي قىلغۇسى كېلىش: ئۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئاينىپ كەتتى.
**مەنىداش سۆزى:** ئاۋۇش؛ ئېلىشىش، بۇزۇلۇش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئازىيىش.

**ئايىغى ئۈزۈلمەي** كەينى-كەينىدىن، ئىزمۇئىز، ئۈزۈلۈكسىز، ئارقىمۇئارقا، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى: ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ-كېتىشلىرى ماڭا تىخىمۇ ئارام بەرمەيتتى.

**ئايىماستىن** ئاياپ تۇرماستىن، قوغداپ ھېمايە قىلماستىن، ئاسرىماستىن: ئۇ خەلق ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى قىلچە ئايىماستىن دۈشمەنلەر بىلەن قاتتىق ئېلىشتى.

**ئايىملىق** ئى. ھەممە كىشى ھۆرمەت بىلەن قارايدىغان ئۇلۇغ ئاياللىق مەرتىۋىسى، ئاياللار ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى نوپۇزلۇق سالاھىيەت، خانىشلىق: ئەمدى زادى ئاددىي خوتۇن بولالمايمەن، ئىپسلزادە ئايىملىقنى مەن خالايمەن.

# ئە

**ئەبجىقى چىقىش** بۇزۇلۇپ ياكى كونىراپ كاردىن چىقىش، ئىشلەتكىلى بولمايدىغان، يارىمايدىغان بولۇپ قېلىش: ئەمدى ئىلگىرىكى ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن كونا ئۆيلەردىن ئەسەرمۇ قالمىدى.

مەنىداش سۆزى: بۇزۇلۇش، ۋەيران بولۇش، كاردىن چىقىش.

**ئەپت-بەشىرە** ئى. (ئادەم ئالدايدىغان، ساختا، يامان نەرسە-لەرنىڭ) زەھەرلىك قىياپىتى، يامان كۆرۈنۈشى؛ ساختىلىق، ئالدامچىلىققا تولغان ماھىيەت، ئومۇمىي كۆرۈنۈش: خۇراپىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەقىقىي ئەپت-بەشىرىسىنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىش كېرەك.

مەنىداش سۆزى: ساختا كۆرۈنۈش، ئالدامچىلىق.

**ئەپسۇن** ئى. سېھىر قىلىش، پال سېلىش مەقسىتىدە ئوقۇ-لىدىغان ھەر خىل دۇئالار: پالچى بىر نېمىلەرنى دەپ ئەپسۇن ئوقۇپ، قولىدىكى ئۇششاق تاشلارنى يەرگە چاچتى.

**ئەپلەپ-سەپلەپ** ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئامال تېپىپ، ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە تۈرلۈك چارە- تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، پەم بىلەن ئىش كۆرۈپ: بىز ئاشۇ زۇلمەتلىك كۈنلەردە ئۆز ئەمگىكىمىز ئارقىلىق جېنىمىزنى ئەپلەپ - سەپلەپ باقتۇق.

**ئەپلىك** سۈپ. بىر ئىشلارغا قولاي، ئاسان، ناھايىتى مۇۋاپىق، ئەپچىل: قەرەلسىز پۇل ئامانەت قويسا، بىرقەدەر ئەپلىك بولىدۇ.

مەنىداش سۆزى: مۇۋاپىق، قولايلىق، ئەپچىل.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئەپسىز، بىئەپ، قۇلايسىز، نامۇۋاپىق.

**ئەپۇ قىلىش** گۇناھىدىن ئۆتۈش، كەچۈرۈش، كۆڭۈلدىكى غۇم- ئاداۋەتنى چىقىرىۋېتىش، سالاۋات قىلىش: قوشنىلار بىلەن بىللە ئۆتۈشتە ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئۆزئارا چۈشىنىشىش، ئۆزئارا ئەپۇ قىلىشىش كېرەك.

**مەنىداش سۆزى:** كەچۈرۈش، سالاۋات قىلىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاداۋەت ساقلاش، ئۆچلۈك قىلىش.

**ئەتىۋارلىق** سۈپ. قەدىرلىك، قىممەتلىك، ئەزىز؛ ئاسراشقا تېگىشلىك، ئەتىۋارى بار: ئۇ ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلىق نەرسىلىرىنى بىرىنمۇ قويماي ئالىمغا بېرىۋەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** قىممەتلىك، ئالىي، ياخشى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئەتىۋارسىز، تاشلاندۇق، غورىگىل.

**ئەجداد (ئەجدادى)** ئى. ئۆز ئۇرۇق- نەسەبى ئىچىدىكى ئۆزىدىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن كىشى، بوۋا- مومىلىرى ياكى ئاتا-بوۋىلار: بىزىدىكى كىشلەر ئەجدادلىرىدىن تارتىپ بىرلا جايدا ياشايدۇ، بىر- بىرى بىلەن دەۋرمۇدەۋر تونۇش بولىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** نەسەب.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئەۋلاد.

**ئەجدىھا (ئەجدىھاسى)** ئى ① رىۋايەتلەردە تەسۋىرلىنىدىغان ئەپسانىۋى چوڭ يىلان، يەپ تويمايدىغان، ھەممىنىلا يۇتالايدىغان ياۋۇز غەلىتە مەخلۇق: ئۇلار ئەجدىھا بىلەن ئۈچ كېچە-كۈندۈز توختىماي ئېلىشىپتۇ، ئاخىرى ئەجدىھا ھالىدىن كېتىپ ئۇلارغا يول بېرىپتۇ. ② كۆچمە. قانخور، زالىم، ياۋۇز، ۋەھشىي ئەبلەخ: ساۋۇت بەگ دېگەن بىر ئەجدىھا، نېمىنى كۆرسە شۇنى يۇتمەن دەپلا تۇرىدۇ.

**ئەجىر (ئەجرى)** ئى ① ئىشلەنگەن ئەمگەك، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن قىلىنغان مېھنەت، خىزمەت: ئۆتمىسۇن ھەرگىز ئۆمرۈڭ مەنىسىز،/ ئىجادىڭ ۋە تۆھپەڭ ھامان مول بولسۇن./ ئۆگىنىش، ئەمگەك، ئەجرىڭ، تەرىڭدىن،/ ئانا يۇرت باغرى گۈللەرگە تولسۇن. ② **كۆچمە.** غەمخورلۇق، كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈپ تەربىيىلەش ياكى شۇلار ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن ياخشىلىق، تەربىيە: بىزنىڭ ياخشى ئوقۇشىمىزدا مۇئەللىملەرنىڭ ئەجرى ناھايىتى كۆپ بولدى.

**مەنىداش سۆزى:** مېھنەت، ئەمگەك؛ غەمخورلۇق.

**ئەدىب** ئى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازىدىغان ۋە يازغانلىرى ئۆز خەلقى ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان كىشى، تەسىرى بار يازغۇچى، تونۇلغان قەلەمكەش: مەن بۈگۈن دادامدىن ئۇلۇغ ئەدىب ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ كەلدىم.

**ئەرەنچە** سۈپ. ئەرلەر ئۇسلۇبىدىكى، ئەرلەرنىڭكىدەك، ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشاش؛ ئەرلەرگە خاس، ئەرلەرگە مەنسۇپ: ئەسكىرىي فورمىدا ئەرەنچە تىكىلگەن جۇۋا ئۇلارنىڭ گەۋدىسىگە ئانچە لايىق كەلمىگەنىدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئەرچە.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئايالچە.

**ئەرك** ئى. ئۆز خاھىشى بويىچە ياشاش ھوقۇقى؛ ئەركىنلىك، ئازادلىق: شەپقەت ھەمشىرىلىرىمىزمۇ خەلقنىڭ ئەركى ئۈچۈن دۈشمەنگە قارشى كۈرەش مەيدانىدا شېھىت بولغان قەھرىمانلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئەركىنلىك، ئازادلىق، ھۆرلۈك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** مەھكۇملۇق، قۇللۇق.

**ئەركىنلىك** ئى. تۈرلۈك چەكلىمىلەردىن خالىي، ئازادە، بەختىيار تۇرمۇش، ئۆز ھوقۇقى ئۆز قولىدا بولغان خاتىرجەم ھالەت، ئازادلىق: دۈشمەن بىلەن ئەركىنلىك ئۈچۈن جەڭ قىلىش ئەلەرنىڭلار بۇرچى بولۇپ قالماي، بەلكى قىزلارنىڭمۇ بۇرچى.

مەنىداش سۆزى: ئازادلىق، ھۆرلۈك، ئەرك.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: مەھكۇملۇق، قۇللۇق، ئەركسىزلىك.

**ئەرمەك بولۇش** مەلىكە بولۇش، مەشغۇل بولۇش، شۇغۇللىنىش، ھەپىلىشىش: ئۇ بىكار چاغلىرىدا كەپتەرلىرى بىلەن ئەرمەك بولۇپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتتى.
مەنىداش سۆزى: ھەپىلىشىش، بىللە بولۇش.

**ئەزرائىل** ئى. ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئادەملەرنىڭ جېنىنى ئېلىشقا مەسئۇل بولغان، ئادەملەرنىڭ جېنىنى ئالىدىغان ئەجەل پەرىشتىسى، جاننى ئالىدىغان مەخلۇق: ئۇ جان ئالغۇچى ئەزرائىل! يەنە مۇشۇنداق ئىشلەۋېرىدىغان بولساق، ئاز كۈندىلا ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمىز!

**ئەزىز** سۈپ. ئىززەت-ھۆرمەتكە ئىگە، قەدىرلىك، سۆيۈملۈك؛ ئەتىۋارلىق، بىباھا، قىممەتلىك: بىز ئەزىز دىيارىمىزنى سۆيىمىز.
مەنىداش سۆزى: قەدىرلىك، ئېسىل، ئەتىۋارلىق.
قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزى: خار، قەدىرسىز، ناچار.

**ئەسەر** I ئى. ① بىرەر نەرسىدىن قالغان ياكى ئۇنىڭدىن دېرەك بېرىدىغان ئىز، بەلگە، ئالامەت، تەسىر: ئەمدى ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن كونا ئۆيلەردىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ② نېرۋا ئاجىزلىق كېسىلى، ساراڭلىق؛ كاجلىق، تەتۈرلۈك: بۇ گەپنى ئاڭلاپ، مەخمۇتنىڭ يەنە ئەسىرى تۇتتى.
مەنىداش سۆزى: ئىز، بەلگە، تەسىر؛ ساراڭلىق، تەتۈرلۈك.

**ئەسەر** II ئى. يېزىپ پىششىقلانغاندىن كېيىن كۆپچىلىكنىڭ ئوقۇشى، پايدىلىنىشى ئۈچۈن مەخسۇس كىتاب قىلىپ ياكى گېزىت-ژۇرناللارغا بېرىپ ئېلان قىلىنغان ۋە ياكى قول يازما ھالىتىدە تارقىلىپ يۈرگەن يازما بايان، تۈرلۈك يازما بايانلار: ئۇ يەنە بىرگە ئەسەر ئېلان قىلدى.

**ئەسكەرتىش** پ. چۈشەندۈرۈپ ئېسىگە سېلىش، يادىغا چۈشۈرۈش، ئاگاھلاندۇرۇش، تەكىتلەش: ئوخشاش بولمىغان يول بۆلەكلىرىدە ئوخشاش بولمىغان قاتناش بەلگىلىرى بولۇپ، شوپۇرنىڭ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى.

**مەنىداش سۆزى:** ئاگاھلاندۇرۇش، تەكىتلەش.

**ئەسكىرىي** سۈپ. ئەسكەرلەرگە خاس بولغان، ئەسكەرلەرگە مۇناسىۋەتلىك ياكى ئەسكەرلەرگە تەئەللۇق بولغان، ئەسكەرچە، ھەربىيچە: ئەسكىرىي فورمىدا تىكىلگەن جۇۋا ئۇلارنىڭ قامەتلىك بەستىگە تازا ياراشقانىدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئەسكەرچە، ھەربىي.

**ئەسلەش** پ. ئەسكە ئېلىش، خىيالىغا كەلتۈرۈپ ئويلاش، قايتىدىن خىيال قىلىپ يادلاش، يادىغا كەلتۈرۈش: مەن شۇ قېتىمقى ئىشنى ئەسلەپ بەك خىجىل بولدۇم.

**مەنىداش سۆزى:** ئەسكە ئېلىش، يادىدىن ئۆتكۈزۈش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۇنتۇش، ئەستىن چىقىرىش.

**ئەيىبلەش** پ. ئەيىبلىرىنى تىلغا ئېلىپ تەنقىدلەش، سۆكۈش، گۇناھ قويۇش، نۇقسانلىرىنى يۈزىگە سېلىپ سەتلەشتۈرۈش: بۈگۈن ئۆيىگە بېرىشىمغىلا دادام مېنى يوق ئىشقا بىرمۇنچە ئەيىبلەپ، بەك خاپا قىلدى.

**مەنىداش سۆزى:** سۆكۈش، تەنقىدلەش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ماختاش، مەدھىيىلەش، داڭلاش.

**ئەسلىھە (ئەسلىھەسى)** ئى. مۇناسىۋەتلىك ئىش-پائالىيەتلەردە ئىشلىتىلىدىغان مەلۇم قۇرۇلمىغا ئىگە بولغان، يەنى قۇراشتۇرۇپ تەييارلانغان ئۈسكۈنە ياكى جابدۇق-سايمان، جاھاز: بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق.

**مەنىداش سۆزى:** قورال-سايمان، جابدۇق، ئۈسكۈنە.

**ئەكچىش** پ. ئارتۇق نەملىكى كۆتۈرۈلۈپ نەمخۇش ھالەتكە كېلىش، سۇيى قېچىش، چالا قۇرۇش: باھار ئاپتىپىنىڭ تەپتىدىن توڭلار ئېرىپ، يەرلەر خېلى ئەكچىپ قالدى.
مەنىداش سۆزى: قۇرۇش، نېمى قېچىش.

**ئەگىلىش** پ. ئايلىنىش، بۇرۇلۇش ياكى ئايلىنىپ، بۇرۇلۇپ مېڭىش، قايرىلىش: چوڭ تاشيوللاردىكى جىددىي ئەگىلىدىغان جايلاردا ئەگىلىش بەلگىسى بولىدۇ.
مەنىداش سۆزى: ئايلىنىش، بۇرۇلۇش، قايرىلىش.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئۇدۇللىنىش، تۈزلىنىش.

**ئەگىم** ئى. يول، ئېقىن قاتارلىقلارنىڭ قايرىلغان، ئەگىلگەن جايى: ئۆيدىن چىقىپ قانداق كوچا ياكى چىغىر يولدىن مېڭىپ ياكى قانداق ئەگىمدىن ئۆتۈپ مەكتەپكە بارىدىغانلىقىنى ھەممە ساۋاقداشلار بىلىدۇ.
مەنىداش سۆزى: ئايلانما، ئايلانچۇق.

**ئەمەل قىلىش** رىئايە قىلىش، بويسۇنۇش؛ ئاساسلىنىش، ئىجرا قىلىش: بىز سىزنىڭ دىگەنلىرىڭىزگە ئەمەل قىلىپ، بۇ يەردىن بىر قەدەممۇ يىراق كەتمىدۇق.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: قارشى تۇرۇش، زىتلىشىش.

**ئەمەلىي** سۈپ. ئەمەلىيەتتە بولغان، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەن ياكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان، ھەقىقىي، رېئال: ئۇلار كۆپ قېتىملىق ئەمەلىي تەجرىبە ئارقىلىق ئۆز قىياسلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.
مەنىداش سۆزى: ھەقىقىي، رېئال.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ساختا، يالغان.

**ئەمر** ئى ① بۇيرۇق، پەرمان، يارلىق: دۇنيادا مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتىدىغان كۆچتۈڭگۈر يوق! بۇنىڭدىن كېيىن ھەممىڭلار مېنىڭ ئەمرىمگە بويسۇنۇڭلار. ② ئىختىيار، ئىختىيارلىق؛ ئىلىك؛ نىكاھ: شاھ ئاخىرى ئۇ قىزنى ئەمرىگە ئاپتۇ.
مەنىداش سۆزى: پەرمان، بۇيرۇق؛ نىكاھ.

**ئەنئەنىۋى** سۈپ. ئۇزاق زامانلاردىن بېرى بىر خىل داۋاملىشىپ ئادەت بولۇپ قالغان، ئەنئەنىگە ئايلانغان، ئەنئەنە بولۇپ كەتكەن: ئادەم كۆچى ۋە ئۇلاغ كۈچىگە تايىنىپ، ئاددىي قوراللاردىن پايدىلىنىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكىدۇر.

**مەنىداش سۆزى:** ئەنئەنىلىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** زامانىۋى، يېڭىچە.

**ئەندىكىش** پ. تاسادىپىيلىقتىن چۆچۈپ سىلكىنىپ كېتىش، شۈركىنىش، چۆچۈش، تۇيۇقسىزلا قورقۇنچ ھېس قىلىش: بىردىنلا ئېرىق بويىدىكى بىر نەرسىگە كۆزۈم چۈشكەندە، ئەندىككىنىمدىن ۋارقىرىۋەتتىم: — قەلەم!؟...

**مەنىداش سۆزى:** سىلكىنىش، شۈركىنىش، چۆچۈش.

**ئەنسىرەش** پ. ئەندىشە قىلىش، غەم قىلىش، قايغۇرۇش، ئەنسىزلىك ھېس قىلىش: سۇغۇرتىغا قاتناشسا، كىشىلەر ئەنسىرەشتىن خالىي بولالايدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** قايغۇرۇش، قورقۇمسىراش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خاتىرجەم بولۇش، كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈش.

**ئەۋرىشكە** ئى. مەلۇم بىر خىلدىكى نەرسىنىڭ ئۈلگىسى، ئۆرنىكى سۈپىتىدە ساقلاپ قويۇش ياكى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن تاللاپ ئېلىنغان ئاز بىر قىسمى، ئۈلگە قىلىنىدىغان بۇيۇم، ئۆرنەك، نۇسخا: ساياھەت قىلغاچ ئەۋرىشكە يىغقاندا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ خىلىنى ئوبدان ئايرىش كېرەك.

**ئەۋزەل** سۈپ. ياخشى، ئوبدان، (باشقا بىرسىدىن) ئەلا، ئارتۇق: ئىلىم-پەن ھەممىدىن ئەۋزەل،/ ئىلىم ئۆچمەيدىغان مەشئەل./ ئىلىمدەك قەدىرلىك نەرسە،/ جاھاندا بارمۇ ئىنسانغا.

**مەنىداش سۆزى:** ياخشى، ئوبدان.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ناچار، قالاق.

**ئەۋلىيا (ئەۋلىياسى)** ئى. دىندار كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە گويا ئاجايىپ كارامەتلەرگە ئىگە، مۆجىزە يارىتالايدىغان، بىر ئىشلارنى ئالدىن بىلەلەيدىغان ھەم كارامەت كۆرسىتەلەيدىغان ئالاھىدە ئادەم؛ دانىشمەن ئۇلۇغ ئادەم: بوۋاي ئۇ كىشىنى كۆرۈپ گويا ئەۋلىيانى كۆرگەندەك ئاجايىپ بىر ھۆرمەتتە ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى.

**ئەينەكچى** ئى. ئەينەك سېلىش، سېتىش ۋە ئەينەكتىن خىلمۇخىل شەكىلدىكى بۇيۇملارنى ياساپ سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى، ئىشىك-دېرىزە كۆزنەكلىرىگە ئەينەك سالغۇچى كىشى: ئايالنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ: — ھوي ئەينەكچى گاداي! تېخى مېنىڭ نانلىرىمنى ياراتمىدىڭمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

## ب

**باخشى** ئى. دۇئا ئوقۇپ دەم سېلىپ ياكى تۈرلۈك باغلاپ پېرە ئويناپ «روھىي كېسەللەر ياكى نېرۋا كېسەللىرىنى داۋالايمەن» دەپ يۈرۈيدىغان خۇراپىي كىشى، پېرىخون، داخان: باخشى بالىنىڭ كارىۋىتى ئالدىغا بېرىپ قاراپ قويۇپ «بۇ بالىغا جىن چاپلىشىۋاپتۇ» دەپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** پېرىخون، داخان.

**باراڭلىق** ئى. كۆلىمى كەڭ، خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلغان باراڭ ياكى شۇنداق باراڭ بىلەن قاپلانغان جاي: يۈرتۇم قىزى ئۈزۈم ئۈزەر باراڭلىقتىن،/ ئۈزۈملىرى پىشقان تولۇق، ياقۇت رەڭدە./ تېتىغاندا يۇرتىمىزنىڭ نېمىتىنى،/ بىر ئاجايىپ شېرىن ھۇزۇر كېزەر تەندە.

**بازار رىقابىتى** بازاردا ئۈستۈنلۈك تالىشىش ياكى بازارنى ئىگىلەش كۈرىشى، بازار تالىشىش: قايسى زاۋۇتنىڭ مەھسۇلات سۈپىتى يۇقىرى بولسا، شۇ زاۋۇت بازار رىقابىتىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ.

**باش چۆكۈرۈپ ئىشلەش** باشقا ھېچنېمە بىلەن ھېسابلاشماي پۈتۈن ئوي-خىيالى بىلەن بېرىلىپ ئىشلەش، پۈتۈن ئەس-يادى بىلەن ئىشلەش: ئۇ بىر ئاي باش چۆكۈرۈپ ئىشلەش ئارقىلىق ئاخىرى بۇ نەتىجىنى ياراتتى.

**باشپاناھسىز** سۈپ. پاناھ بولىدىغان، يار-يۆلەكتە بولۇپ قوغدايدىغان، ھىمايە قىلىدىغان يېرى ياكى ئادىمى قالمىغان، باشپاناھى يوق: موماي ئۆلۈپ كېتىپ ئالماس باشپاناھسىز قالدى. ★ — ئۆيىمىز ئۆرۈلدى، باشپاناھسىز قالىدىغان بولدۇق، — دېدى موماي ھەسرەتلىنىپ.

**مەنىداش سۆزى:** ھىمايىچىسىز، ئىگىسىز.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** باشپاناھلىق.

**باغلاش** پ ① ئارغامچا، تانا، يىپ قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن بىرەر نەرسىنى ھىم، چىڭ قىلىپ تېڭىش، چىگىش: ئۇلار ئالمىنى تۈۋرۈككە باغلاپ قاتتىق ئۇرۇپتۇ. ② تۈگۈچ سېلىپ ئۇلاش، چىگىش: ئۇ ئالدىرىماستىن بەتىنكىسىنىڭ بوغقۇچىنى باغلاپ ئولتۇراتتى. ③ كۆچمە. مۇناسىۋەتلەشتۈرۈش، ئۆز ئارا ئايرىلالمايدىغان دەرىجىدە يېقىنلاشتۇرۇش، چېتىشتۇرۇش: ھازىرقى زامان خەت ئالاقىسى سىزنى باشقىلار بىلەنلا باغلاپ قالماستىن، يەنە سىزنى جەمئىيەت بىلەنمۇ باغلاپ تۇرىدۇ. ④ ئېتىش، تۇسۇش، تۇتۇش: بىز قولياغلىق بىلەن ئالمىنىڭ كۆزىنى باغلاپ قويغاندۇق. ★ دادامىلار سۇنى باغلاپ، باغقا باشلىدى. ⑤ كۆچمە. ئورنىتىش، تۇرغۇزۇش، تىكلەش؛ (مەلۇم بىر نەرسە ياكى ھالەتنى) بەرپا قىلىش، بارلىققا كەلتۈرۈش: بىز ھويلىغا يېڭىدىن سۇپا باغلىدۇق. ★ دادام ماڭا ناھايىتى چوڭ ئىشەنچ باغلىغانىدى

**مەنىداش سۆزى:** چىگىش، تېڭىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يېشىش، بوشىتىش.

**باغىرلاش** پ. باغرىنى، يەنى ئېتەك، قاپتىلىنى بويلاپ مېڭىش، باغرىنى بويلاپ ئالغا يۈرۈش، باغرى ئۈستىدە مېڭىش: ھەققىي يەل بېرىلگەن پاراخوتلار خەندەكلەر ئۈستىدىنمۇ ھالقىپ ئۆتەلەيدۇ،

شۇنداقلا تاغ باغىرلاپ يۇقىرى ئۆرلىيەلەيدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** قاپتاللاش.

**باكتېرىيە** ئى. جانلىقلار تېنىدىكى ھەرىكەتلىنەلەيدىغان ئەڭ كىچىك يەككە تەنچىلەرنىڭ (دانچىلارنىڭ) چوڭ بىر تۈرى. ئىنتايىن كىچىك بولۇپ مىكروسكوپ ئارقىلىق كۆزىتىشكە بولىدۇ. شەكلى شار، تاياق، بۇرما ياكى ياي قاتارلىقلارغا ئوخشاش كۆپ خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى كېسەللىك باكتېرىيىلىرى تۈرلۈك كېسەللەرنى پەيدا قىلىدۇ: بەدەن ئاجىزلاشقاندا كېسەللىك باكتېرىيىلىرى ئادەمنى ئاسانلا كېسەلگە گىرىپتار قىلىدۇ.

**بامبۇك** ئى. دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان كۆپ يىللىق باشاقلىق ئۆسۈملۈك. غولى سىلىندىر شەكلىدە بولۇپ، ئوتتۇرىسى كاۋاك، بوغۇم-بوغۇم. غولىنى قۇرۇلۇشلارغا، جابدۇق ياساشقا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. نوتىسىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ: كىشلەر بامبۇكتىن ياسالغان كانايچىغا گۈرۈچنى لىق قاچىلاپ دەرياغا تاشلاپتۇ.

**بانان (بانانى)** ئى. يىل بويى قىش بولمايدىغان ئىسسىق رايونلاردا ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق مېۋىلىك دەرەخ. مېۋىسى سەل ئەگرى ئۇزۇنچاق بولۇپ، تەمى تاتلىق، ئېتى يۇمشاق. مېۋىسىمۇ «بانان» دېيىلىدۇ: شال، بانان، چاي دەرىخى قاتارلىقلار ئىسسىقلىقنى ياخشى كۆرىدۇ.

**بانكا** I ئى. ئامانەت پۇللارنى ساقلاپ بېرىش، پۇل قەرز بېرىش، پۇل پېرېۋوت قىلىش قاتارلىق كەسىپلەر ئارقىلىق تىجارەت قىلىدىغان ئورون: ئارتۇق پۇلنى بانكىدا ئامانەت قويۇش ئۆزىمىزگىمۇ، دۆلەتكىمۇ پايدىلىق.

**بانكا** II ئى. شىشە ياكى مېتال بۇيۇملاردىن ياسالغان سىلىندىر شەكىللىك كىچىك ئىدىش، تۇڭ: ئۇ بۇگۈن بىر بانكا سۇمبىيى سېتىۋالدى.
**مەنىداش سۆزى:** باك، سۇدان، تۇڭ.

**باھا (باھاسى)** ئى ① مال ياكى نەرسىنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلەنگەن قىممىتى، نەرخى: سىلەر ماگىزىنلاردىكى نەرسىلەرنىڭ باھاسىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىغا دىققەت قىلدىڭلارمۇ؟ ② ئادەم، نەرسە ياكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ ياخشى-يامانلىقى ھەققىدە بېرىلگەن پىكىر ياكى چىقىرىلغان يەكۈن، شۇ ھەقتە بىلدۈرۈلگەن ئىپادە: مۇئەللىم بىزگە ياخشى باھا بەردى.

**باياشات** سۈپ. باي ھەم شاد-خورام، پاراۋان، راھەتلىك، پاراغەتلىك ھەم خاتىرجەم: ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئانچە باياشات ئەمەس ئىدى.

**مەنداش سۆزى:** باي، پاراۋان، دۆلەتمەن.

**قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزى:** يوقسۇل، نامرات، كەمبەغەل.

**بايقاش** پ. كۆزىتىپ بىلىش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھېس قىلىش، سېزىش؛ كۆزىتىش، دىققەت قىلىش: بىز ئۇلارغا بىقىنلاشقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قىز جەگچىلەر ئىكەنلىكىنى بايقىيالدۇق. ★ — ئالدى -كەينىڭنى بايقاپراق سۆزلە جۇمۇ! — دېدى ئۇ ئالىمنى ئاگاھلاندۇرۇپ.

**مەنداش سۆزى:** بىلىش، سېزىش.

**بەتتەر** سۈپ. ئىنتايىن ناچار، بەك ئەسكى، ناھايىتى يامان: ئۇنىڭ ھازىر ھالى بەتتەر، چوڭ ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ.

**مەنداش سۆزى:** ئەسكى، يامان، ناچار.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئوبدان، ياخشى.

**بەختكە يارىشا** ئىش ئوڭدىن كېلىپ، بەخت -تەلەي كېلىپ، ئامەت كېلىپ: بەختكە يارىشا دادام ئۇرۇشتىن سالامەت قايتىپ كەلدى.

**مەنداش سۆزى:** تەلەي كېلىپ، ئامەت كېلىپ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بەختكە قارشى.

**بەدەل** ئى ① بىرەر نەرسىنىڭ ئورنىغا بېرىلگەن ھەق، بىر نەرسىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان باشقا بىر نەرسە: ئاپتور ئاپىسىنىڭ «ئۇ ھەممىدىن تاتلىق» دېگەن سۆزىدىن پايدىلىنىپ، «ھالال ئەمگەك، ھالال پۇل»

بەدىلىگە كەلگەن لەززەتنى يازىدۇ. ② بىر ەر تەشكىلات ياكى پارتىيە-گۇرۇھ ئەزالىرى ئۆز تەشكىلاتى ياكى پارتىيە تەشكىلىگە قەرەللىك تۆلەپ تۇرىدىغان پۇل: مەن ئىنتىپاق ئەزالىق بەدىلىمنى تۆلەپ بولدۇم.

**بەدەن تېمپېراتۇرىسى** ئادەم ياكى جانلىقلار بەدىنىنىڭ ئىسسىقلىق دەرىجىسى. ئادەم بەدىنىنىڭ نورمال تېمپېراتۇرىسى 37.2℃ —36.5℃ بولىدۇ.

**بەرق ئۇرۇش** ① چاقناش، پارقىراش، يالتىراش: تاۋلىنىپ رەڭدار گىلەمدەك بەرق ئۇرار ئوتلاق-ئېتىز،/ قايىنغان يايلاق ھاياتى مىسلى ئۆركەشلىك دېڭىز. ② نامايان بولۇش، ئېنىق كۆرۈنۈش، ئىپادىلىنىش، بىلىنىش؛ ئۆرلەش؛ ئۇرغۇش، ئۇلغىيىش، زورىيىش، كۈچەيىش: مەسىلەن: ئۇنىڭ چىرايىدىن شادلىق تەبەسسۇمى بەرق ئۇرۇپ تۇراتتى. ★ قىزىدى ئۇسسۇل، ساما،/ دىللاردا شادلىق بەرق ئۇرۇپ.

**بەرىكەت** ئى. ئىلتىپات، ئىنئام، ئومۇمەن كۆپ خىل ئېھتىياجلارنى قاندۇرىدىغان، ھەممىگە يېتىدىغان ئۇنۇم، نەتىجە، مول-ھوسۇل، نەپ، پايدا ياكى شۇ تۈپەيلى بارلىققا كەلگەن باياشاتلىق، ئاسايىشلىق: ھەممە يورۇق چېھرىلەردىن ياغار شادلىق،/ چاللار مەمنۇن دارامەتنىڭ بەرىكىتىدىن./ ئۇلار خۇشال كۆزنى مۇنچە سېخىي قىلغان،/ دېھقانلارنىڭ ئەمگىكى ۋە غەيرىتىدىن.

**مەنداش سۆزى:** ئىلتىپات، ئىنئام.

**بەرىكەتلىك** سۈپ ① بەرىكىتى بار، بەرىكەت قىلىدىغان؛ ئاز بولسىمۇ كۆپكە يېتىدىغان، كۆپنى رازى قىلىدىغان، ئاينىشلىق، كۆپىيىشلىك: ئۇنىڭ سۇدېيىدىكى سۇ ناھايىتى بەرىكەتلىك ئىكەن، ھەممىمىزنى قاندۇردى. ② ئۇنۇملۇك، پايدىسى ۋە نەتىجىسى كۆپ، مول ھوسۇللۇق: بەرىكەتلىك كۆز كېلىپتۇ يۇرتىمىزغا،/ داستىخىنى شۇنچە كەڭرى، شۇنچە سېخىي.

**مەنداش سۆزى:** ئۇنۇملۇك، ھوسۇللۇق؛ ئاينىشلىق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: بەرىكەتسىز، ئۈنۈمسىز.

**بەزمە** ئى. كۆپ ئادەم توپلىشىپ يەپ-ئىچىپ ناخشا-ساز بىلەن ئۇسسۇل-تاماشا قىلىپ ئۆتكۈزىدىغان يىغىلىش، دوست-بۇرادەرلەرنىڭ يەپ-ئىچىپ، ساز چېلىپ ئۇسسۇل ئويناپ ئۆتكۈزىدىغان ئويۇن-تاماشىسى: شەھەر خەلقى ئۆز غالىبىيىتىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۈچ كېچە-كۈندۈز بەزمە قىلىپتۇ.

مەنىداش سۆزى: مەشرەپ، ئولتۇرۇش.

**بەست** ئى. قەددى-قامەت، گەۋدە، تەقى-تۇرق، بەدەن: مۇشۇ بەستىمىز بىلەن قورچاق ئوينىساق سەت ئەمەسمۇ؟ يۇرۇقلار، دادىلىرىمىزغا ياردەملىشەيلى.

مەنىداش سۆزى: قامەت، گەۋدە.

**بەگلىك** ئى ① قەدىمكى دەۋردىكى بۆلۈنمە ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان كىچىك دۆلەت، بۆلۈنۈپ چىققان كىچىك خانلىق: چۈيۈەن ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى چۇ بەگلىكىنىڭ بىر ۋەزىرى ئىدى. ② بەگلەرنىڭ ۋەزىپىسى ياكى ھوقۇق-مەرتىۋىسى، ئىش-ئەملى: ئۇنىڭ بوۋىسى بۇرۇن مۇشۇ يەردە بەگلىك قىلغانىكەن.

**بەل باغلاش** ① بەلۋاغ بىلەن بەلنى باغلاش، بەلگە بەلۋاغ چىگىش: چېلىشچىلار بەللىرىنى باغلاپ مەيدانغا چۈشتى. ② كۆچمە. مۇستەھكەم ئىرادە تۇرغۇزۇش، قەتئىي نىيەت قىلىش، ئەستايىدىل كىرىشىش: بىز ياخشى ئوقۇشقا بەل باغلىدۇق.

**بەنىشىرە** ئى. گۆشنى قىيما قىلىپ، قىيمىغا كۆك ئارىلاشتۇرۇپ جىلتە قىلىنغان خېمىردىن تۈگۈپ ئېتىلىدىغان بىر خىل تاماق: بولغاچ بۈگۈن بايرام كۈن،/ ئاستۇق لەۋھە-پلاكات./ كېيىپ يېڭى كىيىملەر،/ يېدۇق بەنىشىرە-شاكىلات.

**بەھۇزۇر** رەۋ. ھۇزۇر بىلەن، ھۇزۇرلىنىپ، راھەتلىنىپ، بىمالال؛ قىسىلماي، كەڭتاشا، خاتىرجەم، ئىختىيارىي: ئۇ كىرگەندە مەن ئۆيدە بەھۇزۇر ئۇخلاۋاتاتتىم.

**مەنىداش سۆزى:** ھۇزۇرلىنىپ، ئازادە، ئارامخۇدا.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قورۇنۇپ، قىسىلىپ.

**بلىنداژ (بلىنداژى)** ئى. ئۇرۇش مەيدانلىرىدا يەرنى قېزىپ تەييارلىغان ھەربىي ئىستىھكام ياكى گازارما. ئۇنى تەييارلاشتا يەرنى قېزىش بىلەن بىرگە يەنە بېتون، لاي، ياغاچ قاتارلىق ماتېرىياللار ئىشلىتىلىدۇ: ئۇلار پۈتۈن ئاكوپ، بلىنداژ، پوتەيلىرىدىن تىنىمسىز ئوت ئاچماقتا.

**مەنىداش سۆزى:** ئاكوپ، خەندەك، لەخمە.

**بورا** ئى. ئاقلاپ يېرىلغان قومۇش ياكى چىغدىن توقۇلغان، ياغاچ بىلەن ئۆي ياپقاندا ۋاسا ئۈستىگە يېپىش ياكى مېۋە-چېۋىلەرنى قۇرۇتقاندا يەرگە سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان توقۇلما بۇيۇم: ئايال ساھىبخانا پاخال بورا توقۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

**بوز يەر** بىرنەرسە تېرىلىپ باقمىغان، ئۆزلەشتۈرۈلمەي تاشلىنىۋېتىلگەن يەر: ئۇ توشقاندىن ئۆگىنىپ، بىر پارچە بوز يەرنى تېپىپ ئۆزلەشتۈرۈپتۇ.

**بوزاڭ** سۈپ. بوزارغان، بوز ھالەتتىكى؛ ئاسانلا توزاڭغا ئايلىنىدىغان، پۇر-پۇر چاڭ ئۆرلەپ تۇرىدىغان: باھار ئاپتىپىدا قۇرۇپ كەتكەن بوزاڭ توپىلىق يولدىن قويۇق چاڭ ئۆرلىدى.

**بوزەك قىلىش** پەس كۆرۈپ ياكى ھاقارەتلەپ خورلاش، ئانىي قىلىش، قەستەن خارلاش، كەمسىتىپ قىيناش: — «ھېچنېمە» دەيسەنغۇ؟ سېنى بىرى بوزەك قىلدىمۇ؟ — دېدىم مەن ئەھۋالنى بىلمەكچى بولۇپ.

**مەنىداش سۆزى:** ئانىي قىلىش، بوزەك تېپىش، خورلاش، قىيناش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئەركىلىتىش، ئوينىتىش، ئۇچۇرۇش.

**بوسۇغا** ئى ① ئىشىك، دەرۋازا كېشەكلىرىنىڭ ئاستىغا قويۇلغان توغرا ياغاچ ياكى خىش، تاش، سېمونت قاتارلىقلاردىن

قىلىنغان شۇ شەكىللىك توسما: مېنىڭ ئاشخانىغا كىرگىنىم راست، بوسۇغىدا ئولتۇرۇپ نېنىنى يېگىنىممۇ راست. ② كۆچمە. ئومۇمەن مەلۇم دائىرىگە، چەككە ئىگە نەرسىلەرنىڭ كىرىش ئېغىزى، ئالدى: بىز ھازىر 21-ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالدۇق.

**بوغچا** ئى. رەخت ياكى تېرىدىن تىكىلگەن، ئوقوغۇچىلار دەپتەر-قەلەملىرىنى سالىدىغان، دولىغا ئېسىش ياكى قولدا كۆتۈرۈشكە ئەپلىك قىلىپ تەييارلانغان سومكا، خالتا: بوغچىڭىزدىكى ئۆگىنىشتە ئىشلىتىدىغان بۇيۇملار بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

مەنىداش سۆزى: سومكا، پوپكا.

**بولكا** ئى. ئاق ئۇن (بۇغداي ئۇنى) نىڭ بولدۇرۇلغان خېمىرىدىن تەييارلىنىپ دۇخوپكىدا پىشۇرۇلىدىغان بىرخىل نان. ئۆزى ئۇزۇنچاقراق، بوش بولۇپ، ئىچى ھەرە كۆنىكىدەك كاۋاكچە-كاۋاكچە بولىدۇ. تەمى تاتلىق: ساۋاقداشلار، پېچىنە-پىرەنىك ياكى بولكىلارنىڭ بولاق خالتىلىرىنى يىغىپ كېلىڭلار.

**بوھتان** ئى. (بىرسىنى ئەيىبلەپ) يالغاندىن توقۇپ چىقىلغان جىنايەت ياكى يامان گەپ-سۆز، ئاساسى بولمىغان يالغان پىكىر، ساختا ئەيىب: دېمەك، مېنىڭ گېپىم يالغان؟!/ بۇ گۇناھىڭ ئاندىن يامان! / دۇنيادا يوق مۇنداق بوھتان ..... كۆرستمەن ئەمدى ساڭا.

مەنىداش سۆزى: تۆھمەت، يالا، قارا.

**بۇتخانا** ئى. بۇتنى ئىلاھ دەپ ئىشىنىدىغانلار، يەنى بۇددا دىنىنىڭ مۇرىتلىرى ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بۇت ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ تەييارلانغان ئۆي، بۇددا دىنىدىكىلەرنىڭ ئىبادەتخانىسى: ۋاڭچياڭنىڭ تاغىسى كەنت سىرتىدىكى بىر بۇتخانىغا بېرىپ پال ئاچقۇزۇپتۇ.

مەنىداش سۆزى: ئىبادەتخانا.

**بۇژغۇن** ئى. سۇيۇقلۇقلارنىڭ دولقۇنلىنىپ كۆۋەجىشىدىن

ھاسىل بولغان ئاق كۆپۈك: — دېڭىزنىڭ بۇژغۇنلىرى بولمىغان بولسا، مەن قىش بوۋاڭغا ياردەم قىلالمايتتىم! — دەپتۇ قۇياش موماي.

**مەنىداش سۆزى:** كۆپۈك.

**بۇيرۇق** ئى. چوڭلارنىڭ كىچىكلەرگە، قوماندانىنىڭ ئەسكەرلەرگە، رەھبەرلىكنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە چۈشۈرگەن ئاغزاكى ياكى يازما پەرمانى، پەرمان، ئەمر: — يولداشلار، قول بومبىسى ئېتىڭلار! — دەپ لىيەنجاڭ جەڭچىلەرگە بۇيرۇق بەردى.

**مەنىداش سۆزى:** پەرمان، ئەمر.

**بۆرەك** ئى. ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ سۈيدۈك ئاجرىتىش ئەزاسى، ئومۇرتقا سۆڭىكىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە بىردىن ئىككىسى بولىدۇ: جىددىي ھەرىكەتتىن كېيىنمۇ سۇنى جىق ئىچىشكە بولمايدۇ. بولمىسا، كۆپ مىقداردىكى سۇ قانغا ئارىلىشىپ يۈرەك ۋە بۆرەكنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىپ، تېزلا چارچىتىپ قويىدۇ.

**بېجىرىش** پ. (بىرەر ئىش ياكى مەسىلىنى) بىر تەرەپ قىلىش، ئورۇنداش، ھەل قىلىش، ئىشلەش، تەلەپ بويىچە ئادا قىلىش: بىر كۈنى ئۇنىڭ ئاپىسى ناھىيە بازىرىغا ئىش بېجىرگىلى كېتىپ، ئۇ ئۆيىدە يالغۇز قاپتۇ. ★ بۇ ئىشنى مەنمۇ بېجىرەلەيمەن.

**مەنىداش سۆزى:** ئورۇنداش، ئادا قىلىش، ئىشلەش.

**بېخىل** سۈپ. باشقىلارغا بىر نەرسىسىنى بېرىشنى خالىمايدىغان، قولىدىكىنى زادىلا باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا بەرمەيدىغان: بېخىل بايدىن سېخىي گاداي ياخشى(ماقال).

**مەنىداش سۆزى:** پىخسىق، گىرى، قىزغانچۇق، نامەرد.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سېخىي، مەرد، قولى ئوچۇق.

**بېقىندىلىق** ئى. باشقىلارغا بېقىنىش، باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز ئىش قىلالماسلىق، ھەممىلا ئىشتا باشقىلارغا تايىنىش، باشقىلارنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش: مۇستەھكەم ئىرادىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن بېقىندىلىقنى يېڭىپ، مۇستەقىللىقنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: مۇستەقىللىق.

**بېقىنىش** پ. ھىمايىسىدە، باشقۇرۇشىدا بولۇش، تايىنىش، يۆلىنىش: جەمئىيەت ئائىلىلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئائىلە جەمئىيەتكە بېقىنىدۇ.

مەنىداش سۆزى: بويسۇنۇش، تايىنىش، يۆلىنىش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: بېقىندۇرۇش.

**بېكەت** ئى. قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ توختاپ يولۇچى ياكى يۈكلەرنى چۈشۈرۈپ-قاچىلىشى ئۈچۈن مەخسۇس بەلگىلەنگەن ئورۇن، قاتناش قوراللىرى توختايدىغان جاي: ئۇلارنىڭ ئاشپۇزۇلى بېكەتكە يېقىن بولغاچقا، خېرىدارلىرى بەكمۇ كۆپ ئىدى.

**بېلەت ساتقۇچى** يولۇچى ياكى كۆرگۈچىلەردىن ھەق ئېلىنىدىغان قاتناش قوراللىرى ياكى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا بېلەت ساتىدىغان كىشى، بېلەتچى: بۇ ماقالىدە ئاممۋى قاتناش كەسپىدىكى شوپۇر ۋە بېلەت ساتقۇچىلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

مەنىداش سۆزى: بېلەتچى.

**بېلىقچىلىق** ئى. بېلىق بېقىش ياكى دەريا-دېڭىزلاردىن بېلىق تۇتۇپ سېتىش كەسپى، بېلىق بېقىش ئىشى: يېزا ئىگىلىكى تېرىقچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**بىباھا** سۈپ. قىممىتىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە يۇقىرى، باھاسىز ياكى تەڭداشسىز قىممەت، ئىنتايىن مۇھىم: بالىلار بىلىڭلار ۋاقىت قەدرىنى،/ بىباھا شۇنچە ئۇ بىزگە ھەممىدىن.

مەنىداش سۆزى: باھاسىز، قىممەت.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئەرزان، ئەرزىمەس.

**بىتاقەت** ① سۈپ. تاقىتى يوق، تاقەت قىلالمايدىغان؛ بەك ئالدىراڭغۇ، ئۆزىنى تۇتالمايدىغان: دادام بۇنداق ئىشلاردا بەك بىتاقەت ئادەم ئىدى. ② ئى. تاقەت قىلالماسلىق، تاقىتى تۈگىگەن، ئالدىراش ھالەت، ئالدىراشلىق، تاقەتسىزلىنىش: بىز يولۇڭغا قاراپ

بىتاقەت بولدۇق، ئاخىرى ئۇتتۇرلاپ ئالدىڭغا كەلدۇق.

**مەنىداش سۆزى:** تاقەتسىز، ئالدىراڭغۇ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تاقەتلىك، توختاملىق.

**بىتەرەپ** سۈپ. ئىككى ئوتتۇرىدا خالىس تۇرىدىغان، ھېچقايسى تەرەپكە قوشۇلمايدىغان ياكى يان باسمايدىغان، ھېچقايسى تەرەپ بىلەن ئىتتىپاق تۈزمىگەن: بۇ مەسىلىدە ئۇ باشتىن ئاخىر بىتەرەپ پوزىتسىيە تۇتۇپ كەلدى. ★ ئۇ بۇگۈنكى مۇنازىرىدە ئالىمنىڭ بىتەرەپ تۇرغانلىقىدىن ناھايىتى نارازى بولدى.

**بىچارە** سۈپ ① ھال-كۈنى ناچار، موھتاجلىقتا، كەمبەغەللىكتە كۈن كەچۈرىدىغان، كەمبەغەل، نامرات: بايلار ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە غېرىبلارغا، بىچارە كىشىلەرگە ياردەم قىلىشى كېرەك. ② ئامال-چارىسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغان، ئامال قىلالماي قىيىنچىلىقتا قالغان، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغان، تەلەيسىز، بەختسىز: — يۈرۈڭ، — دېدى ئەخمەتجان، — ياردەم قىلايلى، بىچارە قىينىلىپ قاپتۇ.

**بىخەتەرلىك** ئى. خەتەردىن خالىي ھالەت، خاتىرجەملىك، خەتەرسىزلىك: ئائىلىلەرنىڭ بىخەتەرلىككە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

**مەنىداش سۆزى:** خەتەرسىزلىك، خاتىرجەملىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خەتەرلىكلىك، خاتىر-جەمسىزلىك.

**بىخۇدۇك** رەۋ. خۇدۇكسىرىمەي، ئارىسالدا بولۇپ ياكى تېنەپ-تەمتىرەپ قالماي، گاڭگىرىماي؛ بىمالال، كەڭ-كۇشادا، ئازادە، كەڭتاشا: مەيدان شۇ قەدەر جىمىپ كەتتىكى، زەن سالغان كىشى ئۇچۇپ كېتىۋاتقان چىۋىننىڭ شەپىسىنى بىخۇدۇك ئاڭلىيالايتتى.

**مەنىداش سۆزى:** غەمسىز، بىمالال، بىخىرامان، خۇدۇكسىرىمەي، خۇدۇكسىز.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خۇدۇكلۇك، شۈبھىلىك.

**بىرپەس** رەۋ. بىردەم، بىرئاز، ۋاقىت جەھەتتىن ئازراق: — دۇرۇس، — دېدىم مەن بىر پەس ئويلىنىۋېلىپ.
**مەنىداش سۆزى:** ئازراق، ئازلا، قىسقىلا.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بىرھازا، بىرمەھەل، بىر مەزگىل.

**بىرتالاي** رەۋ. ناھايىتى كۆپ، نۇرغۇن، ئىنتايىن جىق، تولا: ئىشەنمەي دېسە، ئالدىدا بىر تالاي خۇشبۇي، كۆپكۆك بوتاكۆز گۈللىرى تۇرغان.
**مەنىداش سۆزى:** بىرمۇنچە، جىقلا، بەك كۆپ.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاز، بىرنەچچە، بىزە.

**بىرلا** ① پەقەتلا بىر، يالغۇزلا بىر: بۈگۈن ئاران بىرلا ئادىم قاپتۇ.
② جۈملىدە پېئىلنىڭ ئالدىدا ھالەت بولۇپ كېلىپ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ ناھايىتى تېز ھەم كۈچ بىلەن ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، يەنى پېئىل ئىپادىلىگەن مەنىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ: ئۇ ئالمىنى بىرلا سىلكىۋىدى، ئالما سەنتۈرۈلۈپ يېقىلىپ چۈشتى.

**بىرھازا** رەۋ. خېلى ئۇزاق ۋاقىت، خېلى بىر ۋاقىت: بىرھازادىن كېيىن خېلى تەسلىكتە ھارۋا پاتقاقتىن چىقتى.
**مەنىداش سۆزى:** بىر مەھەل، بىر مەزگىل.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بىر پەس، بىردەم، بىرئاز.

**بىزار بولۇش** قاتتىق ھار ئېلىپ سەسكىنىش، يامان كۆرۈش، بېزىش، تويۇپ كېتىش، تېرىكىش، زېرىكىش: ئۇ بىزار بولغان ھالدا بىر تەرەپتىن بېلىتىنى چىقارغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن غودۇڭشىدى.
**مەنىداش سۆزى:** زېرىكىش، تويۇپ كېتىش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئامراق بولۇش، ياخشى كۆرۈش.

**بىغەرەز** سۈپ. گەپ چۈشەنمەيدىغان، مەقسەت-غەرەزنى بىلمەيدىغان، گەپ ئاڭلىمايدىغان، نادان: ھەي، بىغەرەز نېمىكەنسىنا،

مۇشۇ بۇرۇلۇشتىكى دۆڭ خەۋپلىك، دۇشمەنگە مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرسەن.

مەنىداش سۆزى: ھاڭۋاقتى، قاپاقۋاش، دۆت، لەقۋا.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: چېچەن، زېرەك، سەزگۈر، ئەقىللىق.

**بىغەملىك** ئى. (مەلۇم ئىشقا قارىتا) كارى بولماسلىق، پەرۋا قىلماسلىق، بىپەرۋالىق، لايغەزەللىك: ئاپتوبۇستىكى يولۇچىلار شوپۇرنىڭ بىغەملىكىدىن غۇدۇراشقا باشلىدى.

مەنىداش سۆزى: غەمسىزلىك، پەرۋاسىزلىق، بىپەرۋالىق، لايغەزەللىك.

**بىگۇناھ** سۈپ. گۇناھسىز، گۇناھ ياكى جىنايىتى يوق، گۇناھ ئۆتكۈزمىگەن: ئۇلار قاراپ تۇرۇپلا بىگۇناھ بىر كىشىنى تۇتۇپ كەتتى.

مەنىداش سۆزى: گۇناھسىز، ئەيىبسىز.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: گۇناھلىق، گۇناھكار، ئەيىبلىك.

**بىنا قىلىش** بەرپا قىلىش، يارىتىش، قۇرۇش، يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرۈش: سۇ بولمىسا، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلغىلى بولمايدۇ.

مەنىداش سۆزى: بەرپا قىلىش، بارلىققا كەلتۈرۈش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: يوقىتىش، يوق قىلىش.

**بىنائەن** تىر. «-غا//-قا، -گە//-كە» قوشۇمچىلىرى بىلەن تۇرلەنگەن ئىسىملارنىڭ كەينىگە ياندىشىپ كېلىپ «بويىچە، ئاساسەن، ئاساس قىلىپ» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: بۈگۈن مۇئەللىمنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن دېھقانلارغا ياردەملىشىپ قوناق ئورۇشۇپ بەردۇق.

مەنىداش سۆزى: بويىچە، ئاساسەن.

**بىناكار** ئى. بىنا، ئۆي-ئىمارەتلەرنى لايىھىلەش ۋە سېلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، بۇ ساھەدە مول بىلىم-تەجرىبىسى بار كىشى، قۇرۇلۇش ئۇستىسى: ئۇنىڭ دادىسى پۈتۈن شەھەردە داڭقى بار بىناكار

ئىكەن.

**بىناكارلىق** ئى. بىنا، ئۆي-ئىمارەت ۋە شۇ قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى سېلىش ئىشى، قۇرۇلۇش كەسپى: مەن بۇگۈن بىر كۈن بىناكارلىق ئىشچىلىرى بىلەن قۇرۇلۇشتا ئىشلىدىم.

**بىۋاستە** رەۋ. ئارىدا ھېچقانداق ۋاستە ئىشلەتمەي، ۋاستىسىز، توغرىدىن-توغرا، ئۇدۇل، توپتوغرا: بەزى دېھقانلار كۆكتات، مېۋە-چىۋە قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا ئېلىپ كىرىپ بىۋاستە ساتىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ۋاستىسىز، ئۇدۇللا.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ۋاستىلىك.

## پ

**پار (پارى)** ئى ① سۇنىڭ ئىسسىقلىق تەسىرىدىن گازغا ئايلانغان ھالىتى، ھور: رەھمەت سىزگە قۇياش موما، سىز سۇنى پارغا ئايلاندۇرۇپ قىش بوۋامغا بەردىڭىز. ② قىشتا ئۆي-ئىمارەتلەرنى قىزدۇرۇش ئۈچۈن تۇرۇبا ئارقىلىق كەلتۈرۈلگەن ھور ياكى ئىسسىق سۇ ۋە ئۇلارنى ساقلايدىغان جاھاز، تۇرۇبىلارنىڭ ئومۇمىي نامى، ئومۇمەن ئوت قالىماي ئۆي ئىسسىتىدىغان تۇرۇبىلىق ئىسسىتىش ئەسۋابى: شەھەرلەردە ھەممە ئۆيدە پار بار، قىشتا ئۆيگە ئوت قالىمايدۇ.

**پاراشۇت** ئى. ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئادەم ياكى نەرسىلەرنى ئاسماندىن يەرگە ئاستا قوندۇرۇش ياكى ئايروپىلان قاتارلىقلاردا كاشىلا چىققاندا يەرگە بىخەتەر سەكرەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئېچىلغاندىكى شەكلى كۈنلۈككە ئوخشايدىغان بىخەتەرلىك ئەسۋابى: يەنە بىر ئايروپىلان كۆككە كۆتۈرۈلدى ۋە ئۇششاق پاراشۇتلارنى تاشلىدى.

**پارلاش** I پ. پارقىراق نۇر چېچىش، يورۇق يېنىش، چاقناش؛ روشەن بىلىنىش، ئايان بولۇش: ئۇنىڭ قاراشلىرىدا «سەن نەقەدەر بەختلىكسەن» دېگەن سۆزلەر ئۇچۇق پارلاپ تۇراتتى.

**پارلاش** II پ ① مەلۇم ئۆلچەم، نۇسخا بويىچە تۇرگە ئايرىش، دەرىجە بويىچە تۇرگە تۇرغۇزۇش؛ تاللاش، خىللاش، ئىلغاش: ئۇلار ساگدىكى ئۇرۇقلۇق داننى پارلاۋاتاتتى. ② جۇپ-جۇپ ھالەتكە كەلتۈرۈش، جۇپلەش، ماس كېلىدىغان جۇپى بىلەن بىرگە قويۇش: پارلاپ تىزىلغان ئۆتۈكلەر مال تەكچىسىدە لىق تۇراتتى.

**مەنىداش سۆزى:** تاللاش، ئىلغاش، خىللاش؛ جۇپلەش.

**پارلاق** سۈپ ① پارلاپ نۇر چېچىپ تۇرىدىغان، نۇرلۇق، روشەن: ئۇنىڭ يۈزىدە نۇرلۇق كۈننىڭ پارلاق شولىسى جىلۋە قىلاتتى. ② كۆچمە. شانلىق، شان-شەرەپكە تولغان؛ باياشات، روناق تاپقان: بىز ئۆزىمىزنىڭ پارلاق كەلگۈسىمىز ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ تىرىشىپ ئوقۇشىمىز كېرەك.

**مەنىداش سۆزى:** نۇرلۇق، شانلىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خۇنۇك، تۇتۇق.

**پاسون** ئى. كىيىم-كېچەك قاتارلىقلاردىكى تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتىن باشقىلىرىغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە شەكىل، ئالاھىدە پىچىم، ئۆزگىچە ياڭزا: ئۇلار بۇ يىل تېخنىكا ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئەڭ يېڭى پاسونلارنى لايىھىلەپ بازارغا سالدى.

**مەنىداش سۆزى:** شەكىل.

**پال سېلىش** كىشىلەرنىڭ ئالىقىنىغا قاراش ياكى كىتاب ئېچىش، قارتا ئېچىش، تاش ياكى ماياقلارنى چېچىپ يۆتكەش قاتارلىق غەلىتە قىلىقلار بىلەن «كىشىلەرنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدە ئالدىن خەۋەر بېرىمەن» دەپ قالايمىقان، ساختا سۆزلەر بىلەن ئادەم ئالداش: ئۇلارنىڭ كەنتىدە بىر ئادەم بولۇپ، دائىم پال سېلىپ ئادەم ئالدايدىكەن.

مەنداش سۆزى: پال ئېچىش، رەم سېلىش.

**پالچى** ئى. پال سېلىپ ئادەم ئالدايدىغان كىشى، پال سالغۇچى: مەن پالچىنىڭ ئىقرارىنى ئوقۇپ پال سېلىشنىڭ ساختىلىقىنى ھەققىي چۈشەندىم.

مەنداش سۆزى: رەمچى، قۇرئەنداز.

**پاللىدە** رەۋ. پال قىلىپ، نۇر چۈشكەندەك يالتىراپ، ئوچۇقچىلىق، يورۇقلۇق پەيدا بولۇپ: كۆڭلۈم بىردىن پاللىدە يورۇپ كەتتى.

مەنداش سۆزى: ۋاللىدە، ياللىدە.

**پاناھلىنىش** پ. (بىرەر كىشى ياكى ئورۇن تەرىپىدىن) قوغدىلىش، ئۆزىنى خەۋپتىن دالدىغا ئېلىش، ئۆزىنى يوشۇرۇپ زىيان-زەخمەتتىن ساقلىنىش، ئۆزىنى خەتەردىن ھىمايە قىلىش: ئۇلار ئورمانلىقتا پاناھلىنىپ بىر ئاي تۇردى.

مەنداش سۆزى: دالدىلىنىش، يوشۇرۇنۇش.

**پانۇس** ئى. ئېسىپ قويۇلىدىغان ياكى قول بىلەن كۆتۈرۈۋالىدىغان يورۇتۇش ئەسۋابى، كۆپىنچە بامبۇك تېلى ياكى سىمدىن يۇمىلاق ياكى چاسا شەكىللەردە جازىسى تۇرغۇزۇلۇپ، ئاندىن يىپەك، قەغەز ياكى ئەينەك قاتارلىقلار بىلەن قاپلىنىپ، ئىچىگە شام، كىرسىن چىراغ ياكى لامپا ئورنىتىپ يورۇتۇلىدۇ. ئاساسەن ھويلا-ئارام، كوچا-كويلارنى بېزەش ئۈچۈن ئېسىلىدۇ: قىزىپ كەتتى ئۆيىمىز،/ تەبرىكلەشتۇق ھەممىمىز./ ئاستۇق رەڭدار پانۇسلار،/ يورۇپ كەتتى كېچىمىز.

**پانىي دۇنيا** ھايات كىشىلەر ياشاۋاتقان مۇشۇ دۇنيا، بىز تۇرۇۋاتقان دۇنيا، بۇ دۇنيا: — ھەي ئەخمەق باي، — دەپتۇ ھېلىقى زاھىد سوپەت بوۋاي، — تۆت كۈنلۈك پانىي دۇنيادا بۇنچە بايلىق توپلاپ نېمە قىلارسەن؟

مەنداش سۆزى: بۇ دۇنيا، پانىي ئالەم.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: باقىي دۇنيا، ئۇ دۇنيا، باقىي

ئالەم.

**پاپپاسلاپ** رەۋ. ھولۇقۇپ تەمتىرەشتىن ئېگىز-پەس دەسسەپ، ئالدىراپ-سالدىراپ يۈرۈپ، ئالاق-جالاق دەسسەپ، پۇتلىرىنى قالايمىقان ئېلىپ: ۋەزىرلەر شۇ يەردىن پاپپاسلاپ تۆمۈرچىنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشۈپتۇ.

**پەتنۇس** ئى. (ئۇستىگە چىنە-قاچا، قەنت-گېزەكلەرنى قويۇپ توشۇش ياكى مېھمانلارغا قويۇلغان چاينى قويۇپ مېھمانغا تۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان) تۆت چاسا ياكى ئۇزۇنچاق قىلىپ، تۈرلۈك نەقىش ياكى بېزەكلەر چۈشۈرۈلۈپ ياسالغان مېتال تەخسە، كۆپىنچە ئىككى تەرىپىدە قۇلىقى ياكى تۇتىدىغان يېرى بولىدۇ: ئايشەم ئاچام پەتنۇستا چاي كۆتۈرۈپ كېلىپ بىزگە چاي تۇتتى.

**پەرۋا (پەرۋايى)** ئى. ئادەم ۋە نەرسىلەرگە بولغان دىققەت-ئېتىبار؛ قىزىقىش، كۆز سېلىش: رىزۋانگۈل باشقىلارنىڭ ۋارقىرىشى ۋە ئۇق ئاۋازلىرىغا پەرۋا قىلماي، ئالغا قاراپ داۋاملىق يۈگۈردى.

مەنىداش سۆزى: ئېتىبار، دىققەت؛ پىسەنت، ئېرەن.

**پەرۋاز (پەرۋازى)** ئى. ئاسماندا بەھۇزۇر كېرىلىپ قانات قېقىپ قىلىنىغان ھەرىكەت، بوشلۇقتىكى ئەركىن ھەرىكەت، ئۇچۇش، ئاسمانغا ئۆرلەش: ھەر مىنۇت ۋاقتىڭ ئۆتمىسۇن بوشقا، /ئىلىم-پەن ئاسمىنىدا ئەيلىگىن پەرۋاز.

**پەرۋىش** ئى. ياخشى ئۆستۈرۈش، ئاسراش، ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن قىلىنىغان ھەرىكەت، قاراش، بېقىش، تەربىيە: تېرىش، پەرۋىش، ئورۇش قاتارلىق دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ پەسلىگە بولغان تەلپى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ.

مەنىداش سۆزى: ئاسراش، تەربىيە.

**پەرۋىش قىلىش** ئوبدان كۈتۈش، ئەجىر قىلىپ ياخشى ئاسراش، كۆيۈنۈپ قاراش؛ مېھرى بىلەن بېقىپ تەربىيىلەش: ئۇ تېرىغان گۈللىرىنى ناھايىتى ئوبدان پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈپتۇ.

مەنىداش سۆزى: تەربىيىلەش، ياخشى بېقىش.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: تاشلاپ قويۇش.
**پەزىلەت** ئى. كىشىلەردىكى ئېسىل خىسلەت، باشقىلارنى تەسىرلەندۈرىدىغان ياخشى سۈپەت، تۈرلۈك مەسىلىلەرگە قارىتا توغرا مۇئامىلە قىلىدىغان ئالىيجانابلىق، ياخشى خۇسۇسىيەت: ئۇنىڭ ۋەتەن-خەلق ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى بېغىشلاشتەك ئالىي پەزىلىتى بىز ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ مەڭگۈ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.
مەنىداش سۆزى: خىسلەت، ياخشى ئەخلاق.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: رەزىللىك، پەسلىك، ئىپلاسلىق.
**پەيت** ئى ① مۇئەييەن ۋاقىت، دەۋر، زامان، مەزگىل، مەۋسۇم: دادام مېنى كۆرۈپ «ناھايىتى ياخشى پەيتتە كەلدىڭ بالام، ھەممىمىز سېنى كۈتۈپ تۇرغان» دەپ مېنى يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. ② (بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قولايلىق بولغان) پۇرسەت، ئىمكانىيەت: ئۇ دادام بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن پەيت كۈتۈۋاتاتتى.
مەنىداش سۆزى: ۋاقىت، پۇرسەت.
**پەيت كۈتۈش** مۇۋاپىق پۇرسەت كۈتۈش، قولايلىق ئىمكانىيەت ياكى ياخشى ۋاقىت كۈتۈش: ئۇ ھېلىقى يېرىدە پەيت كۈتۈپ بىر ئايدەك تۇرۇپتۇ، بىراق ھېچ پۇرسەت كەلمەپتۇ.
مەنىداش سۆزى: پۇرسەت كۈتۈش.
**پەيتۇن** ئى. ئۇستىگە ئادەم ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇق ۋە سايىۋەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۆت چاقلىق ھارۋا: يوللاردا يەنە ئۇستىگە كۆز قاماشتۇرىدىغان گىلەم يېپىلغان پەيتۇن، پوۋۇسكا ۋە خادىك ھارۋىلار قاتناپ تۇراتتى.
**پەيز** ① ئى. زوق-شوققا تولغان، باشقىلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل ھالەت؛ خۇشال-خۇرام كەيپىيات: ھەي ئاۋاق! نەدىن پەيدا بولغان بىرنېمە سەن؟ بېغىمىزنىڭ پەيزىنى ئۇچۇرماي يوقال بۇ يەردىن!
② ئى. ھۇزۇر، زوق، راھەت: ناخشىنىڭ پەيزىدىن ھەممىمىز ھەيران

قېلىشۋاتاتتۇق. ③ سۈپ. گۈزەل، چىرايلىق، كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان: ئۇلارنىڭ ئۆيى بەك پەيز يەردە ئىكەن، مېنىڭ كەتكۈم كەلمەي قالدى.

مەنداش سۆزى: ئېسىل، شوق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: خۇنۈك، سەت.

**پەيلاسوپ** ئى ① پەلسەپە ئالىمى، پەلسەپە ئىلمىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن كىشى: يۈسۈپ خاس ھاجىپ شائىرلا بولۇپ قالماستىن، يەنە ئۇيغۇرلاردىن چىققان مەشھۇر پەيلاسوپ ئىدى. ② كۆچمە. تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئەتراپلىق كۆزىتىپ، توغرا ياشاشنىڭ تەجرىبە-يەكۈنلىرىنى بىلگەن ۋە بۇ ھەقتە ئورۇنلۇق، يوللۇق خۇلاسە چىقىرالايدىغان كىشى، دانالارچە مۇھاكىمە يۈرگۈزىدىغان كىشى، دانىشمەن: ئۇ كىشىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە پەيلاسوپ بولۇپ كەتكەنىدى.

مەنداش سۆزى: ھەكىم، دانىشمەن، دانا.

**پروگرامما** ئى ① رادىئو-تېلېۋىزورلاردا ئاڭلىتىش ياكى كۆرسىتىش ئۈچۈن تەييارلانغان نومۇر، مەزمۇن ياكى كۆرۈنۈش: بىز سۆيۈپ كۆرىدىغان كىتاب ۋە رادىئو-تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى جەمئىيەت يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ② بىرەر سىياسىي تەشكىلات، كوللېكتىپ ياكى ئىش پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنى، مەقسىتى ۋە قەدەم-باسقۇچلىرى بايان قىلىنغان ھۆججەت، پىلان، لايىھە: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش پروگراممىسى. ★ ئوقۇتۇش پروگراممىسى.

مەنداش سۆزى: نومۇر؛ پىلان، لايىھە، قوللانما.

**پىرىستان** ئى. كېمە، پاراخوت قاتارلىق سۇ قاتنىشى قوراللىرى توختايدىغان جاي، پورت: دەريا ياقىسىدا پىرىستانلار قۇرۇلدى.

مەنداش سۆزى: پورت، غارغالتا.

**پىركازچىك** ئى. ماگىزىن، دۇكانلاردىكى مال ساتقۇچى كىشى: پىركازچىكلار خېرىدارلارغا تۈرلۈك ماللارنى سېتىپ بېرىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

مەنىداش سۆزى: مال ساتقۇچى.

**پرىنسىپ** ئى. ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە-نىزام، قانۇن، بەلگىلىمە: نەرسە-كېرەك سېتىۋېلىشنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئىلمىي پرىنسىپى بولىدۇ.

مەنىداش سۆزى: قانۇن، قائىدە، بەلگىلىمە، نىزام.

**پلازما** ئى. تەندىكى شىلىلىق پەردە تەرىپىدىن ئاجرىلىپ چىققان بىرخىل رەڭسىز، سۇزۇك سۇيۇقلۇق. سىلىقلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ: قان پلازمىسى قان ھۈجەيرىلىرى بىلەن ئوزۇقلۇق ۋە كېرەكسىز ماددىلارنى ماڭغۇزىدۇ.

**پلاكات** ئى. ئۈستىگە تۈرلۈك شوئار، چاقىرىق يېزىلىپ يول ياكى تاملارغا ئېسىلغان ياكى چاپلانغان ئۇزۇن، ئەمما تارراق بولغان رەخت پارچىسى ياكى تاختا، ئومۇمەن ئۈستىگە شوئار يېزىلغان تار، ئەمما ئۇزۇنچاق رەخت، تاختا: بولغاچ بۈگۈن بايرام كۈن، /ئاستۇق لەۋھە-پلاكات،/ كىيىپ يېڭى كىيىملەر،/ بېدۇق بەنشىرە-شاكىلات.

**پلانېتا** ئى. قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرىدىغان ۋە قۇياشتىن قوبۇل قىلغان يورۇقلۇقنى ئەتراپقا تارقىتىپ تۇرىدىغان ئاسمان جىسىملىرى، سەييارە: يۈكسىلىش زامانى ئاچتى كەڭ قۇچاق، كۈرمشتە تاۋلىنىپ ھامان ئىلگىرىلە. پلانېتا ئارا ئەركىن سەيلە قىل، بار ئىمكان ۋە ئاساس يەنىمۇ ئۆرلە.

مەنىداش سۆزى: سەييارە.

**پوتال** ئى. ھەر خىل ئەسۋابلارنى زىننەتلەش، پەردازلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان زىننەت بۇيۇمى، ھەل: ئەسلىدە ئۇ پارچە-پارچە پوتال قەغەزلەردىن قۇراشتۇرۇلغان بولۇپ، ئەينەكتەك پارقىراپ تۇراتتى.

مەنىداش سۆزى: ھەل.

**پوتەي** ① ئى. ئۇرۇشتا قارشى تەرەپنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە قارشى تەرەپكە ئوق چىقىرىش مەقسىتىدە ياسالغان مۇنار شەكلىدىكى قۇرۇلۇش: دۈشمەنلەر يولنىڭ ئۇ

قانىتىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگە پوتەي ياساپ، ئىستانوكلۇق پىلموتلارنى ئورنىتىۋالغانىدى. ② مىق. قەدىمكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. بىر پوتەي ئون چاقىرىم، يەنى بەش كىلومېتىرغا تەڭ كېلىدۇ: ئۇ چېرىكلەرنى نەچچە پوتەي ئارقىدا قالدۇرۇپ قېچىپ كەتتى.

**پوتلا** ئى ① تېرەك، سۆگەت قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماق چىقىرىشتىن بۇرۇن چىقارغان ئۇزۇنچاق ساڭگىلاپ تۇرىدىغان چېچەكى: بوۋامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، دادام شۇ يىلى تېرەكلەر پوتلا چىقارغاندا تۇغۇلغانىكەن. ② قارا چىراغ، شام پىلىكلىرىنىڭ كۆيۈپ ياكى چالا كۆيۈپ، ساڭگىلاپ قالغان قىسمى: ئۇ قايچا بىلەن چىراغنىڭ پوتلىسىنى كېسىۋېتىپ، ئاۋايلاپ تۇتاشتۇردى. ③ بۇرۇندىن ئاققان سۇيۇقلۇق، ماڭقا: زۇكامدىغاندا بۇرۇندىن پوتلا ئېقىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**پوجاڭزا** ئى. پارتلايدىغان دورىنى قەغەزگە ئوراپ، ئۇچىغا ئوت تۇتاشتۇرىدىغان پىلىك ئورنىتىپ ياسالغان، پارتلىتىش كۈچى ئاجىز بولغان پارتلاتقۇچ: ھازىر كۆپلىگەن شەھەرلەردە چاغاندا پوجاڭزا ئېتىشنى چەكلەشكە باشلىدى.

**پوچتا نومۇرى** پوچتا تارماقلىرىنىڭ خەت-چەكلەرنى ئايرىپ بىرتەرەپ قىلىشقا قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن رايونلار بويىچە بېكىتكەن نومۇرى. مەملىكىتىمىزنىڭ پوچتا نومۇرى ئالتە خانىلىق ساندىن تۈزۈلىدۇ: لېپاپىنىڭ سول تەرەپ يۇقىرىسىغا خەت تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ پوچتا نومۇرى يېزىلىدۇ.

**پوچتىكەش** ئى. پوچتىخانىنىڭ خەت-چەك، گېزىت-ژۇرنال قاتارلىق نەرسىلىرىنى توشۇش ۋە ئىگىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل خادىمى، ئومۇمەن پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇغۇچى كىشى: پوچتىكەش خەتنى خەت تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بەرسۇن.

**پورۇقلاش** پ. پورۇق-پورۇق ئاۋاز چىقىرىش، يۇقىرى ئېتىلىپ، ئۆرلەپ بۇلدۇقلاش، بۇلۇق-بۇلۇق دولقۇنلىنىش (سۇيۇقلۇقلارنىڭ قايناش ياكى چايقىلىشى ھەققىدە): چەينەكتىكى

سۇ پورۇقلاپ قايناۋاتاتتى. ★ ئۇ تەۋرەپ كەتكەن خەلقنىڭ ئۇستۈن روھنى، ئەركىنلىك ئۈچۈن پورۇقلاپ قايناۋاتقان جەڭنى كۆرۈپ مەغرۇرلىناتتى.

**مەنىداش سۆزى:** بۇلدۇقلاش، ۋاراقلاش، دولقۇنلىنىش.

**پوزىتسىيە** ئى ① بىرەر مەسىلىگە قارىتا تۇتۇلغان مەيدان، يول، شۇ ھەقتىكى كۆزقاراش، ئىپادە، مۇئامىلە: تەنقىدكە ئۇچرىغاندىمۇ، تەقدىرلەشكە ئېرىشكەندىمۇ ئوخشاشلا توغرا پوزىتسىيەدە بولۇش كېرەك. ② ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ تۇتقان ئورنى، ئىگىلەپ، ئىشغال قىلىپ تۇرغان جايى، كونترول قىلىپ تۇرغان مەيدانى: بۇ جاي قىسىملىرىمىزنىڭ پوزىتسىيىسىنى دۈشمەن پوزىتسىيىسىدىن ئاجرىتىپ تۇراتتى.

**مەنىداش سۆزى:** مەيدان، مەۋقە، ئىپادە.

**پوست** I ئى. نەرسىلەرنىڭ سىرتىنى ئوراپ تۇرغان نېپىز پەردىگە ئوخشاش بىر قەۋىتى، سىرتقى يۇپقا قەۋىتى، ئۈستۈنكى ياكى سىرتقى قىسمى: پىيازنىڭ پوستى تولا، ئەخمەقنىڭ دوستى تولا (ماقال). ★ ئۇ دائىم ئالمىنىڭ پوستىنى سويۇۋېتىپ يەيدۇ.

**پوست** II ئى. مۇھىم ھەربىي ئورۇن، ئىدارە-جەمئىيەت ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن كۆزەت قىلىشقا قويۇلغان كىشى، مۇھاپىزەتچى، قاراۋۇل، ئىشىك باقار: يول ئېغىزلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا قىزىل ۋە يېشىل چىراغلار پوست بولۇپ، ماشىنىلارنىڭ مېڭىش ياكى ماڭماسلىقىنى بەلگىلەپ بېرەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** مۇھاپىزەتچى، قاراۋۇل، ئىشىك باقار.

**پوكان** I ئى ① ئۇچار قۇشلارنىڭ يېگەن نەرسىلىرى ئەڭ ئالدى بىلەن بارىدىغان، ھەزىم قىلىش يولىنىڭ ئەڭ بېشىغا جايلاشقان ئەزاسى. يېمەكلىكلەر شۇ يەردىن ئۆتۈپ ھەزىم بولۇشقا باشلايدۇ. «دانلىق» مۇ دېيىلىدۇ: ئۇ توخۇنىڭ پوكىنىنى ئېلىۋېدى، ئىچىدىن لىقلا بۇغداي دېنى چىقتى. ② كۆچمە. مەيدە، كۆكرەك، تۆش: سادىق پوكىنىنى ئۇستەلگە قويۇپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

**مەنىداش سۆزى:** دانلىق؛ كۆكرەك، مەيدە، تۆش.

**پوكان** II سۈپ. چالا پىشقان، ئازراق يۇمشاپ ئېسىلىشكە، قىزىرىشقا باشلىغان (مېۋە-چېۋە ھەققىدە)؛ تولۇق قاتمىغان، ئەمدىراق يۇمشاقلىقى تۈگەشكە باشلىغان (زىرائەت دانلىرى ھەققىدە)؛ تېخى نەملىكىنى يوقاتمىغان، قۇرۇمىغان، شىرشىم (كېيىم-كېچەك قاتارلىقلار ھەققىدە): ئۆرۈكلەر پوكان بولدى. ★ ئۇنىڭ يۈزلىرى پوكاندەك قىزارغان، كۆزلىرى بولسا غەزەپ بىلەن يېنىپ تۇراتتى.

**پوكاندەك قىزىرىش** (ئۇيىلىش، خىجىل بولۇش قاتارلىقلار سەۋەبىدىن) قىپقىزىل قىزىرىپ كېتىش: مۇئەللىمنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى.

**پوۋۇسكا** ئى. بىر ياكى ئىككى ئات قوشۇلىدىغان، چاقى ئېگىزرەك مەپە شەكىللىك ھارۋا: يوللاردا يەنە ئۈستىگە كۆز قاماشتۇرىدىغان گىلەم يېپىلغان پەيتون، پوۋۇسكا ۋە خادىك ھارۋىلار قاتناپ تۇراتتى.

**پۇتاش** پ. (دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈك قاتارلىقلارنىڭ) كېرەكسىز شاخ-شۇمبىلىرىنى، پۇتاقلىرىنى كېسىپ ياكى سۇندۇرۇپ، تۈۋىدىن ئۈزۈپ ئېلىۋېتىش، غول شاختىن ئاجرىتىپ چىقىرىۋېتىش، ھارام شاخلارنى كېسىپ تاشلاش: ئۇ ئۆستەڭ بويىغا شاخ پۇتىغلى كەتكەنىدى.

**مەنداش سۆزى:** چاتاش، قىيىش.

**پۇتاق** ئى ① ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غول ياكى چوڭ شاخلىرىدىن ئۆسۈپ چىققان تارمىقى، يان شېخى: يەرنى سارغايغان غازاڭلار، قۇرۇپ چۈشكەن پۇتاقلار قاپلىغانىدى. ② كۆچمە. پۈتۈن ياكى سىستېمىلاشقان نەرسىنىڭ تارمىقى، بۆلىكى: شەرىئەتنىڭ مىڭ بىر پۇتىقى بار (ماقال). ③ كۆچمە. ئەيىبلەشكە سەۋەب بولىدىغان يېتەرسىزلىك، كەمچىلىك، نۇقسان؛ قۇسۇر: ئۇ دائىم مېنىڭ گەپلىرىمدىن پۇتاق چىقىرىشقا ئامراق ئىدى.

**پۇختىلاش** پ. پۇختا ۋە چىڭ قىلىش، مۇستەھكەم ۋە ھېم قىلىش، مۇستەھكەملەش، مۇقىملاش: قەلەمنى ئۈچ يانچۇقۇمغا

يۈختىلاپ جايلاشتۇرغان بولسامۇ، يەنە «چۈشۈپ قالمىغىدى» دەپ ئەنسىرەيتتىم.

**مەنىداش سۆزى:** مۇستەھكەملەش، مۇقىملاش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بوشىتىش.

**پۈكەي** ئى. ماگىزىنلاردا نەرسىلەرنى تىزىپ قويۇش ئۈچۈن ئۈزۈن قىلىپ ساندۇق شەكلىدە ئەينەك، ياغاچ ياكى كېسەك قاتارلىقلاردىن ياسالغان قۇرۇلما، جاھاز: ھازىر ماگىزىنلارغا كىرسەك، پۈكەيدە تۈرلۈك ياخشى نەرسىلەر تىزىقلىق بولۇپ، بىز ئۇلارنى خالىغانچە تاللاپ سېتىۋالالايمىز.

**پۈتمەس** سۈپ. ھېچبىر چېكى يوق، چەكسىز، مەڭگۈ تۈگەپ قالمايدىغان: ۋەتەن — ئانا، شانىمسەن،/ پۈتمەس بەخت كانىمسەن./ ئادا بولماس تەرىپىڭ،/ ناخشامدا بايان ئەتسەم.

**مەنىداش سۆزى:** تۈگىمەس.

**پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن** بارلىق زېھنى بىلەن، پۈتۈن ئەقىل-زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بارلىقى بىلەن، پۈتۈن ئەس-يادىنى قويۇپ: ئۇ بىر ئۆمۈر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ۋەتەن — خەلق ئۈچۈن ئىشلىگەن ئېسىل يىگىت ئىدى.

**پۈرلەش** I سۈپ. پۈرۈلۈپ ياكى قاتلىنىپ پۈرۈم-پۈرۈم بولۇپ كەتكەن، پۈرۈلۈپ كەتكەن: ئۇ كۆينىكىنى پۈرلەش پېتىلا ئۈچىسىغا ياپتى — دە، يۈگۈرگىنىچە ئۆيدىن چىقتى.

**مەنىداش سۆزى:** قاتلاش-قاتلاش، پۈرۈم-پۈرۈم.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** رۇس، تۈز.

**پۈرلەش** II پ. قەغەز ياكى لاتىغا ئوخشاش نېپىز ھەم يۇمشاق نەرسىلەرنى سىقىپ، يىغىپ، بېسىپ تەكشى يۈزىنى پۈم-پۈرۈم ھالەتكە كەلتۈرۈش، قاتلاپ ياكى سىقىمداپ ئەسلىي سۈپىتىنى بۇزۇش: خەلق پۇلىنى ئىشلەتكەندە قالايمىقان پۈرلەپ قاتلىماسلىقىمىز، پۇلنىڭ ئۈستىگە قالايمىقان خەت يازماسلىقىمىز لازىم.

**مەنىداش سۆز:** قاتلاشتۇرۇش، مىجىش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: تۈزلەش، رۇسلاش، تەكشىلەش.

**پېچەت** ئى. پايدىلىنىشنى توسۇش ياكى باشقىلارنىڭ ئاچماسلىقى ئۈچۈن قويۇلغان بەلگە ياكى شۇنداق بەلگە، تامغا قاتارلىقلار ئۇرۇلغان نەرسە: تۈنۈگۈن ساقچىلار كىرىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە پېچەت چاپلاپ چىقىپ كەتتى.

**پېچەت ئېغىزى** (خالتىغا قاچىلىنىپ سېتىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ) خالتىسىنىڭ پېچەت ئۇرۇلۇپ ھەم يەملەنگەن ياكى تىكىۋېتىلگەن يېرى، ئېچىلىدىغان جايى: يېمەك-ئىچمەكلەرنىڭ زاۋۇتتىن چىققان ۋاقتى بەزىلىرىنىڭ بولاقلىرىنىڭ ئۈستىگە، بەزىلىرىنىڭ پېچەت ئېغىزىغا، يەنە بەزىلىرىنىڭ بوتۇلكا ئېغىزى ياكى بوتۇلكا ئاستىغا بېسىلغان بولىدۇ.

**پېچىنە** ئى. قەنت، تۇخۇم، ياغ ۋە سۈت قاتارلىقلار بىلەن يۇغۇرۇلغان خېمىردىن دۇخوپكىدا پىشۇرۇلغان تاتلىق يېمەكلىك: ئانام بۈگۈن بازاردىن پېچىنە سېتىۋېلىپ كەلدى.

**پېرىخونلۇق** ئى. دۇئا ئوقۇپ دەم سېلىپ ياكى پېرە باغلاپ، پېرە ئويناپ «تۈرلۈك روھىي كېسەللەر ۋە نېرۋا كېسەللىرىنى داۋالايمەن» دەپ ئەخمەق قىلىش ئىشى، باخشىلار قىلىدىغان ئىش، باخشىلىق: مەن پېرىخونلۇقنى ئاڭلىغان، ئەمما ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن.
مەنىداش سۆزى: باخشىلىق، داخانلىق.

**پېرېۋوت** ئى. بانكا ياكى پوچتا ئارقىلىق پۇل ئەۋەتىش ھەمدە شۇ يول بىلەن ئەۋەتىلگەن ياكى تاپشۇرۇۋېلىنغان پۇل: پوچتا خەت-ئالاقە كەسپى، خەت سېلىش، يوللانما پوللاش، پۇل پېرېۋوت قىلىش ۋە گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**پېشانىسى ئوڭ** تەلىيى بار، ئامەتلىك، تەلەيلىك، قىلغان ئىشى ئوڭغا تارتىدىغان: — راستىنلا ئۇنىڭ پېشانىسى ئوڭ ئىكەن! — دېدى ئۇ ئالىمغا زوقلىنىپ.

مەنداش سۆزى: پېشانىسى ئوچۇق.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: پېشانىسى تەتۈر.

**پېئانىنو** ئى. كۇنۇپكىلىق مۇزىكا ئەسۋابى. ئىچىگە نۇرغۇنلىغان مېتال تارلار ۋە تىۋىتلىق رەخت ئورالغان بولقىغا ئوخشاش كىچىك تاياقچىلار ئورنىتىلغان بولۇپ، تىلى (كۇنۇپكىسى) بارماق بىلەن بېسىلغان ھامان تاياقچىلار تارغا ئۇرۇلۇپ، ئاۋاز چىقىرىدۇ: مەن بۇ يىل تەتىلدە پېئانىنو چېلىشنى ئۆگىنىمەن.

**پىچتۇرۇش** پ ① (كىيىم-كېچەك ئۈچۈن ئالغان رەختنى) ئۆلچەم بويىچە كەستۇرۇش، كىيىم تىكىشكە لايىق قىلىپ پارچىلىتىش: ئۇ ھەتتا خېرىدارلارغا قانداق پىچتۇرغاندا رەختنى تېجەپ قالغىلى بولىدىغانلىقىغىچە چۈشەندۈرىدۇ. ② تىلدۇرۇش، پارچىلىتىش، توغرىتىش: بىز ئالمىنىڭ تاۋۇزلۇقىغا بېرىپ تاۋۇز پىچتۇرۇپ يېدۇق.
مەنداش سۆزى: كەستۇرۇش.

**پىداكارلىق** ئى. ئۆزىنى پىدا قىلىپ، ئۆزىدىن كېچىپ بارلىقى بىلەن بېرىلىدىغان، ھايات-ماماتىغا قارىماي پۈتۈن كۈچىنى ئاتايدىغان ئالىيجاناب خىسلەت: ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىز پىداكارلىق بىلەن ئىبلىسنىڭ بېشىنى تۇتۇۋېلىپ يۇگۇرۇپتۇ.

**پىدائىي** سۈپ. بىرەر شەخس، تەشكىلات ياكى ئىدىيىگە سادىقلىق بىلەن ئىخلاس قىلىپ، شۇ ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلىشقا رازى بولۇپ تەييارلانغان، ئۆز ئىختىيارى بىلەن شۇ ئۈچۈن بارلىقىدىن ۋاز كەچكەن، پىداكار، سادىق: رىزۋانگۈل باش شتابقا كېلىپ، پىدائىي بولۇپ ئالدىنقى سەپكە بېرىشنى تەلەپ قىلدى.
مەنداش سۆزى: پىداكار.

**پىسەنت** ئى. دىققەت، ئېتىبار، نەزەر، پەرۋا: دېھقانلار تومۇزدا ئاپتاپنىڭ كۆيدۈرۈشىگە پىسەنت قىلماستىن ئېتىزلاردا ئىشلەيدۇ.
مەنداش سۆزى: پەرۋا، دىققەت، ئېتىبار.

**پىستىرما** ئى. ئۇرۇشتا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ياكى مۇداپىئە

قىلىش ئۈچۈن پايدىلىنىلىدىغان يوشۇرۇن قۇرۇلما، جاي ۋە ياكى شۇنداق جايغا يوشۇرۇنغان ئەسكەرلەر توپى: ئۇ دۈشمەن پىستىرمىسىغا يېقىن بولغان، ئۇلار توختىماي ئۆتۈشۈۋاتقان خەتەرلىك جايدا ئۆمىلەپ كېتىپ باراتتى.

مەنىداش سۆزى: بۆكتۈرمە.

**پىلان (پىلانى)** ئى. ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئالدىن بېكىتىلگەن ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، لايىھىسى: تەتلنى ياخشى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان تەتىللىك پىلان تۈزۈۋېلىش كېرەك.

مەنىداش سۆزى: لايىھە.

**پىلانلىق** سۈپ. پىلانى بار، ئالدىن پىلانلانغان؛ پىلان بويىچە، پىلان بىلەن، پىلانغا ئاساسەن: بىز ھازىر پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىمىز. ★ ئوقۇغۇچىلار تەتىل تۇرمۇشىنى پىلانلىق ئۆتكۈزۈشى لازىم.

**پىلتا** ئى ① پارتلىتىش بومبىلىرىنىڭ ئوت ئېلىش نۇقتىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىنچىكە بوغقۇچ، يىپ: ئۇ سول قولى بىلەن پارتلاتقۇچ دورىنى كۆۋرۈك تېگىگە تىرەپ، ئوڭ قولى بىلەن پىلتىنى كۆچەپ تارتىۋەتتى. ② لەغمەن قاتارلىقلارنى ئېتىش ئۈچۈن تومۇلۇقنى بارماقتەك قىلىپ، سۇ مېيى سۈركەپ تەييارلىنىدىغان خېمىر، جىزا: ئاپام ئاشخانىدا خېمىرنى پىلتا قىلىۋاتاتتى.

مەنىداش سۆزى: پىلىك؛ جىزا.

**پىيما** ئى. قوي يۇڭىدىن بېسىپ تەييارلىنىدىغان ياكى كىگىزدىن قاتۇرۇپ قېلىپقا سېلىپ تىكىلىدىغان قونچلۇق قىشلىق ئاياغ كىيىمى، كىگىز ئۆتۈك: ئۇلار ئۈچىسىغا قايرىما ياقىلىق قىسقا جۇۋا، پۇتىغا پىيما كىيىشىۋالغانىدى.

## ت

**تاپاۋەت قىلىش** پايدا تېپىش، كىرىم قىلىش، پۇل تېپىش:

ھەي، ئەمدى ئۇمۇ ئۆز ئالدىغا تاپاۋەت قىلىشقا كىرىشتى.

**تارتىنىش** پ. خىجىللىق ھېس قىلىپ قورۇنۇش، ئۇيىلىش، ئەيمىنىش: مەن بىلەن بىرگە كەلگەن دوستلىرىم دادامدىن تارتىنىپ ئۆيدە ئازادە ئولتۇرالمىدى، دادام بۇنى كۆرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

**تارقاقلاشتۇرۇش** پ. (مەركەزلەشكەن، زىچ ھالەتتىن) تارقاق ھالەتكە كەلتۈرۈش، تەرەپ-تەرەپكە بۆلۈپ چېچىۋېتىش، تارقىتىۋېتىش: ئاپتوبۇسنىڭ بېلەتچىسى يولۇچىلارنى تارقاقلاشتۇرۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

**مەنىداش سۆزى:** شالاڭلاشتۇرۇش، چېچىۋېتىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** مەركەزلەشتۈرۈش، يىغىش.

**تارىخ سەھىپىسى** ئۆتمۈشكە ئائىت ۋەقە-ھادىسىلەرنىڭ يەكۈنى ياكى تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار خاتىرىلەنگەن كىتاب ياكى يازمىلارنىڭ بېتى، مەلۇم بىر قىسمى: ل. مۇتەللىپنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قەھرىمانلىق بىلەن كۈرەش قىلىش روھى تارىخ سەھىپىسىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى.

**تاسادىپىي** سۈپ. كۈتۈلمىگەن، ئويلىمىغان يەردىن تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن، ئۇشتۇمتۇت، سەۋەبى نامەلۇم بولغان: كىشىلىك تۇرمۇشتا بەزى تاسادىپىي ھادىسىلەردىن ساقلانماق تەس.

**مەنىداش سۆزى:** كۈتۈلمىگەن، ئۇشتۇمتۇت.

**تاشقىرى** ① ئى. سىرت، تالا، ئومۇمەن مەلۇم بىر دائىرىگە نىسبەتەن ئۇنىڭ سىرتىدىكى جاي: كەچقۇرۇن رەھىمسىز ئۆگەي ئانا ئىشكىنى ئېچىپ تاشقىرىغا قاراپتۇ. ② سۈپ. سىرتىغا چىقىپ قالغان ياكى سىرتقى تەرەپكە جايلاشقان، تېشىغا ئورۇنلاشقان؛ سىرتىدىكى، تېشىدىكى: ئالمىخاننىڭ بېغىدا،/ بىر تۈپ ئۈزۈم قاشقىرى./ ئالمىخانغا سەپ سىلىڭلار،/ ئۈتتۈر چىشى تاشقىرى.

**مەنىداش سۆزى:** تالا، سىرت.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئىچكىرى، ئىچ.

**تاشقىنلاش** پ. قىرغاقلاردىن تېشىپ چىقىش، قىرغاقلاردىن تېشىپ ئېقىش، ئېقىنىدىن چىقىپ كېتىش؛ جۇش ئۇرۇش، جۇشقۇنلىنىش، دولقۇنلىنىپ كۆۋەجەش: ئاقسۇن سۇلار تاشقىنلاپ، / شارقىراڭلار جىلغىلار./ ئۈملەڭلار قۇرتلار،/ قىش كېتىپ كەلدى باھار.

**تاقەتسىزلىك** ئى. تاقەت قىلالماي قالغان، بەكلا ئالدىراپ كەتكەن ھالەت، ئالدىراشلىق، جىددىي تەقەززالىق، تاقەت قىلالماسلىق، بىتاقەتلىك: ئالىيە تاقەتسىزلىك بىلەن كونۋېرتنى ئېچىپ، رەسىمنى قولىغا ئالدى.

**مەنىداش سۆزى:** بىتاقەتلىك، ئالدىراشلىق، تەقەززالىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تاقەتلىك، ئالدىرىماسلىق.

**تاكاللىشىش** پ. گەپ تالىشىش، مۇنازىرىلىشىش؛ سەن-پەن دېيىشىش؛ تىللىشىش: تەنقىدكە مۇئامىلە قىلىشتا ئاڭلاشنى خالىماسلىق، تاكاللىشىش، ھەتتا ئۇرۇپ-تىللاپ ئۆچ ئېلىش پوزىتسىيىسىدە بولۇش توغرا ئەمەس.

**مەنىداش سۆزى:** ئېيتىشىش، زاكونلىشىش.

**تاڭزۇڭزا** ئى. بىر خىل يېمەكلىك، گۈرۈچنى بامبۇك، قومۇش قاتارلىقلارنىڭ يوپۇرمىقىدا كونۇس ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش شەكىللەردە ئوراپ دۈملەپ پىشۇرۇپ تەييارلىنىدۇ: كىشىلەر تاڭزۇڭزۇ ياساپ چۈيۈەننىڭ يىيىشى ئۈچۈن سۇغا تاشلاپ بېرىدۇ.

**تالا** I **(تالاسى)** ئى. ئائىلە قورۇسىنىڭ سىرتىدىكى جايلار، سىرت، ئۆيىنىڭ سىرتى: بىز تالادا بەك جىق ئوينىدۇق.

**مەنىداش سۆزى:** سىرت، تاشقىرى.

**تالا** II **(تالاسى)** ئى ① تەبىئىي بولىدىغان ياكى سۈنئىي ئۇسۇلدا بىرىكتۈرۈپ ئىشلەنگەن يىپقا ئوخشاش ئۇزۇن، ئىنچىكە نەرسە، يىپ: رەخت توقۇشتا ئىشلىتىلىدىغان تالا ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى تەبىئىي تالا، بىرى خىمىيۋى تالادىن ئىبارەت. ② توقۇلمىلارنىڭ ئوخشاش كەڭلىكتە ياكى ئوخشاش چوڭلۇقتا بۆلۈنگەن ھەربىر پارچىسى، بۆلىكى: پالاسنىڭ تالاسى. دوپپىنىڭ تالاسى. تۇماقنىڭ تالاسى.

**تالانت ئىگىسى** زور قابىلىيەتكە ئىگە بولغان يۇقىرى سەۋىيىلىك، ئىقتىدارلىق كىشى، قابىلىيەت ئىگىسى: ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىدىن چىققان ئۇلۇغ تالانت ئىگىسى ئىدى.

**تالون** ئى. قانۇنلۇق تىجارەت ئورۇنلىرى پۇل مۇئامىلىسى قىلىشقاندا پۇل بەرگۈچى ياكى پۇل ئالغۇچىغا پۇل ئالغانلىقى ياكى تاپشۇرغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يېزىپ بېرىلىدىغان، پۇل مۇئامىلە پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنى تۈرلەر بويىچە كۆرسىتىلگەن كاتەك-كاتەك جەدۋەل، پۇل مۇئامىلە ھەققىدە يېزىپ بېرىلگەن ئىسپات قەغىزى، ھۆججەت: پۇل ئامانەت قويۇشتا ئالدى بىلەن ئامانەت قويۇش تالونىنى تولدۇرۇش لازىم.

مەنىداش سۆزى: ئىسپات، ھۆججەت.

**تاماشىبىن** ئى. تاماشا كۆرگۈچى؛ (سەنئەت، تەنتەربىيە ۋە تۈرلۈك ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە) تاماشا كۆرۈپ كۆڭۈل ئاچقىلى كەلگەن كىشى: زال ئىچى تاماشىبىنلار بىلەن لىق تولغانىدى.

مەنىداش سۆزى: كۆرەرمەن، تاماشىچى.

**تامامەن** رەۋ. پۈتۈنلەي، تەلتۆكۈس، ئۇزۇل-كېسىل، ھەممىسى؛ ئەسلا، زادى، پەقەت، مۇتلەق، ھېچ، قەتئىي: دۈشمەنلەر بۇ يەردىن تامامەن يوقالدى. ★ ھازىرقى مەزگىل ئۇ چاغدىكىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ.

مەنىداش سۆزى: پۈتۈنلەي، تەلتۆكۈس، ئۇزۇل-كېسىل.

**تاماملاش** پ. تۈگىتىش، ئاخىرلاشتۇرۇش، ئاخىرىغا چىقىرىش، ئاياغلاشتۇرۇش: بىز ئالدىنقى مەۋسۇملۇق ئوقۇشنى غەلىبىلىك تاماملاپ، يېڭى مەۋسۇملۇق ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتۇق.

مەنىداش سۆزى: تۈگىتىش، ئاياغلاشتۇرۇش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: باشلاش.

**تاۋ (تاۋى)** ئى ① ئادەمنىڭ بەدەن ئەزالىرىنىڭ نورمال

ھالىتى، ساقلىق: ئىككى كۈننىڭ ياقى دادامنىڭ سەل تاۋى يوق تۇرىدۇ، شۇڭا سىرتلارغىمۇ چىقمىدى. ② كۆچمە. زوق، قىزىقىش؛ قۇۋۋەت، كۈچ، مادار: ئۇنىڭ گۈشتىن باشقىغا تاۋى يوق ئىمىش. ★ مېنىڭ بۇ ئىشقا تاۋىم يەتمەيدۇ. ③ قىزىقلىق، ھارارەت، كۈچلۈك ئىسسىق: ئانام تونۇرغا قاراپ «سەل تاۋى يانسۇن» دېدى-دە، ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

**تاۋى يېنىش** ① رايى قايتىش، قىزىقىشى تۈگەش، كۆڭلى سوۋۇش: ئەمدى مېنىڭ بۇ شاھلىقتىن تاۋىم ياندى،/ دېڭىزغىمۇ پادىشاھلىق قىلغۇم كەلدى. ② ھارارىتى يېنىش، قىزىقى كېتىش، سوۋۇش: تاۋى يانغان تونۇرغا نان ياقسا، ئۇ نان ھەرگىز پىشمايدۇ.

مەنىداش سۆزى: سوۋۇش، تاۋى قايتىش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: قىزىش.

**تاۋار** ئى ① يىپەكتىن قېلىنراق قىلىپ سىلىق توقۇلغان بىر خىل گەزلىمە، رەخت: مومام كىيىملىرى ئىچىدە ھەممىدىن بەك تاۋار كۆڭلىكنى ياخشى كۆرەتتى. ② كۆچمە. سېتىش ياكى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلات، سېتىلىدىغان نەرسە: مەلۇم بىر تاۋارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىدىن خېرىدارلارنىڭ قولىغا تەگكىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئەمگىكى سىڭگەن بولىدۇ.

**تاۋلاش** پ ① قاتتىق قىزىتىپ قىيامىغا يەتكۈزۈش، قىزدۇرۇپ ساپلاشتۇرۇش؛ زىچلىقىنى ئاشۇرۇپ چىڭىتىش: دادام تۆمۈر تاۋلاشقا كەتتى. ② كۆچمە. چېنىقتۇرۇش، يېتىلدۇرۇش، پىشۇرۇش: ئەمگەك ئادەمنى جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن تاۋلاپ، جاسارەتلىك قىلىدۇ. ③ كۆچمە. پارقىرىتىش، قىزغۇچ ھەم پارقىراق تۈسكە كىرگۈزۈش: ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياش دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى قىزغۇچ مىس رەڭگىدە تاۋلىماقتا.

**تاۋلىنىش** پ ① ئېرىپ ياكى يۇمشاپ، يۇمشاقلىقى تەلەپ قىلىنغان دەرىجىگە كېلىش، يۇمشاپ قىيامىغا يېتىش، ئۆلچەمگە ئۇيغۇن ھالەتتە يۇمشاش (يەر ۋە تۆمۈر قاتارلىق

نەرسىلەر ھەققىدە) : ياخشى تاۋلانمىغان تۆمۈر ئۇلىسا تۇتمايدۇ. ★ ئوسسى تاۋلانمىغان يەرگە ئۇرۇق چاچسا بولمايدۇ. ② قىزىق ھارارەت ياكى نۇر، يورۇقلۇق تەپتىدىن ۋالىلداپ پارقىراش، يالتىـــراش: تونۇر تاۋلىنىپ، نانلار يېقىلىشقا باشلىدى. ★ كەچكى قۇياشنىڭ قىزغۇچ شەپەق نۇرىدا ئالتۇندەك تاۋلانغان بۇغداي باشاقلىرى يەڭگىل تەۋرىنەتتى. ③ كۆچمە. چېنىقىش، يېتىلىش، پىشىش: يۈكسىلىش زامانى ئاچتى كەڭ قۇچاق، / كۆرمىشتە تاۋلىنىپ ھامان ئىلگىرىلە./ پىلانىڭنى ئارا ئەركىن سەيلە قىل،/ بار ئىمكان ۋە ئاساس يەنىمۇ ئۆرلە.

**تاۋۇز چاغىنى** خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرىدىن بىرى. قەمەرىيە كالېندارى بويىچە 8-ئاينىڭ 15-كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ كۈنى خەنزۇلار ئىمكان بولسىلا ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن جەم بولۇپ، يۆبىلىك يەپ بۇ بايرامنى تەبرىكلىشىدۇ، ئاينى تاماشا قىلىشىدۇ: بىز شاۋۋاڭنىڭ تاۋۇز چاغىنىنى تەبرىكلەپ يۆبىلىك سوۋغا قىلدۇق.

مەنىداش سۆزى: يۆبىلىك بايرىمى.

**تاياق-دۇمبا** ئى. ئادەمنى ئۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىـــدىغان تاياق-توقماق ياكى شۇنىڭ بىـــلەن ئۇرۇپ دۇمبالاش: رازىيە ھەركۈنى دېگۈدەك تىل-ئاھانەت ۋە تاياق-دۇمبادىن قۇتۇلالمايتتى.

مەنىداش سۆزى: تاياق-توقماق.

**تەبرىكلەش** پ. مۇبارەكلەپ قۇتلۇقلاش؛ ئۇتۇق-نەتىجىلىرى ئۈچۈن ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ياخشى تىلەكلەرنى تىلەش، ئامەت ۋە بەخت تىلەش: مەن ئاكامنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتقا ئۆتكەنلىكىنى تەبرىكلەپ، ئۇنىڭغا بىر دانە قەلەم سوۋغا قىلدىم.

مەنىداش سۆزى: مۇبارەكلەش، قۇتلۇقلاش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: قارغاش.

**تەبىئەت** ئى ① جىمى زېمىن ۋە ئۇنىڭدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى، بارلىق مەۋجۇدات: باھار كېلىشى بىلەن دەل-دەرەخلەر كۆكىرىپ، پۈتۈن تەبىئەت يېشىللىققا ئورالدى. ② روھـــي

ھالەت، كەيپىيات، مىجەز، تۇرق: ئۇلارنىڭ تەبىئەتلىرى بىر ئاز قوپال بولسىمۇ، لېكىن ئەزمەت يىگىتلەر ئىكەن.

**تەبىئىي** سۈپ ① تەبىئەتتە ئەسلىدىن بار بولغان، ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن؛ تەبىئەتكە تەۋە، تەبىئەتكە ئائىت ياكى مۇناسىۋەتلىك: تەبىئىي پەن. ★ قوي يۇڭى، پاختا ۋە پىلە يىپى قاتارلىقلار تەبىئىي تالالادۇر. ② كۆچمە. ھەقىقىي، چىن، ئەسلىي تەبىئىتىگە ئۇيغۇن، ساختا ئەمەس: ئۇنىڭ كۈلكىسى ناھايىتى تەبىئىي ئىدى. ③كۆچمە. مۇقەررەر، جەزمەن، شۈبھىسىز: مىنى كۆرسە، ئۇنىڭ يىغلايدىغىنى تەبىئىي ئىدى.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: سۈنئىي.

**تەپ تارتىش** ئەيمىنىش، ئۆزىنى تارتىش، تارتىنىپ قورۇنۇش، قورقۇپ ياكى ئۇيىلىپ ئوڭايسىزلىنىش: پاشا ھېچقانداق تەپ تارتماي سۆزلەشكە باشلاپتۇ.

مەنداش سۆزى: ئەيمىنىش، تارتىنىش، قورۇنۇش.

**تەپت** ئى. ئىسسىق ھارارەت، ئادەمنى ئىسسىتىدىغان قىزىقلىق: ھاۋا ئوچۇق، ئەمما كۈننىڭ تەپتى تۆۋەن.

مەنداش سۆزى: ھارارەت، قىزىقلىق.

**تەپتىش** ئى ① تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، تەكشۈرۈش، تەرگەۋ: ئۇلار بىزنى تەپتىش قىلغىلى كەلگەن ئىكەن. ② ئومۇمەن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا، تەرگەۋ قىلىشقا مەسئۇل ئورگان ياكى ھۆكۈمەت خادىمى، تەكشۈرگۈچى: تەپتىش ئورگانلىرى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. ★ مەن دادام بىلەن تەپتىشكە بېرىپ كەلدىم. ★ بىز ئۆيدە ئولتۇرغاندا ھېلىقى تەپتىش كېلىپ بەزى ئەھۋاللارنى سوراپ كەتتى.

مەنداش سۆزى: تەكشۈرۈش، تەرگەۋ.

**تەپسە تەۋرىمەيدىغان** ھەرقانداق جىددىي ئىشلارغىمۇ ئالدىرىمايدىغان، بىغەم، بىپەرۋا، ئېرىنچەك، لەقۋا: ھوشۇر ئاكا راستتىنلا تەپسە تەۋرىمەيدىغان ئادەم، سەن ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئۈمىد كۈتمە.

**مەنىداش سۆزى:** ئاسمان بېسىۋالسا مانتا يەيدىغان، لايغەزەل.

**تەتقىق قىلىش** ئىنچىكە كۆزىتىپ تەكشۈرۈش، ماھىيىتىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ ئىزدىنىش، ئۆگىنىش: لۇتپۇللا مەكتەپتە رۇسچە، تاتارچە تىللارنى ئۆگەندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ تىللارنى بېرىلىپ تەتقىق قىلدى.

**تەرخەمەك** ئى. بىر خىل كۆكتات، يەنى كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غولluق ئۆسۈملۈك، پىلەك تارتىپ ئۆسىدۇ. مېۋىسى سىلىندىر شەكلىدە، تىكەنلىك بولۇپ، پىشقاندا سارغىيىدۇ ھەم كۆكتات قاتارىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ. جانلىق تىلدا «خاڭگا» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ: بىز بۇ يىل تەرخەمەك تېرىپ، 1000 يۈەن كىرىم قىلدۇق.

**تەدرىجىي** رەۋ. قەدەممۇقەدەم، ئاستا-ئاستا، بىر-بىرلەپ، دەرىجىمۇدەرىجە، بارغانسېرى: ھازىر شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىدىكى پەرقلەر تەدرىجىي كىچىكلىمەكتە.

**مەنىداش سۆزى:** قەدەممۇقەدەم، بارغانسېرى.

**تەرى تۇرۇلۇش** ئاچچىقلىنىپ چىرايى تۇتۇلۇش، خاپىلىقتىن رەڭگى ئۆڭۈپ ئەلپازى يامانلىشىش، پەيلى بۇزۇلۇش: باش قوماندانىنىڭ بىرئاز تەرى تۇرۇلدى.

**مەنىداش سۆزى:** تەرى تۇتۇلۇش، چىرايى ئۆڭۈش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** چىرايى ئېچىلىش، چىرايىغا كۈلكە يامىشىش.

**تەربىيىلەش** پ. ئىلىم-پەن، ئەدەپ-ئەخلاق، پەم-پاراسەت، ھۈنەر-تېخنىكا ئۆگىتىپ يېتىشتۈرۈش، تەربىيىگە ئىگە قىلىش؛ بېقىپ، پەرۋىش قىلىپ چوڭ قىلىش، ئۆستۈرۈش: مۇئەللىملەر بىزنى تەربىيىلەپ بىلىملىك قىلدۇ. ★ ئالتۇنخان ئانا بارلىقىنى مۇشۇ بىر قىزىنى ياخشى تەربىيىلەش ئۈچۈن سەرپ قىلدى.

**تەربىيىۋى** سۈپ. تەربىيىلەشنى ئاساس قىلغان، تەربىيىلەش

خاراكتېرىدىكى؛ باشقىلارغا تەربىيە بولىدىغان، تەربىيىگە ئائىت، تەربىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان: ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا تەربىيىۋى پائالىيەتلەرنى كۆپرەك قانات يايدۇرۇش كېرەك.

**تەرىپ** ئى. ماختاشقا يارايدىغان ياخشى تەرەپ، ئېسىل سۈپەت، ئارتۇقچىلىق، ئومۇمەن ماختاپ تونۇشتۇرۇلغان ياخشى تەرىپى: ئىلىم-پەن نۇرى ھېكمەتتۇر،/ كىشىگە مەڭگۈ نېمەتتۇر./ ئىلىمنىڭ تەرىپى پۈتمەس، / كۆتۈرسەڭ قانچە ئاسمانغا.

مەنىداش سۆزى: ئارتۇقچىلىق، ئەلالىق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئەيىب، نۇقسان، كەمچىلىك.

**تەرىپلەش** پ. ياخشى تەرەپلىرىنى سۆزلەش ياكى ياخشىلىقلىرىنى سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش، ماختاش: تېخىمۇ كۆپ كىشلەر ئۇنى تەرىپلەپ «ئىشەنچكە ئېرىشكەن پىركازچىك» دېيىشىدۇ.

مەنىداش سۆزى: ماختاش، داڭلاش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: سۆكۈش، ئەيىبلەش.

**تەرىقە** ئى. يول، تەرز، ئۇسۇل؛ شەكىل، فورما: ئۇقتۇرۇش — بىرەر ئىش-پائالىيەتنى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە يازما تەرىقىدە ئۇقتۇرۇشقا توغرا كەلگەندە يېزىلىدۇ.

مەنىداش سۆزى: ئۇسۇل؛ شەكىل.

**تەزىيە بىلدۈرۈش** ئۆلگەن كىشى ئۈچۈن قايغۇرۇپ سۈكۈتتە تۇرۇش، ماتەم تۇتۇش: بۈگۈن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ يىغىن زالىدا سابىق شۇجىگە تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

مەنىداش سۆزى: ماتەم تۇتۇش.

**تەسىرلىنىش** پ. ياخشى تەسىراتقا ئىگە بولۇش، ياخشى تەسىر ئېلىش؛ ياخشىلىقلىرىدىن زوقلىنىپ ھاياجانلىنىش، ئىلھاملىنىش، زوقلىنىش: ئازادىم مۇئەللىم ئۆزىنىڭ پۇلغا قەلەم سېتىۋېلىپ ساڭا بەرگەندە تەسىرلەنگىنىڭدىن نېمىلەرنى دېمىدىڭ — ھە!؟

**تەشەببۇس** ئى. بىرەر ئىشقا چاقىرىش ياكى باشلاش؛ دالالەت،

ئۇندەش، دەۋەت، چاقىرىق تەرىقىسىدىكى مۇراجىئەت: چۈيۈەن دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان.

مەنىداش سۆزى: چاقىرىق، دالالەت، مۇراجىئەت.

**تەشۋىقات** ئى. كەڭ ئاممىنى بىرەر ئىش-ھەرىكەتكە ئىشەندۈرۈپ، قىزىقتۇرۇش ۋە سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان، كەڭ ئاممىغا ئاشكارا سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش پائالىيىتى، تەشۋىق قىلىش ئىشى: ھەر يىلى 5-ئايدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.

**تەقەززالىق** ئى. كۆچلۈك تەقەززا بولۇش تۇيغۇسى، ئىنتىزارلىق، تەشنالىق: لۇتپۇللا بولسا شۇ كۈننى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

مەنىداش سۆزى: تەشنالىق، ئىنتىزارلىق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: بىزارلىق، زېرىكىشلىك.

**تەقدىرلەش** پ. ماختاش، كۆپچىلىك ئالدىدا داڭلاش، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن مۇكاپاتلاش: بۈگۈن مەكتەپ بويىچە ئېچىلغان چوڭ يىغىندا مۇدىر ئالىيەنى تەقدىرلىدى، يەنە تەقدىرنامىمۇ بەردى.

مەنىداش سۆزى: ماختاش، داڭلاش، مۇكاپاتلاش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: تەنقىدلەش، ئەيىبلەش، ئاگاھلاندۇرۇش، جازالاش، سۆكۈش.

**تەقسىر** ئى. يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە نوپۇزلۇق كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ ئاتاش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان «جانابلىرى، ئالىيلىرى، ئۆزلىرى، ئەپەندىم» دېگەن مەنىلەردىكى ھۆرمەت سۆزى: شاھ ئۇلاردىن نېمە سورىسا، ئۇلار ھەردائىم: — ئويلىنىشقا رۇخسەت قىلسىلا، تەقسىر! — دەپ بىردەك جاۋاب بېرىشىدىكەن.

**تەقلىدىي** سۈپ. تەقلىد قىلىنغان، دوراپ ئېلىپ بېرىلغان؛ دوراش ئاساسىدا، ئوخشىتىپ دورىغان ھالدا: بىز بۈگۈن سىنىپتا تەقلىدىي سودا-سېتىق پائالىيىتى ئېلىپ باردۇق.

مەنىداش سۆزى: ئوخشاتما، دورىما.

**تەكەللۇپ** ئى كىشىلەرگە ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلەن قىلىنغان مۇئامىلە: بىز مۇئەللىمنى قىزغىن تەكەللۇپ بىلەن قارشى ئالدۇق.

**تەكلىپ** ئى ① بىر كوللېكتىپ ياكى رەھبەرلىككە مەلۇم ئىش — پائالىيەتنى قانداق ئېلىپ بېرىش توغرىلىق قىلىنغان تەشەببۇس ياكى بېرىلگەن پىكىر، مەسلىھەت: مەكەپنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەر بىرىڭلار بىر تۈرلۈكتىن تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇڭلار. ② چاي-زىياپەت ياكى يىغىلىش قاتارلىق سورۇنلارغا قاتنىشىپ بېرىش ھەققىدىكى ئىلتىماس، چاقىرىق، قىچقىرىش: بىز ئۇلارنىڭ تەكلىپى بىلەن ھېلىقى ئاشخانىغا كىرىپ مېھمان بولدۇق.

مەنىداش سۆزى: چاقىرىق، تەشەببۇس.

**تەڭداشسىز** سۈپ. تەڭدىشى يوق، ھەممىدىن ئۈستۈن، ئەڭ ئېسىل: ياشلىقنىڭ ئېسىل، تەڭداشسىز چېچىكى،/ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگەنگىن ھەردەم.

مەنىداش سۆزى: ئېسىل، ئالىي، قىممەتلىك.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ناچار، قالاق، قەدىرسىز.

**تەڭنە** ئى. خېمىر يۇغۇرۇش ئۈچۈن ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان تار، ئەمما ئۇزۇنچاق، تۆت تەرىپى يانتۇراق چىققان تۆشۈك سايمىنى: شۇنىڭدىنمۇ ئەپلەپ نەرسە ئالالماپسەن،/ ھېچ بولمىسا بىرەر تەڭنە سورالماپسەن.

**تەلەي** ئى ① ئامەت، بەخت: بىزنىڭ تەلىيىمىز كەلدى. ② تەقدىر، قىسمەت، پېشانە: بۇ قېتىم ئۇنىڭ تەلىيى تەتۈر كېلىپ جىق زىيان تارتىپ كەتتى.

مەنىداش سۆزى: ئامەت؛ تەقدىر.

**تەلمۈرۈپ قاراش** تەقەززالىق بىلەن كۆز ئۈزمەي قاراش، ئۈمىد بىلەن ئارزۇ قىلىپ قاراش، تەقەززا بولۇپ قاراش: ئۆگەي ئانا قىزنى ئۇزاققىچە كۈتۈپتۇ، دېرىزىدىن يولغا تەلمۈرۈپ قاراپتۇ.

**تەمشىلىش** پ. (بىرەر ئىشنى قىلىشقا) تەييارلىنىش، ئىنتىلىش، ئۇرۇنۇش، تۇتۇنۇش، كىرىشىش، ھەرىكەت باشلاش: ئۇ ماڭاي دەپ تەمشىلىپ تۇرغاندا، ئالىم ئارقىسىدىن كېلىپ تۇتۇۋالدىم.

**تەمىنلەش** پ. (لازىملىق نەرسىلەرنى) يەتكۈزۈپ بېرىش، تەييارلاپ تەل قىلىپ بېرىش، تارقىتىپ بېرىش، ئۇنىڭغا ئىگە قىلىش؛ قامداش، قاندۇرۇش: ئۇلار ئۈچ يىلدىن بېرى شەھەر خەلقىنى سەي-كۆكتات بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتىدۇ.

**تەنە** ئى. باشقىلارنى كەمسىتىپ ياكى باشقىلارغا دوق قىلىپ ئېيتىلغان دارىتما، ئەگىتمە سۆز ياكى مىننەت بىلەن قىلىنغان دوق، نارازىلىقنى ئىپادىلەيدىغان ھەرىكەت: بۈگۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ماڭا تەنە قىلىشىپ، تازىمۇ ئاچچىقىمنى كەلتۈردى.

مەنىداش سۆزى: دوق.

**تەنە قىلىش** باشقىلارنى كەمسىتىپ ياكى مەسخىرە قىلىپ دارىتما گەپ قىلىش، ئەگىتمە گەپلەر بىلەن دارىتمىلاپ مازاق قىلىش ياكى دوق قىلىش: — پاھ بۇ باغنى سەن بىنا قىلغانمۇ؟ — دەپتۇ ئالما دەرىخى تەنە قىلىپ.

**تەنقىد** ئى. كەمچىلىك، خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ ھەم ئۇنى ئەيىبلەپ ئېيتىلغان پىكىر، كەمچىلىكلەرنى سۆكۈپ ئېيتىلغان پىكىر: بۈگۈن يېزا باشلىقى ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىغان كەنت كادىرلىرىنى تەنقىد قىلدى.

**تەۋە** ① ئى. دائىرە، باشقۇرۇشى ياكى مۇناسىۋەت دائىرىسى ئىچىدىكى جايلار: ئۇلار بۇ ئۇقتۇرۇشنى ئۆز تەۋەسىدىكى ئاممىغا قارىتىپ يازغانىدى. ② تىر. قاراشلىق، مەنسۇپ: بۇ يايلاق ئەسلىدىنلا ئۈرۈمچىگە تەۋە ئىدى.

مەنىداش سۆزى: دائىرە؛ قاراشلىق، مەنسۇپ.

**تىراللىبۇس** ئى. توك (ئېلېكتر) كۈچى بىلەن ماڭىدىغان ئاپتوبۇس. ئۇ ماڭىدىغان يولنىڭ ئۈستىدىكى ھاۋا بوشلۇقىغا

توك سىمى تارتىلغان بولۇپ، توك سىمى بىلەن تراللىبۇسنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئۆتكۈزگۈچ تاياقچىسى بولىدۇ. ئۇ مۇشۇ تاياقچە ئارقىلىق بوشلۇقتىكى توك سىمىدىن توك قوبۇل قىلىپ ھەرىكەتلىنىدۇ: چوڭ شەھەرلەردىكى باللار مەكتەپكە بارغاندا ياكى سىرتلارغا چىققاندا ھەمىشە تراللىبۇس ياكى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرىدۇ.

**ترامۋاي** ئى. شەھەر ئىچى تۆمۈر يوللىرىدا ئېلېكتر كۈچى بىلەن قاتنايدىغان پويىز شەكلىدىكى قاتناش قورالى: كېيىن خېلى تەسلىكتە دوقمۇشتىكى ترامۋاي بېكىتىدە ماش رەڭ ھەربىي شەپكىگە كۆزۈم چۈشتى.
★ئاپتونوم رايونىمىزدا ترامۋاي قاتنايدىغان شەھەر يوق.

**ترانسپورت** ئى. ماتورلۇق قاتناش قوراللىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان يۈك ياكى يولۇچى توشۇش ئىشى، قاتناش: دادام ترانسپورت شىركىتىدە ئاپتوموبىل ھەيدەيدۇ.
مەنىداش سۆزى: قاتناش.

**توختام** ① سۈپ. توختاپ قالغان، ئاقمايدىغان: كېچىلىرى سوغۇق، توختام سۇلارنىڭ يۈزىنى نېپىز مۇز تۇتۇپمۇ قالىدۇ. ② ئى. كۆپ تەرەپ بىرلىكتە ئىشلەيدىغان ئىش-پائالىيەتلەرنىڭ نورمال داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن، ھەرقايسى تەرەپنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى كېڭىشىپ بېكىتىلگەن، ھەرقايسى تەرەپ قوشۇلۇپ ئىمزا قويغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدىغان ھەم ھەر قايسى تەرەپ رىئايە قىلىدىغان يازما كېلىشىم ۋە بۇ ھەقتىكى ھۆججەت.

**توخۇ** ئى. ئۆي قۇشىنىڭ بىرخىلى، ئېگىز ئۇچالمايدۇ، تۇمشۇقى قىسقا، بېشىدا قىزغۇچ تاجى بار، قانىتى قىسقا، تۇخۇم تۇغىدۇ. گۆشى ۋە تۇخۇمى ئىستېمال قىلىنىدۇ: ماھىرە ئاپىسىغا ياردەملىشىپ توخۇغا دان چېچىپ بەردى.

**تور كېتىش** قاتتىق تەسىر قىلىش، دەز كېتىش، روھىي ياكى جىسمانىي جەھەتتىن زىيان-زەخمەت يېتىش: رىزۋانگۈل يىگىتكە

قاتتىق تىكىپ: — مەن گومىنداڭغا قارشى مۇشت ئاتاي دېسەم، سىزگە تور كەتتىمۇ-نېمە؟! — دەپ ئۇستەلدىكى تىزىم دەپتىرىگە قارىدى.
**مەنىداش سۆزى:** دەز كېتىش، زىيان يېتىش.

**تورپېدا** ئى. كېمە، پاراخوت قاتارلىقلارنىڭ سۇ ئۈستى قىسمىغا زەربە بېرىدىغان، سۇ ئۈستىدىن قويۇپ بەرسە ئۆزى نىشانغا قاراپ ماڭىدىغان بىر خىل سۇ بومبىسى: بىز يەنە «ھەربىي پاراخوتنىڭ تورپېدا قويۇپ بېرىشى»، «ئايروپىلاندا تۇرۇپ شار ئېتىش» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئويۇنلارنى كۆردۇق.

**توزۇش** پ ① توزاندەك ئۇۋۇلۇپ ھەر تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىش، تۆكۈلۈپ ھەر تەرەپكە تاراپ كېتىش: — مەيلى، ئورنىڭىزنى بېرىۋېرىڭ، — دەپتۇ ساقال-بۇرۇتلىرى توزۇپ كەتكەن يەنە بىر بوۋاي. ② كۆچمە. ھەر تەرەپكە تاراپ كېتىش، تەرەپ-تەرەپكە چېقىلىپ كېتىش: ئاشۇ ئۇرۇش يىللىرى ئۇنىڭ شېرىكلىرىمۇ توزۇپ كەتتى. ③ تىتىلىپ ئۇۋۇلۇپ كېتىش: ئۇ پۇللارنىڭ تۇتقانلا يېرى توزۇپ تۇراتتى. ④ كۆچمە. يوقىلىش، ۋەيران بولۇش، ھالاك بولۇش: بىرلا ھۇجۇم بىلەن دۇشمەن قوشۇنى توزۇپ تۈگەشتى.

**توسالغۇ** ئى. توسقۇن بولىدىغان، توسىدىغان نەرسە؛ پۇتلىكاشاڭ، قىيىنچىلىق، دەخلى-تەرۇز: ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنى ئېگىز بىنا قاتارلىق توسالغۇلارغا ئۇرۇلغاندا كەينىگە قايتىدۇ. ★ بۇ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بۇ ئىشقا توسالغۇ بولىدىغانلارنى تۈگىتىش كېرەك.

**توقۇمىچىلىق** ئى. يىپ ئېگىرىش ۋە يىپتىن تۈرلۈك توقۇلما مەھسۇلاتلارنى توقۇش ئىشى، توقۇش كەسپى: ئاپام توقۇمىچىلىقتا ئىشلەيدۇ.// بىز بۈگۈن توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى زىيارەت قىلىمىز.
**مەنىداش سۆزى:** باپكارلىق.

**توقۇمىچىلىق سانائىتى** رەخت ۋە گەزلىمە توقۇش، ئېگىرىش ھەم ئىشلەپچىقىرىش سانائىتى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ

توقۇمىچىلىق سانائىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

**توقۇنۇش** پ ① بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ دۇچ كېلىپ قېلىش، بىر-بىرىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئۇرۇلۇش، دوقۇرۇش، سوقۇلۇش: ئايلار ئۆز نۆۋىتى بىلەن كېلىدۇ، زادىلا توقۇنۇشۇپ قالمايدۇ. ② ② جاڭجاللىشىش، ئۇرۇشۇش، سوقۇشۇش، جەڭ قىلىش: ئىككى تەرەپنىڭ توقۇنۇشى تا يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى. ③ **كۆچمە.** زىتلىشىش، قارشىلىشىش، دۈشمەنلىشىش: ئالىم بىلەن مەتروزى ھەممىلا يەردە توقۇنۇشۇپ، پۈت تېپىشىپلا يۈرۈيدۇ.

**توك سوقۇۋېتىش** توك ئۆتۈۋاتقان يالىڭاچ سىمنىڭ ئادەمگە تېگىشى نەتىجىسىدە، توكنىڭ ئادەم بەدىنىگە ئۆتۈش ھادىسىسى. بۇنىڭدا ئېغىر بولغاندا ئادەم ئۆلۈش ياكى ھوشسىزلىنىش، يېنىك بولغاندا بەدەن قاتتىق سىلكىنىش ياكى سىلكىنىپ يىراققا ئۇچۇپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ: توك سوقۇۋېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن توك سىملىرىنى تۇتماسلىق، توك سىمى بار يەرلەردە ئوينىماسلىق لازىم.

مەنىداش سۆزى: توك تېپىۋېتىش، توك ئۇرۇۋېتىش.

**تومۇر سوقۇش** يۈرەكنىڭ ھەرىكەتلىنىشى بىلەن قان تومۇرلارنىڭ رىتىملىق تەۋرىنىشى، يەنى قان تومۇرلارنىڭ بىر كېڭىيىپ، بىر تارىيىش ھەرىكىتى: تومۇر سوقۇشنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق يۈرەك ۋە باشقا ئەزالارنىڭ ساغلاملىق ئەھۋالىنى بىلىشكە بولىدۇ.

**تۇرۇپكا** ئى. تېلېفوننىڭ سۆزلەشكەندە قولدا تۇتۇپ ئاڭلاش ۋە سۆزلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قىسمى: تېلېفون قاتتىق جىرىڭلىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدىيۇ، يەنە قويۇپ قويدى.

**تۇيماي قېلىش** ھېس قىلالماي، بىلەلمەي قېلىش، سەزمەي، بايقىيالماي قېلىش: مەن ئۇنىڭ كەلگىنىنى تۇيماي قېلىپتىمەن.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: سېزىۋېلىش، بايقىۋېلىش، بىلىۋېلىش.

**تۈيۈق** سۈپ. ئاخىرى يوق، ئاخىرىنى تاپقىلى بولمايدىغان، ئاخىرى چىقمايدىغان: يولنىڭ كەينى تەرىپىنىڭ ئوڭ تەرەپ يۇقىرىسىدا، خىلمۇخىل رەڭدىن تەشكىل تاپقان كۆپ رەڭلىك تۈيۈق سىزىقلىق شەكىللەر بار.

**تۆلەم** ئى. ① زىياننى تولدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن تۆلىنىدىغان ھەق، زىياننىڭ ئورنىغا بېرىلگەن نەرسە، تۆلەنگەن ياكى تۆلىنىدىغان نەرسە ياكى پۇل: سۇغۇرتا شىركىتى ئۇلارغا 15 مىڭ يۈەن تۆلەم بەردى. ② ئۇرۇشتا يېڭىلگەن دۆلەت يەڭگەن دۆلەتكە بەلگىلىمە بويىچە تۆلەپ بېرىدىغان ئۇرۇش چىقىمى.

**تۆھپە** ئى. مەلۇم بىر كوللېكتىپ ياكى توپ ئۈچۈن ئەمەلىي قىلىپ بەرگەن تىلغا ئالغۇدەك بەلگىلىك سالماقتا ئىگە چوڭ خىزمەت، ياراتقان نەتىجە، ئۇتۇق، باشقىلارغا بېغىشلاپ كۆرسىتىلگەن خىزمەت: ئالىم بۇ قېتىم سىنىپىمىزنىڭ ئىلغار سىنىپ بولۇشى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى.

**تۆۋەن** ① سۈپ. پەس، ئاستىن، تەكت، يۇقىرىنىڭ تەتۈرى: ئۇ بېشىنى تۆۋەن سالدى. ② ئى. (مەلۇم بىر نەرسىنىڭ) پەس ياكى ئاياغ تەرىپى، ئاخىرقى تەرىپى: ئۇلار مەھەللىنىڭ تۆۋىنىگە قاراپ كەتتى. ③ سۈپ. كۆچمە. (نەتىجە، سۈپەت، دەرىجە جەھەتتىن) ئارقىدا قالغان، ناچار: مېنىڭ نەتىجەم بەك تۆۋەن ئىكەن. ④ سۈپ. كۆچمە. (سان ياكى مىقدار جەھەتتىن) ئاز، كەم، جىق ئەمەس: ئۇنىڭ باھاسى بەك تۆۋەن ئىكەن. ★ ئۇنىڭ ئىش ھەققى بەك تۆۋەن ئىكەن. ⑤ سۈپ. (ئاۋاز ياكى سۈرئەت قاتارلىقلارغا نىسبەتەن) بوش، پەس، كۈچسىز؛ ئاستا، گال: ئۇ تۆۋەن ئاۋازدا پىچىرلىدى. ★ بۇ ماشىنىنىڭ تېزلىكى باشقا ماشىنىلاردىن خېلىلا تۆۋەن ئىكەن. ⑥ ئى. كۆچمە. يۇقىرىغا بويسۇنىدىغان، تەشكىلىي جەھەتتىن دەرىجىسى كېيىن تۇرىدىغان ئورۇن، تەشكىلات، ئاساسىي قاتلام: ئۇلار تۆۋەنگە خىزمەت تەكشۈرگىلى ماڭدى.

**مەنىداش سۆزى:** پەس، ئاست، تەكت؛ ئاياغ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يۇقىرى، ئېگىز، ئۈستۈن؛

باش.

**تۇجۇپىلەش** پ. ھەممە تەرەپلىرىگە تەڭ كۆڭۈل قويۇپ، ئىنچىكە، پۇختا ئىشلەش، ئەستايىدىللىق بىلەن بىرمۇبىر ئىشلەش: دېھقانلار زىرائەتلەردىن مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن يىلبويى تۇجۇپىلەپ ئىشلەيدۇ.

**تۇس** ئى ① رەڭ-بوياقلارنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئايرىم تۈرى، رەڭ: ئۇ قولىنى بېشىغا تىرەپ كۆپكۆك تۇس ئالغان دېرىزىگە، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا ئۇزاق قاراپ ئولتۇردى. ② قىياپەت، تەقى-تۇرق ياكى خاراكتېر، كۆرۈنۈش، ئومۇمەن كۆرگىلى ياكى بىلگىلى بولىدىغان ھالەت: جەڭ ناھايىتى دەھشەتلىك تۇس ئالدى.

مەنىداش سۆزى: رەڭ؛ ھالەت، كۆرۈنۈش.

**تۇگمەن** ئى. يۇملاق ياپپاڭ تاش ۋە تۇلۇقتىن تۈزۈلگەن، توك ياكى سۇ، شامال كۈچى قاتارلىقلار بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئۇن تارتىش قۇرۇلمىسى: بىز تۇگمەنگە ئۇن تارتقىلى باردۇق.

**تېجەش** پ. جايى-جايىدا ئاياپ ئىشلىتىپ ئاشۇرۇپ قېلىش، ئىقتىساد قىلىش؛ بىھۇدە زايە قىلىۋەتمەي رەتلىك ئىشلىتىش: تۇپراقسىز ئۆسۈملۈك ئۆستۈرگەندە سۇ ۋە ئوغۇتنى تېجىگىلى، بۇلغىنىشنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

مەنىداش سۆزى: ئاياش، ئاشۇرۇۋېلىش، ئىقتىساد قىلىش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: زايە قىلىۋېتىش، بۇزۇپ-چېچىش، ئىسراپ قىلىش.

**تېجەشلىك** سۈپ. ئىقتىسادچىل، بۇزۇپ-چاچمايدىغان، تېجەپ ئىشلىتىدىغان، تەرتىپ بىلەن ئاياپ ئىشلىتىدىغان: ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يېغىنى بىر قېتىملىق ئاددىي، تېجەشلىك يىغىن بولدى.

مەنىداش سۆزى: ئىقتىسادچىل.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئىسراپخور، بەتخەج.

**تېخنىكا** ئى. ئادەملەرنىڭ تەبىئەتنى بىلىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش

جەريانىدا ئەمەلىيەتتىن ئۆتۈپ توپلانغان تەجرىبە ۋە بىلىملىرى، ماھارەت، ھۈنەر: ئۇلار ئىككى يىلدىن بېرى ئىلغار تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈپ زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى.

**تېرمومېتىر** ئى. تېمپېراتۇرىنىڭ ئىسسىقلىق ياكى سوغۇقلۇق دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب: بەدەن تېمپېراتۇرىسى تېرمومېتىر بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

**تېرىكىش** پ. خاپا بولۇش، رەنجىپ كېتىش، ئېغىر ئېلىپ ئاچچىقلىنىش: بەزىدە خېرىدارلار قايتا-قايتا تاللاپ كەتكەندىمۇ، ئۇ قىلچە تېرىكمەستىن خېرىدارلارنىڭ تاللىۋېلىشى ئۈچۈن توپ-توپ رەختلەرنى پۈكەيگە ئېلىپ كېلىدۇ.

مەنىداش سۆزى: ئاچچىقلىنىش، رەنجىش، خاپا بولۇش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: خۇشاللىنىش، خوش بولۇش.

**تېگىدە گەپ بار** يوشۇرۇن سىر بار، باشقىچە مەنە ياكى مەقسەت بار، باشقىچە پىكىر بار: ئەمدى ئاپامنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم. ★ ئۇنىڭ «ئۇرۇمچىگە بارىمەن» دېگىنىنىڭ تېگىدە گەپ بار، ياخشىسى ئوبدانراق سۆزلىشىپ بېقىڭلار.

**تېز پۈكمەسلىك** باش ئەگمەسلىك، تەسلىم بولماسلىق، بويسۇنماسلىق: بىز ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ دۈشمەن ئالدىدا تېز پۈكمەسلىكتەك ئۇلۇغ روھىدىن مەڭگۈ ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

**تېڭىرقاش** پ. نېمە قىلارىنى بىلمەي قېلىش، ئەس-ھوشىنى يىغالماي تەمتىرەپ قېلىش، داڭ قېتىپ قېلىش، ھاڭۋېقىپ قېلىش: ئالىيە تېڭىرقاپ تۇرغاندا، مومىسى ھورى چىقىپ تۇرغان بىر چىنە سۇيۇقئاشنى كۆتۈرۈپ كىردى.

مەنىداش سۆزى: تەمتىرەش، داڭ قېتىش، ھاڭۋېقىش، گاڭگىراش، مەڭدەش.

**تېلېگرامما** ئى. پوچتا ئىدارىلىرى ئارقىلىق تېز سۈرئەتتە يەتكۈزۈلىدىغان بىر خىل خەت. ئۇنىڭدا خەتنى يوللىغۇچى پوچتا

ئىدارىسى خەتتىكى سۆز ۋە سۇرەت، تەسۋىرلەرنى رەقەم ياكى بەلگىلەرگە ئايلاندۇرۇپ، قارشى تەرەپكە تېز يوللايدۇ. قارشى تەرەپ تاپشۇرۇپ ئالغان رەقەم ۋە بەلگىلەرنى سۆز ۋە سۇرەتكە ئايلاندۇرۇپ، خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ: بىز تۈنۈگۈن دادامدىن كەلگەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق.

**تېمپېراتۇرا** ئى. نەرسىلەرنىڭ ئىسسىق-سوغۇقلۇق ئەھۋالى، ئىسسىق-سوغۇقلۇق دەرىجىسى: كىشىلەرنىڭ نورمال بەدەن تېمپېراتۇرىسى 37.2℃ — 36.5℃ بولىدۇ.

**تېنەش** پ. يولدىن ئېزىپ ياكى ئادىشىپ قېلىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەش، بېشى قېتىپ تۇرۇپ قېلىش؛ بارار جايى يوق سەرسان-سەرگەردان بولۇپ يۈرۈش، يول تاپالماي قېلىش: ئۇ خۇددى دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدا تېنەپ يۈرگەن يۇلتۇزغا ئوخشايدىكەن.

مەنىداش سۆزى: ئېزىش، تەمتىرەش، ئادىشىش.

**تېنىش** پ ① قىلغان-ئەتكەنلىرىنى ياكى دېگەنلىرىنى «قىلمىدىم، دېمىدىم» دەپ تۇرۇۋېلىش، ئىنكار قىلىش، ئۆز قىلغىنىدىن ياكى دېگىنىدىن يېنىۋېلىش: ئۇ ھەرگىز تانالمايدۇ، چۈنكى قولىمىزدا ئەمەلىي پاكىت نەق تۇرۇپتۇ. ② كۆچمە. (يېقىن كىشىلىرىدىن) ۋاز كېچىش، مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈش، يىراقلىشىش، قېچىش: گەپ توقۇما، ھەي بەچچىغەر! / ئۇرۇقۇڭدۇ، ئايمىقىڭدۇ؟ / بىرەر ئاغزى مايمىقىڭدۇ؟ / ئۇلاردىنمۇ تاناتتىڭمۇ؟

مەنىداش سۆزى: يېنىۋېلىش، ئىنكار قىلىش.

**تىت-تىت بولۇش** جىددىيلىشىپ تاقەتسىزلىنىش، ئەندىشە قىلىپ ئالاقزادە بولۇش؛ ئىچى سىقىلىش، بىئارام بولۇش، دەككە-دۈككە بولۇش: مومىسى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تىت-تىت بولۇپ كېتىپتۇ.

مەنىداش سۆزى: ئالاقزادە بولۇش، جىددىيلىشىش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: خاتىرجەم بولۇش، كۆڭلى

تىنىش.

**تىزگىن** ئى ① يۈگەننىڭ ئېغىزدۇرۇق ھالقىسىغا چېتىلغان، ئات-ئۇلاغلارنى يېتىلەش، قاڭتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۇزۇن تاسما: ھارۋىكەش گەپ-سۆز قىلماي، ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ قامچىنى قولغا ئالدى. ② كۆچمە. باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىش ھوقۇقى ياكى ۋاسىتىلىرى: ئۇ شۇنداق قىلىپ قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ تىزگىنىنى ئۆز قولغا ئالغانىدى.

**تىزگىنلەش** پ. باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىش، كونترول قىلىش؛ تۇسۇش، چەكلەش: ئۇ ھازىر پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ پۈتۈن كەنتنى تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتىدۇ. ★ ئۇلار ئاپەتنى تىزگىنلەپ، زىياننى ئازايتىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشتى.

**تىلغاش** پ. تىلىپ پارچە-پارچە قىلىش، يېرىش، پارە قىلىش؛ تۇرتۇپ ئۆكتۈرۈش، تېرىپ ياكى چاناپ ئۆرۈپ تويپىسىنى يۇمشىتىش: بۇ ئازاب باغرىمنى تىلغاپ قان قىلىۋەتتى. ★ كەتمەن ئالسۇن دېھقان، تىلغىسۇن يەرنى،/ ئالتۇن تېپىش ئۈچۈن تۆكسۇن ساپ تەرنى.

مەنىداش سۆزى: تىلىش، يېرىش.

**تىنچىش** پ ① (ھەرىكەت ياكى ۋاراڭ-چۇرۇڭ، ئاۋاز قاتارلىقلار توختاپ) جىم بولۇش، تىنچ ھالەتكە كېلىش، جىم، شۈك بولۇش: بوۋاي ئورنىدىن مىدىرلىشى بىلەنلا ئورمان تىنچىپ قاپتۇ. ② كۆچمە. (ئۇرۇش-جېدەل، غەم-قايغۇ قاتارلىق كۆڭۈلنى يېرىم قىلىدىغان غەشلىكلەردىن قۇتۇلۇپ) خاتىرجەم بولۇش، كۆڭلى ئەمىن تېپىش، كۆڭلى ئېچىلىپ ئازادە بولۇپ قېلىش: ئانامنىڭ كۈلكىسىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم تىنچىپ قالدى. ★ باسمىچىلار كەتكەندىن كېيىن يۇرت ئىچى خېلى تىنچىپ قالدى، مەن خوتۇن-بالىلىرىمنى تاغدىن ئەچۈشۈۋالدىم.

مەنىداش سۆزى: جىمىش، شۈكلەش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: مىدىرلاش، ھەرىكەتلىنىش؛ خاتىرجەمسىزلىنىش.

**تىنىمسىز** ① سۈپ. بىكار تۇرمايدىغان، تىنىم تاپمايدىغان، توختىماي ئىش-ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان، ھارماس، ئىشچان، ئەمگەكچان: بىزنىڭ بوۋىمىز زادىلا ئارام ئېلىشنى بىلمەيدىغان، ئوقەتچان، تىنىمسىز بىر ئادەم ئىكەن. ② رەۋ. جىم تۇرماي، توختىماستىن، ئۈزلۈكسىز: دۈشمەنلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن تىنىمسىز ئوت ئاچماقتا ئىدى.

مەنىداش سۆزى: توختىماي، ئۈزلۈكسىز.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: تىنىپ، توختاپ.

# ج

**جاراڭلىق** سۈپ. ياڭراق، ئۈنلۈك ھەم دولقۇنلۇق، كۈچلۈك ۋە يۇقىرى (تۇرلۇك ئاۋازلار ھەققىدە): ئالىمنىڭ ئاۋازى ناھايىتى جاراڭلىق، شۇڭا شېئىر-قوشاقلارنى ئىنتايىن تەسىرلىك دېكلاماتسىيە قىلىدۇ.

مەنىداش سۆزى: ياڭراق، دولقۇنلۇق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: جاراڭسىز.

**جارى قىلدۇرۇش** ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، ئەمەلگە ئاشۇرۇش؛ كۈچكە ئىگە قىلىش، ئىجرا قىلىش: بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپچىلىككە ئاكتىپ بېتەكچىلىك قىلدى.

**جاسارەت** ئى. ئادەم ۋۇجۇدىدىكى غەيرەت-شىجائەت تۇيغۇسى؛ مەردانىلارچە ئىش-ھەرىكەت، مەردانىلىق، باتۇرلۇق، جەسۇرلۇق: بىزنىڭ ئارمىيىمىز جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن دۈشمەنلەرنى تارمار قىلدى.

مەنىداش سۆزى: غەيرەت، شىجائەت، جۈرئەت.

**جاسارەتلىك** سۈپ. جاسارىتى بار، جاسارەت بىلەن ئىش قىلىدىغان، جۈرئەتلىك، باتۇر: ئەمگەك ئادەمنى جاسارەتلىك قىلىپ

ئۆزگەرتىدىكەن.

**مەنىداش سۆزى:** جۈرئەتلىك، شىجائەتلىك، غەيرەتلىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بوشاڭ، ئېزىلەڭگۈ، جاسارەتسىز.

**جاكارلاش** پ. ئېلان قىلىش، پۈتۈن ئاممىغا ئېنىق ئۇقتۇرۇش، جاكار سېلىش: پادىشاھ پۈتۈن خەلققە ئۆز قارارىنى جاكارلاپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** جاكار قىلىش، ئېلان قىلىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** مەخپىي تۇتۇش.

**جاڭجاللىشىش** پ. بىر-بىرى بىلەن تىللىشىپ ئۇرۇشۇش، ۋارقىرىشىپ ماجىرالىشىش، تالاش-تارتىش قىلىشىش، قاتتىق توۋلىشىپ جېدەللىشىش: — مەن جاڭجاللىشىپ ئولتۇرمايمەن، — دەپتۇ بوۋاي.

**مەنىداش سۆزى:** ۋارقىرىشىش، جېدەللىشىش، ئۇرۇشۇش.

**جاللات** ئى ① ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ بېشىنى ئالغۇچى، ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلغۇچى كىشى (ئاساسەن بۇرۇنقى زاماندىكى جازا ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ): پادىشاھ ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ، جاللات ھۆكۈمنى دەرھال ئىجرا قىلىپتۇ. ② ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگۈچى، قاتىل، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى: تۈرمە باشلىقى قورالىق جاللاتلارنى باشلاپ مەھبۇسلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

**مەنىداش سۆزى:** كاللىكېسەر، قاتىل.

**جاھاز** ئى. قۇراشتۇرۇپ تەييارلانغان، مۇئەييەن قۇرۇلمىلىق ئۈسكۈنە، جابدۇق، تەييار قۇراشتۇرۇلغان جابدۇق: سىلەر ئىشلىتىۋاتقان ئۆي جاھازلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

**مەنىداش سۆزى:** جابدۇق، ئۈسكۈنە، سايمان.

**جاھىل** سۈپ. ئۆز پىكرىدىن يانمايدىغان، كۆزقارىشى قاتمال، يېڭىلىقنى ئاسان قوبۇل قىلمايدىغان، كاج، تەرسا؛ بىلىمسىز، ئىلىم-پەندىن خەۋەرسىز قالغان: ساۋۇت ناھايىتى جاھىل ئادەم ئىكەن،

ھەرقانچە قىلساقمۇ گېپىمىزگە زادىلا ئۇنىمىدى.
**مەنىداش سۆزى:** كاج، تەرسا، تەتۈر، گەپ يېمەيدىغان.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** رايىش، ئوڭلۇق، گەپ يەيدىغان.

**جاھىللىق** ئى. خاتا بولسىمۇ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىش، باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىماسلىق، «مېنىڭلا راست» دەپ تۇرۇۋېلىش، گەپ يېمەسلىك: باللار تۈرلۈك ئىشلاردا بەڭۋاشلىق قىلماسلىقى، جاھىللىق، ھاكاۋۇرلۇقتىن ساقلىنىشى لازىم.
**مەنىداش سۆزى:** كاجلىق، تەرسالىق، تەتۈرلۈك.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئوڭلۇقلۇق، رايىشلىق.

**جاۋابكار (جاۋابكارى)** ئى ① قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ياكى «قانۇنغا خىلاپلىق قىلدى» دەپ قارىلىپ سوتتا ئەيىبلەنگۈچى كىشى، سوتتا گۇماندار ئورۇندا تۇرغان كىشى: سوتتا جاۋابكارلارنىڭ ئۆزىنى ئاقلاش ھوقۇقى بار. ② بىرەر ئىش-پائالىيەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، مەسىلە چىقسا ئۆزى جاۋاب قىلىدىغان مەسئۇل كىشى، مەسئۇل بولغۇچى: ئەگەر بۇنىڭدا مەسىلە كۆرۈلسە، جاۋابكارى مەن.

**جاي-جايلار** ھەرقايسى جايلار، تەرەپ-تەرەپتىكى ئورۇنلار، ھەممە يەرلەر: تەكشۈرۈش دائىرىسىنى جاي-جايلاردىكى مەكتەپلەر ئۆزلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلىسە بولىدۇ.

**جەسەت** ئى. ئۆلگەن ئادەمنىڭ تېنى، ئۆلۈك تەن، مۇردا: كىشىلەر ئەجدىھا شەكىللىك كېمىنى ھەيدەپ چىقىپ ئۇنىڭ جەسىتىنى ئىزدەيدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** مۇردا، ئۆلۈك، مېيىت.

**جەلپ قىلىش** ئۆزىگە تارتىش، قارىتىش، رام قىلىش، مەپتۇن قىلىش، شەيدا قىلىش: بۇ ئاۋاز پاسكالنى جەلپ قىلىۋالدى.
**مەنىداش سۆزى:** رام قىلىش، مەھلىيا قىلىش، قىزىقتۇرۇش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بەزدۈرۈش، تەزدۈرۈش،

زىيرىكتۈرۈش.

**جۈگشى** ئى. ھەربىيلەرنىڭ دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان ئۇنۋان. لاردىن بىرى، دەرىجىسى شاڭشىدىن تۆۋەن، شياشىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ: ئۇلار ماڭا «سەن جۈگشى» دېدى.

**مەنىداش سۆزى:** سىرژانت.

**جېدەللىشىش** پ. جېدەل قىلىشىش، ئۇرۇشۇش، ماجىرا. لىشىش، غوۋغا قىلىشىش، ئېتىشىش: قوشنا باللار بىلەن جېدەللىشىش نومۇسلۇق ئىش.

**مەنىداش سۆزى:** ئۇرۇشۇش، غەلۋىلىشىش، ئېتىشىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يارىشىش، ياخشىلىشىش.

**جىسەكچى** ئى. كېچىدە قاراۋۇللۇقتا تۇرىدىغان، چارلاش ئېلىپ بارىدىغان، تەكشۈرىدىغان كىشى، كېچىلىك قاراۋۇل: باسالماستىن جىسەكچىلەر غەزىپىنى،/ تاسلا قاپتۇ چىپىۋېتىشكە بېچارىنى.

**جىگەرلىك** سۈپ. جىگىرى بار، جۈرئەتلىك، قورقماس، غەيرەتلىك، باتۇر: ئەمگەك ئۇلاردەك كەمبەغەللەرنى جىگەرلىك، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان قىلىپ يېتىلدۈرگەن.

**مەنىداش سۆزى:** باتۇر، ۋىجدانلىق، روھلۇق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قورقۇنچاق، بوشاڭ، لامزەللە.

**جىلە** ئى. كۆڭۈلسىزلىك تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان تىتىلداش، خاپىلىق، تېرىكىش، بىزارلىق: ھارۋىكەشمۇ جىلە بولۇپ تۇرغان بولسا كېرەك، تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ سۆزلەپ كەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** خاپا، رەنج.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خۇشال، شاد، خاتىرجەم.

**جىلتا** ئى ① ئىچىگە دەپتەر-قەلەم سالىدىغان باللار سومكىسى، بوغچا، پوپكا: جىلتامنى شۇنچە ئاختۇرساممۇ ئۇ قەلەمنى تاپالمىدىم. ② (مانتا، چۆچۈرە قاتارلىق تۈگۈپ ئېتىلىدىغان تاماقلارنى تەييارلاش ئۈچۈن) زۇۋۇلىنى ئېچىپ تەييارلانغان نېپىز

خېمىر، ئىچىگە قىيما ئېلىنىدىغان نېپىز ئېچىلغان خېمىر:
ئاپام ئاشخانىدا جىلتا ئېچىۋاتاتتى.
مەنىداش سۆزى: بوغچا، پوپكا، سومكا.
**جىلغا** ئى. تاغلار، ئېگىزلىكلەر ۋە دۆڭلۈكلەر ئارىسىدىكى ھۆل-يېغىن بولغاندا قار-يامغۇر سۇلىرى ئاقىدىغان ساي، ئېقىنلىق: ئۇۋۇ ئىتلىرى بۆرىنى قوغلاپ يۈگۈرگىنىچە جىلغا تەرەپكە چۈشۈپ كەتتى.
**جىمجىت** رەۋ. ئاۋاز ياكى ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن، ئۈن-تىنۋىشتىن ۋە ھەرىكەتتىن خالىي، تىپتىنچ، ئۈن-تىنۋىشسىز ھەم ھەرىكەتسىز، جىم ھالەتتە: مۇئەللىم كىرىش بىلەن تەڭ ھەممەيلەن جىمجىت بولۇپ قېلىشتى.
مەنىداش سۆزى: تىپتىنچ، ئۈن-تىنۋىشسىز.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ۋاراڭ-چۇرۇڭلۇق.
**جىمىرلاش** پ. جىمىر-جىمىر قىلىپ نۇر چېچىش، پارقىراش، يالتىراش، نۇر چىقىرىش، جىمىر-جىمىر قىلىش: ئۇ جىمىرلاپ تۇرغان كېچە ئاسمىنىغا قاراپ خېلى ئۇزاق خىيال سۈرۈپ ياتتى. ★ كۆل سۈيى ئاي شولىسىدا لەرزان تەۋرىنىپ جىمىرلايتتى.
**جىمىلەش** پ. جىم ھالەتكە كەلتۈرۈش، جىم قىلىش؛ جىم بولۇشقا ئۈندەش، جىم تۇرۇشقا دەۋەت قىلىش؛ ئەيىبلەپ، يامان قىلمىشلىرىنى يۈزىگە سېلىپ گەپ قىلالمايدىغان قىلىپ قويۇش ياكى گەپ قىلماي جىم تۇرۇشقا مەجبۇرلاش: — سىلەرگە نېمە توز كەتتى، ئەكىلىپ بەرمىسە باش-كۆزۈمنىڭ سەدىقىسى بولار، — دېدى ھېلىقى ئايال ۋە بالىسىنى سىلكىپ جىمىلەپ قويدى.
**جىن ئالغۇر** جىن چاپلىشىپ ئەقلىدىن ئازغان، جىنلار بىلەن بىللە تۇرىدىغان، ساراڭ: ھەي جىن ئالغۇر قېرى قاقۋاش، ئەقىلسىز سەن، / بېرىپ مۇشۇ بىر ئۆيىنىلا سوراپ كەپسەن.
مەنىداش سۆزى: جىن تەپكەن، جىن چاپلاشقان.

**جىنايەتچى** ئى. جىنايەت ئۆتكۈزگەن، جىنايى قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانغان كىشى، گۇناھكار: سوتچىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن جىنايەتچىلەر سوتتىن ئېلىپ چىقىپ كېتىلدى.

**مەنىداش سۆزى: گۇناھكار.**

## چ

**چاتقال** ئى. ① توپ-توپ بولۇپ پاكار ئۆسىدىغان، ئەتراپقا يېيىلىپ شاخلايدىغان، شاخلىرى كۆپ ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك: توشقان بۆرىدىن قورقۇپ بىر توپ چاتقالنىڭ ئىچىگە كىرىپ يېتىۋاپتۇ. ② ئومۇمەن دەرەخلەرگە نىسبەتەن پاكار ئۆسىدىغان، كۆپ ھەم غۇژمەك-غۇژمەك شاخلايدىغان، غولى ئانچە توم بولمايدىغان، ئەمما غول ۋە شاخلىرى ياغاچلىشىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئومۇمىي نامى: ئازغان ئەترگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال.

**چاتقاللىق** ئى. توپ-توپ ئۆسكەن چاتقال ياكى چاتقال تىپىدىكى ئۆسۈملۈكلەر كۆپ جاي، چاتقاللار بىلەن قاپلانغان جاي: مەن بىردىنلا چاتقاللىقتا بىرسىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، تۇرۇپ قالدىم.

**چار پادىشاھ** «چار» رۇسچە «ئىمپېراتور، جاھانگىر» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئىلگىرىكى رۇسىيە بىلەن بۇلغارىيىنىڭ پادىشاھى «چار پادىشاھ» دەپ ئاتالغان. ئادەتتە كۆپىنچە بۇرۇنقى رۇسىيە ھاكىمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ: لېنىن باشچىلىقىدىكى بولشېۋىكلار پارتىيىسى قوراللىق كۈرەش ئارقىلىق چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى سوۋېت ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى.

**چارە-تەدبىر** تۈرلۈك ئامالار، مەلۇم بىر مەقسەت ئۈچۈن قوللىنىلغان خىلمۇخىل ئۇسۇل ياكى چارىلەر: خەلق ساقا بىر

دەرۋازىنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغانىكەن، سەن ئۇنىڭغا تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەر بىلەن ئوبدان قارىشىڭ كېرەك-تە!

**چاغان** ئى. قەمەرىيە كالېندارى بويىچە 1-ئاينىڭ 1-كۈنى باشلىنىدىغان خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى يېڭى يىل بايرىمى، قەمەرىيە كالېنداردىكى يېڭى يىل بايرىمى، يەنى باھار بايرىمى: بىز بۇ يىل چاغاندا قەشقەرگە بېرىپ كەلدۇق.

**مەنىداش سۆزى:** باھار بايرىمى.

**چاقماق** I ئى ① بۇلۇت بىلەن بۇلۇت ياكى بۇلۇت بىلەن يەر يۈزى ھاۋا قاتلىمى ئوتتۇرىسىدىكى زەرەتسىزلىنىش ھادىسىسى تۈپەيلىدىن ئاسمان بوشلۇقىدا يۈز بېرىدىغان كۈچلۈك ئوت سىزىقى پەيدا بولۇش ھادىسىسى، ئاسماندا پەيدا بولغان يانغىن: ھاۋا گۈلدۈرلەپ، قاتتىق چاقماق چاقتى. ② كىچىك ۋە ئەپلىك بولغان بىر خىل ئوت ياندۇرۇش ئەسۋابى، گاز ياكى سۇيۇقلۇقلارنى يېقىلغۇ قىلىدۇ: دادام ماڭا بىر دانە چاقماق ئەكىلىشنى بۇيرۇدى. ③ ئېتىش قوراللىرىنىڭ مىشەككە تېگىپ ئوت ئالدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىسمى، تەپكە: بېگىت مىلتىقىنىڭ چاقمىقىنى ئورنىغا سېلىشتا تەمتىرەپ قالدى.

**چاقماق** II سۈپ ① شەكلى تۆت بۇرجەك، كۋادرات شەكىللىك، چاسا: موماي ماڭا ئىككى دانە چاقماق قەنت بەردى. ② كۆچمە. چاسا شەكىللىك گۈل چۈشۈرۈلگەن، كاتەك-كاتەك تەسۋىرلەر چۈشۈرۈلگەن: ئاۋۇ چاقماق كۆڭلەك كىيگەن بېگىت مېنىڭ نەۋرە ئاكام بولىدۇ.

**چال (چالى)** ئى. ياشانغان ئەر كىشى، بوۋاي، مويسىپىت، قېرى: ھەممە يورۇق چېھرىلەردىن ياغار شادلىق،/ چاللار مەمنۇن دارامەتنىڭ بەرىكىتىدىن.

**مەنىداش سۆزى:** مويسىپىت، بوۋاي، قېرى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بالا، ئۆسمۈر، شوركا.

**چالا-بۇلا** يېرىم-يارتا، تولۇق ئەمەس، ئانچە-مۇنچە،

بولار-بولماس: ئۇ ئۆيىنى چالا-بۇلىلا تازىلاپ، توپ ئويۇنغىلى چىقىپ كەتتى.
**مەنىداش سۆزى:** يېرىم-يارتا، ئانچە-مۇنچە.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تولۇق، مۇكەممەل، پۈتۈن.

**چام** I **(چامى)** ئى. بىرەر ئىشنى ئورۇنداشقا مۇناسىۋەتلىك ئىمكانىيەت، شەرت-شارائىت ياكى كۈچ-قۇۋۋەت، مادار: بىز ئائىلىدە ئاتا-ئانىمىزنى ھۆرمەتلەش بىلەنلا قالماي، يەنە چامىمىز يەتكەن ئىشلارنى قىلىشىمىز ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم.
**مەنىداش سۆزى:** ئىمكانىيەت، مادار، كۈچ.

**چام** II ئى. ئېرىق-ئۆستەڭ چېپىش، يەر تۈزەش، توسما-توغان ياساش قاتارلىق جىسمانىي پائالىيەتلەردە ھەربىر كىشىگە بۆلۈپ بېرىلگەن ۋەزىپە ياكى تەقسىم قىلىنغان يەر بۆلىكى: گۇرۇپپا باشلىقى چام سېلىپ، ھەربىر كىشىگە بۆلۈپ بەردى، مېنىڭ چېپىم ساۋۇتنىڭ چېپى بىلەن بىر يەردە بولدى.

**چورت** ① تەق. نەرسىلەرنىڭ ناھايىتى تېزلىك بىلەن كېسىلىپ ياكى سۇنۇپ، ئۈزۈلۈپ پارچىلىنىش ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان شەكىل تەقلىدى: ئۇنىڭ بىرلا كۈچىشىدىن ياغاچ چورت ئىككى پارچە بولدى.
② رەۋ. بىراقلا، بىر يولى، ئۈزۈل-كېسىل، پۈتۈنلەي؛ ئەزۋەيلەپ ئولتۇرماستىن، ئۈزۈپلا، كەسكىن قىلىپ: رەھىم پالۋان ئۇنىڭ گېپىنى چورتلا بۆلۈۋەتتى. ★ تىلىڭنى چاينىماي، گېپىڭ بولسا چورت كېسىپ قىل!

**چوڭ مېڭە** مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى. ئوتتۇرىسىدا بىر ئېرىقچە بولۇپ، ئوڭ-سول ئىككى بۆلەك يېرىم شارغا بۆلۈنىدۇ. يۈزىدە نۇرغۇنلىغان پۇرمىلەر بولىدۇ. چوڭ مېڭىنىڭ يۈز قىسمى كۈل رەڭگە مايىل، ئىچكى قىسمى ئاق رەڭگە مايىل كېلىدۇ: دىم ئېلىش كۈنلىرىنى خۇشال-خورام ئۆتكۈزسەك، چوڭ مېڭە ۋە بەدىنىنى تولۇق ئارام ئالدۇرغىلى بولىدۇ.

**چوماق** ئى ① دەرەخ غولىنىڭ پۇتاق چىققان، ئەمما پۈتىقى

قايرىۋېتىلگەن جايى، پۇتاقنىڭ تۈۋى قالغان قىسمى: بۇ دەرەخنىڭ
چومقى بەك كۆپ ئىكەن. ② ئۇچىدا پۇتىقى بار ياغاچتىن كېسىلگەن
تاياق ياكى ئۇچى توم، ئەگرى قىلىپ ياسالغان قىسقا كالتەك،
زەربى كۈچلۈك بولىدۇ: مەيدان نەيزە كۆتۈرگەن پىدائىيلار ۋە كالتەك،
چوماق كۆتۈرگەن خەلققە تولغاندى.
**مەنىداش سۆزى:** توقماق.

**چۇقان** ئى. قالايمىقان ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋاز، كىشىلەرنىڭ
توپلىشىپ توۋلاشقان، غەلۋە-غۇدۇر قىلىشقان ئاۋازلىرى،
سۈرەن: ھەرمباغ ۋە لەڭشاڭ ئەتراپىدا سان-ساناقسىز خەلق چۇقان سالاتتى.
**مەنىداش سۆزى:** سۈرەن.

**چۇھ** ئىم. ئات، تۆگە، كالا قاتارلىق ھايۋانلارنى مېڭىشقا ئۈندەش
ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، يەنى «ماڭ، ئىلگىرىلە» دېگەن مەنىدىكى
سۆز: ئەخمەتجان ئۇنىڭغا قاراپ: — قېنى ئۇكا، ئاتنى چۇھ دېسىلە، — دېدى.
**مەنىداش سۆزى:** تىرت.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سا، ۋو.

**چۆچۈش** پ ① ئەندىكىش، قورقۇش، تاسادىپىيلىق تۈپەيلىدىن
ئالاقزادە بولۇش: شياۋمېڭ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ② قول، پۇت
قاتارلىقلارغا قاتتىق بىر نەرسە تەگكەنلىكتىن زىڭىلداپ
ئاغرىش، سىلكىنىش ياكى زەخىملىنىش: ئۇنىڭ پۇتى چۆچۈپ
كېتىپتۇ.
**مەنىداش سۆزى:** قورقۇش، ئەندىكىش؛ ئاغرىش،
زەخىملىنىش.

**چۆگۈن** ئى. مىس ياكى رو قاتارلىق مېتاللاردىن ئوچاق ياكى
مەشتە چاي قاينىتىشقا لايىق قىلىپ ئىشلەنگەن، جوغا ۋە
تۇتقۇچى بار سۇ قاچىسى: كورنىڭ بېنىغا قارىداپ كەتكەن چۆگۈن
قويۇلغاندى.

**چۇشكۇرۇش** پ. دىماغ قىچىشىپ ئۆپكىدىن ئىختىيارسىز

چىققان جىددىي ھاۋا ئېقىمىنى «ئە ... چۇ ... ش ...» دېگەندەك سادا چىقىرىپ ئېغىزدىن چىقىرىش، ئىختىيارسىز ھالدا ئېغىزنى چوڭ ئېچىپ «ئەچۇش ... ئەچۇش ...» دەپ ۋارقىرىۋېتىش: ئادەم كۆپ يەردە چۈشكۈرۈش ياخشى ئەمەس.

**چېقىمچى** ئى. يامان غەرەز بىلەن بىرسىنىڭ گېپىنى يەنە بىرسىگە يەتكۈزۈپ، ئارىدا ئارازلىق تۇغدۇرغۇچى، گەپ توشۇپ بىرسىنىڭ ئالدىدا يەنە بىرسىنىڭ يامان گېپىنى قىلىدىغان ئادەم، سۇخەنچى: — سەندەك چېقىمچىنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيمەن! — دېدى ئۇ كىچىككىنە مۇشتلىرىنى تۈگۈپ.

**مەنىداش سۆزى:** سۇخەنچى، گەپ توشۇغۇچى.

**چېگرا** ئى① قوشنا ئىككى رايوننىڭ زېمىنىنى ئايرىپ تۇرىدىغان بەلگە سىزىقى، پاسىل (كۆپىنچە دۆلەتلەرنىڭ پاسىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بەزىدە يەنە ئۆلكە، ۋىلايەت، ناھىيە پاسىللىرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ): دادام كىيىپ ھەربىي كىيىم،/ تۇرار پوستتا — چېگرادا. /ئاشلىق تېرىپ مول ھوسۇل،/ ئالار ئاپام ئېتىزدا. ② كۆچمە. ئىككى نەرسىنىڭ دائىرە چېكى، ئايرىلىدىغان جايى: نورمال دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ چېگرىسىنى، دىن بىلەن فېئودال خۇراپاتلىقنىڭ چېگرىسىنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

**مەنىداش سۆزى:** چەك، پاسىل.

**چېگرا مۇداپىئەسى** دۆلەتنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن چېگرا رايونلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان قوغدىنىش خاراكتېرىدىكى ھەربىي ئەسلىھەلەر ۋە چېگرىنى قوغداشقا دائىر ھەربىي خىزمەتلەر، ئومۇمەن چېگرا بويىدىكى مۇداپىئە ئىشلىرى: بىزنىڭ چېگرا مۇداپىئەيىمىز كۈندىن-كۈنگە مۇستەھكەملەنمەكتە.

**چېمپىيونلۇق** ئى. مۇسابىقىدە ھەممىنى ئۇتۇپ بىرىنچى بولۇش، بىرىنچىلىك، ھەممىدىن ئۈستۈنلۈك: مېنىڭ دادام چېلىشچى، ھەر قېتىمقى نادام يىغىنىدا چېمپىيونلۇقنى ئالىدۇ. بۇ ئاتنى دادام شۇنداق

مۇكاپات ئالغان.

**مەنداش سۆزى:** بىرىنچىلىك.

**چىنىش** پ ① ماسلاشماي قىلىش، تۆۋەن ياكى ناچار ئىكەنلىكى، تەڭ ياكى ئىسىل ئەمەسلىكى بىلىنىپ قىلىش؛ (ناچارلىقى، ساختىلىقى ياكى كونا، ئەسكىلىكى) ئاشكارىلىنىپ قىلىش، بىلىنىپ قىلىش: باشقا كىيىملىرىگە يېڭى ئىكەن، بىراق شىمى سەل چىنىپ قاپتۇ. ★ ئۇنىڭ گېپىنىڭ يالغانلىقى چىنىپ قالدى. ② «مۇناسىپ ئەمەس» دەپ ئۆزىنى قاچۇرۇش، «يارىماس ياكى ناچار» دەپ قاراپ مۇناسىۋەتتىنى ئۈزۈشكە ئۇرۇنۇش، مەيلى يېنىش، رايى قايتىش: (ئەر-ئايال ياكى يېقىن كىشىلەر بىر-بىرىگە نىسبەتەن): ئاڭلىساق، سەلىمخان ئەمدى روزىقارىدىن چىنىپتىمش.

**چىھرە** ئى. يۈز، چىراي، ھۆسن، ئەپت، جامال: ھەممە يورۇق چىھرىلەردىن ياغار شادلىق./ چاللار مەمنۇن دارامەتنىڭ بەرىكىتىدىن./ ئۇلار خۇشال كۆزنى مۇنچە سىخىي قىلغان./ دېھقانلارنىڭ ئەمگىكى ۋە غەيرىتىدىن.

**مەنداش سۆزى:** چىراي، ھۆسن.

**چى** مق. ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. بىر چى 33 سانتىمېتىرغا تەڭ، يەنى بىر مېتىرنىڭ ئۈچتىن بىرىگە تەڭ. بىر چى 10 سۇڭ بولىدۇ. (1 چى = 33 سانتىمېتىر = 1/3 مېتىر = 10 سۇڭ): ئادەتتە كىتاب كۆرگەندە، كۆز بىلەن كىتاب ئارىلىقى بىر چى يىراقلىقتا بولۇش كېرەك.

**چىرس-چىرس** تەق. مۇز، ئەينەك قاتارلىقلارنىڭ سۇنۇشىدىن، قۇرۇق، چۇرۇك نەرسىلەرنىڭ كۆيۈپ ئىتىلىپ ئۇچقۇن چاچرىتىشىدىن ھاسىل بولغان يەڭگىل ئاۋاز: پىلتىدىن چىرس-چىرس قىلىپ ئاق تۈتۈن چىقىپ، ئوت ئۇچقۇنلىرى ئۇنىڭ پولاتتىن ياسالغاندەك يۈزىنى يورۇتاتتى.

**چىرمىشىش** پ ① يۆگىلىش، ئىرماش-چىرماش بولۇپ ئورىلىش، گىرەلىشىپ يۆگىلىش، يېپىشىش: كۆكلەم بول چاپسان،

تەبىئەتكە جان سالى/ چىرماشسۇن تىرلىپ، ماڭا مەجنۇنتال. ② كۆچمە. ئۆز ئارا گىرەلىشىپ ئاجرالماس بولۇپ ئورناپ كېتىش، چاپلىشىش، قاپلىنىش: ئۇنىڭ كاللىسىغا چىرمىشىپ كەتكەن بۇ خىياللار ئۇنى ھەرگىز ئالغا ماڭغۇزمايتتى.

مەنىداش سۆزى: يۆگىلىش، يېپىشىش.

**چىش ئوقۇرى** يۇقىرىقى ۋە تۆۋەنكى جاغ سۆڭىكىدىكى چىش ئۆسۈپ چىقىدىغان ۋە چىشلارنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ئويمان جاي: چىشنىڭ چىش ئوقۇرى ئىچىگە ئۆسكەن قىسمى چىش يىلتىزى دېيىلىدۇ.

**چىڭقىتىش** پ بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، چىدايدىغان، چىڭ، مۇستەھكەم ھالەتكە كەلتۈرۈش: ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، تۈرلۈك كەمچىلىكلەرنى يەڭگەندە ئىرادىنى چىڭىتقىلى بولىدۇ.

مەنىداش سۆزى: مۇستەھكەملەش، پۇختىلاش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: بوشىتىش، بوشاشتۇرۇش.

**چىلگە زىرائەت** ئادەتتىكى زىرائەتلەرگە قارىغاندا بالدۇرراق تېرىلىپ بالدۇر پىشىدىغان ياكى ئۆسۈپ پىشىش ۋاقتى ئادەتتىكى زىرائەتلەردىن قىسقا بولىدىغان زىرائەت. مەسىلەن، چىلگە قوناق، چىلگە شال، چىلگە ئارپا قاتارلىقلارغا ئوخشاش: ھاۋا خېلىلا ئىسسىپ قالغان، چىلگە زىرائەت مايسىلىرى قىر ياپقان مەزگىل ئىدى.

**چىم** I ئى ① پاكار ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى كۆپ بولۇپ، كۆپىنچە تۇپرىقى ۋە ھاۋاسى نەم جايلاردا ئۆسىدۇ. ② قېلىن بىر قەۋەت لېيى بىلەن قېزىپ ئېلىنغان شۇ خىل ئۆسۈملۈك. ئادەتتە يەرگە يېيىتىپ ئۆستۈرۈپ ئوتلاق ھاسىل قىلىش، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش ياكى ئېرىق-ئۆستەڭ ياقىلىرىغا ياتقۇزۇپ، سۇنىڭ تۇپراقنى يالاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىم** II ① تەق. چىمدىش، چېقىش، سانجىش ياكى بەدەندىكى بەزى ئۆزگىرىشلەر تەسىرىدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل سېزىم:

تۇيۇقسىزلا بىلىكىم چىم قىلىپ، ھەرە چېقىۋالغاندەك ئاغرىپ كەتتى. ② ئى. ھەددىدىن زىيادە كۆچەش ياكى تېز ھەرىكەتلىنىش تەسىرىدە، بەلدىكى بىر قىسىم مۇسكۇللارنىڭ زەخىملىنىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل بەل ئاغرىقى: تۈنۈگۈن دادامنىڭ بېلى چىم بولۇپ كېتىپتۇ، شۇڭا بۈگۈن دوختۇرغا كەتكەنىدى.

**چىمەنزارلىق** ئى. ئوت-چۆپ، گۈل-گىياھلار بىلەن قاپلانغان مەنزىرىلىك جاي: قىز ئەس-ھوشىنى يىغىپ، بوتاكۆز گۈللىرىنى ئىزدەپ چىمەنزارلىققا يۈگۈرۈپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** چىمەنلىك، گۈلزارلىق، گۈلىستان.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** چۆللۈك، چۆل-جەزىرە، سايلىق.

# خ

**خاپىچىلىق** ئى. رەنجىپ ئاچچىقلىنىش ھالىتى، خاپىلىق، رەنجىشتىن پەيدا بولغان ئاچچىقلىنىش تۇيغۇسى: — كەچۈرۈڭ ئەپەندىم، — دېدى ھارۋىكەش مۇلايىملىق بىلەن، — مېنىڭ خىيالىمغىمۇ كىرگىنى يوق، خاپىچىلىقتا ......

**مەنىداش سۆزى:** خاپىلىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خۇشاللىق.

**خاتىرە مۇنار** (قەھرىمانلارنى ياكى ئەھمىيىتى زور بولغان ئىش — پائالىيەتلەرنى) مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالماي خاتىرىلەپ، ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس تىكلەنگەن مۇنار، سىمۋول قىلىپ تۇرغۇزۇلغان مۇنار، خاتىرە تاش: نۇرغۇنلىغان كىشلەر خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھۆرمەتتە تۇردى.

**خادىك** ئى. مەخسۇس ئادەم توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان،

تۆت چاقلىق هارۋا. ئۇنىڭغا كۆپىنچە بىر ياكى ئىككى ئات قوشۇلىدۇ: يوللاردا يەنە ئۇستىگە كۆز قاماشتۇرىدىغان گىلەم بېپىلغان پەيتۇن، پوۋۇسكا ۋە خادىك هارۋىلار قاتناپ تۇراتتى.

**خارابىلىك** ئى. بۇزۇلۇپ خاراب بولغان، خارابىگە ئايلانغان جاي، خارابە ئىزلىرى، قالدۇقلىرى ساقلانغان ياكى بۇزۇلغان ئەسكى-تۇسكى ئۆي-ئىمارەت قالدۇقلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن يەر: 1976-يىلى تاڭشەندە قاتتىق يەر تەۋرەپ، پۈتۈن شەھەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خارابىلىككە ئايلانغان.

**خاس** سۈپ. (بىرەر كىشى ياكى شەيئىنىڭ) ئۆزىدىلا بولىدىغان؛ ئۆزىگىلا تەئەللۇق، تەۋە بولغان؛ مەخسۇس، ئالاھىدە: مەۋلان باللارغا خاس ساددىلىق بىلەن كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. ★ ۋەتەن ئۈچۈن بەرسە كىم جان،/ شۇنىڭغا خاس شەرەپ ھەم شان.

**مەنىداش سۆزى:** تەۋە، تەئەللۇق، مەنسۇپ؛ ئالاھىدە، مەخسۇس.

**خالىي** سۈپ ① بوش، بىكار، ئازادە ياكى ئادەم يوق؛ چەت، خىلۋەت: ھەممەيلەن كېتىپ ئۇلار ئىككىسى خالىي قالدى. ★ بىز ئۇنىڭ بىلەن خالىي يەردە ئايرىم سۆزلەشتۇق. ② (تۇرلۇك نەرسىلەرنىڭ ئارىلىشىشى، تەسىرى ياكى پاراكەندە قىلىنىشىدىن) مۇستەسنا، ساقىت، ئازاد؛ مۇناسىۋەتسىز، ئالاقىسىز: ئۇلار ئۆزئارا سۇ چېچىشىپ ئاپەت ۋە كېسەلدىن خالىي بولغانلىقىنى ئىپادىلىشىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** بوش، ئازادە؛ مۇستەسنا، ئازاد.

**خام ئەشيا** قايتا پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان، تەييار مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشتا زۆرۈر بولغان ماتېرىيال: يۇڭ، پاختا قاتارلىقلار توقۇمىچىلىق سانائىتىدىكى ئاساسلىق خام ئەشيادۇر.

**مەنىداش سۆزى:** خام ماتېرىيال، لازىمەتلىك.

**خامۇش** سۈپ. مىجەزى بوش، بوشاپ شۈك بولۇپ قالغان؛ جىم، كەم سۆز ياكى غەمگە پاتقان، مەيۇس، غەمكىن، ئويچان: —

ھەيران بولدۇم، نېچۈن سەن خامۇش؟/ ئىشلەپمىدىڭ ياز كۆڭلىرى، خوش؟— / دىمپ چۈمۈلە ئاندىن سورىدى.

**مەنىداش سۆزى:** بوش، ئېزىلەڭگۈ، بوشاڭ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ھوشيار، سەزگۈر، تېتىك.

**خائىن** ئى ① ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ۋەتىنى ۋە خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى دۈشمەنگە ساتقان كىشى، دۈشمەن بىلەن ھەمكارلىشىپ دۈشمەن تەرەپكە ئۆتكەن كىشى، ساتقىن: ئۆيلىمغان يەردىن ھېلىقى چەپ كۆز كىشى خائىن چىقىپ قالدى. ② ئەھدىسىنى، ۋەدە-قەسىمىنى بۇزۇپ، جىنايەت ئۆتكۈزگەن كىشى، ۋەدىسىدىن يېنىۋالغۇچى، ۋاپاسىز كىشى: ئۇنىڭغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ئۇ خائىنغا ئايلىنىپ كەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** ساتقىن، جاسۇس، ئىشپىيون.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قەھرىمان، باتۇر.

**خەزىنە** ئى ① پۇل ۋە ئالتۇن — كۈمۈش قاتارلىق قىممەت بۇيۇملارنى ساقلايدىغان مەخسۇس ئۆي، پۇل ۋە بايلىق ساقلىنىدىغان ئامبار: پادشاھ ئۇنىڭغا خەزىنىدىن بەش مىڭ سەر كۈمۈش ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ② كۆچمە. ئومۇمەن جانغا ئەسقاتىدىغان بايلىق، بايلىق ھېسابلىنىدىغان ھەممە نەرسە: باللار بىلگىلار ۋاقىت قەدرىنى،/ بىباھا شۇنچە ئۇ بىزگە ھەممىدىن./ ھەر مىنۇت ۋاقىتنىڭ قىممىتى ئارتۇق،/ بىر ئۆمۈر توپلىغان بايلىق — خەزىنىدىن.

**مەنىداش سۆزى:** پۇل ئامبىرى؛ بايلىق، مال-دۇنيا.

**خەلق پۇلى** مەملىكىتىمىزنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن پۇلى، يەنى بىز ئادەتتە ئىشلىتىۋاتقان پۇل. ئادەتتە يۈەننى بىرلىك قىلىپ ھېسابلىنىدۇ: بىز بانكىغا ياكى ئامانەت-قەرز كوپېراتىپىغا ئامانەت قويىدىغان پۇل ئاساسلىقى خەلق پۇلىدۇر.

**خەندەك** ئى. ئۇرۇشتا دۈشمەننىڭ ئۆتەلمەسلىكى ھەم بىر نەرسىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ساقلاش ئۈچۈن كولاپ قېزىلغان

چوڭ ۋە ئۇزۇن چوڭقۇرلۇق، ئۆستەڭ شەكلىدە ئۇزۇنىغا بويلاپ قېزىلغان چوڭقۇر ھەم كەڭ قازما: دۈشمەن تانكىلىرى خەندەكتىن چىقالماي ۋەيران بولدى. ★ ئۇلار 200 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا خەندەك كولاپ، تۇرۇبا كۆمۈپ يەسلىنىڭ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

مەنىداش سۆزى: لەخمە، ئاكوپ.

**خەۋەر** ئى. (ئادەم، نەرسە ياكى ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە-ھادىسە توغرىسىدىكى) مەلۇمات، ئاخبارات، ئۇچۇر، گەپ-سۆز: دادام رادىئودىن خەۋەر ئاڭلاپ ئولتۇراتتى.

مەنىداش سۆزى: ئۇچۇر، مەلۇمات.

**خەيدەي** ئى. دېڭىزدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك، ئاساسەن دېڭىز ئاستىدىكى تاشلارنىڭ ئۈستىدە ئۆسىدۇ، شەكلى تاسمىغا ئوخشايدۇ. ئادەتتە سەي ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ. دورىلىق قىممىتىمۇ بار: خەيدەينىڭ تەركىبىدە ئاقسىل، تۆمۈر، ۋىتامىن قاتارلىق ئوزۇقلۇق ماددىلار كۆپ.

**خوجايىن** ئى. ئىگە، ئىگىدارلىق قىلغۇچى، ئىگە بولغۇچى، باشقۇرغۇچى: بىز بۈگۈن «ئائىلىنىڭ كىچىك خوجايىنلىرىدىن بولايلى» دېگەن دەرسنى ئوقۇدۇق.

مەنىداش سۆزى: ئىگە، باشقۇرغۇچى.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: مەدىكار، ئىشلەمچى، كۈنلۈكچى.

**خورسىنىش** پ. (تەشۋىشلىنىپ ياكى ئەپسۇسلىنىپ) ئۇلۇغ-كىچىك تىنىش، خورلۇق ھېس قىلىپ ئېغىر نەپەس ئېلىش ياكى ئېغىر نەپەس چىقىرىش، ئۇھ تارتىش: ئالىمنىڭ كېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، مۇئەللىم ئېغىر خورسىنىپ قويدى.

**خوخياۋشۈي** ئى. بىر خىل دورا، يەنى مېركۇروخروم (كۆكۈچ يېشىل ياكى قىزغۇچ قوڭۇر رەڭلىك، دورا قىلىنىدىغان بىرىكمە) نىڭ سۇدىكى ئېرىتمىسى. رەڭگى توق قىزىل ياكى

قارامتۇلراق بولىدۇ. ئادەتتە تېرىدە پەيدا بولغان زەخىم، جاراھەتلەرنى دېزىنفېكسىيە قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: جاڭ پىڭ : — خوڭ ياۋشۇي سۈرتسەڭ بولامدىكىن، — دېدى.

**مەنىداش سۆزى:** مېركۇروخروم ئېرىتمىسى.

**خويمۇ** رەۋ. بەكمۇ، تولىمۇ، تازىمۇ، راسا: ئازادىم مۇئەللىم ئېلىپ بەرگەن ھېلىقى قەلەمنىڭ سىرتى خويمۇ پارقىراق، ئۈچى تولىمۇ ئىنچىكە چىقاتتى.

**مەنىداش سۆزى:** ناھايىتى، ئىنتايىن، قالتىس.

**خۇسۇسىي** سۈپ. بىرەر شەخسنىڭ يالغۇز ئۆزىگە قاراشلىق ياكى باشقۇرۇشىدىكى، شەخس ئىگىدارچىلىقىدىكى، شەخسنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولغان، شەخسىي: سىچۈەن ئۆلكىسى چېڭدۇ شەھىرىدىكى بىر خۇسۇسىي كارخانىنىڭ باشلىقى قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئون بىر نەپەر بالىنى ئىشچىلىققا قوبۇل قىلغان.

**مەنىداش سۆزى:** شەخسىي.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئومۇمىي.

**خۇلاسە** ئى. (بىرەر مەسىلە ياكى ئىش-ھەرىكەت ھەققىدە) يەكۈنلەنگەن ئاخىرقى پىكىر، يەكۈن، چىقىرىلغان نەتىجە، ئومۇملاشتۇرۇپ بەرگەن ئاخىرقى باھا: بۈگۈن مەكتەپ بويىچە چوڭ يىغىن ئېچىلىپ، ئالدىنقى مەۋسۇملۇق ئوقۇش-ئوقۇتۇش خىزمىتى خۇلاسە قىلىندى.

**خۇمدان** ئى. لايدىن ياسالغان خىش ياكى ئىدىش، ساپال، فارفور بۇيۇم قاتارلىقلارنى قىزدۇرۇپ تاۋلاپ پىشۇرىدىغان، مەخسۇس ياسالغان چوڭ ئوچاق: بەزىلەر باشقا جايلارغا بېرىپ تېخنىكا ئۆگەندى ۋە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خۇمدانلارنى ياسىدى.

**خېرىدار** ئى. (سودا-تىجارەت ئورۇنلىرىغا نىسبەتەن) مال سېتىۋېلىش ياكى ئۇلارنى ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن كىشى؛ ئالارمەن، ھاجەتمەن، سېتىۋالغۇچى: ئۇلارنىڭ ئاشپۇزۇلىدىن خېرىدارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.

**خىجالەت** ئى ① خىجىللىق تۇيغۇسى؛ ئۇيالغان، ئىزا تارتقان،

قولايسىزلىق ھېس قىلغان ھالەت: ئۇ خىجالەت بولۇپ، دەرھاللا «تاغا، كەچۈرۈڭ» دېدى. ② قىيىنچىلىق، ئېھتىياج، موھتاجلىق: — بوۋا، نېمە خىجالىتىڭىز بولسا، تارتىنماي دەۋېرىڭ، بىز ياردەملىشىمىز، — دېدى ئۇ بوۋايغا سەمىمىيلىك بىلەن.

**مەنىداش سۆزى:** خىجىل؛ موھتاجلىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** مەمنۇنىيەت، پەخىرلىنىش.

**خىراجەت** ئى. (كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە پائالىيەتلەر ئۈچۈن) سەرپ قىلىنغان چىقىم، سەرپىيات: ئۇلار تۇرمۇش خىراجىتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن بىر قىسىم پۇلى ئېشىپ قالدى.

**مەنىداش سۆزى:** چىقىم، سەرپىيات، خەج.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كىرىم.

**خىسلەت** ئى. ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئەجايىپ بەلگىسى، ياخشى سۈپىتى، خۇسۇسىيەت، پەزىلەت، ئالاھىدىلىك؛ ياخشىلىق: بىز ئۇنىڭ نامراتلارغا ياردەم بېرىشتەك خىسلىتىدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

**مەنىداش سۆزى:** پەزىلەت، ياخشىلىق، ياخشى ئەخلاق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** رەزىللىك، پەسلىك، ئىپلاسلىق.

**خىلاپ** سۈپ. قارىمۇقارشى، زىت ياكى ئۇيغۇن ئەمەس: باشقىلارنىڭ خېتىنى ئېچىش قانۇنغا خىلاپ، ماركىسىنى يىرتىۋېلىشمۇ ئەخلاقسىزلىق.

**مەنىداش سۆزى:** زىت، قارىمۇقارشى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۇيغۇن، مۇۋاپىق.

**خىلاپلىق** ئى. خىلاپ، زىت بولغان ئىش-ھەرىكەت، قارىمۇقارشىلىق؛ ھۆرمەتسىزلىك، بويسۇنماسلىق: ئۇ كۆڭلىدە «مەن قايسى قانۇنغا خىلاپلىق قىلدىم؟» دەپ ئويلىدى.

**مەنىداش سۆزى:** ھۆرمەتسىزلىك، زىتلىق، قارشىلىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۇيغۇنلۇق، مۇۋاپىقلىق.

## د

**دادىل قەدەم** يۈرەكلىك ھالدا ئىشەنچ بىلەن مەغرۇر ئېلىنغان چوڭ قەدەم: ئۇ دادىل قەدەم تاشلاپ مەيدانغا چۈشتى ـــ دە، رەقىبىگە قاراپ كۆزگە ئىلمىغاندەك كۈلۈپ قويدى.

**دارامەت** ئى. يىللىق ئەمگەك بەدىلىگە كەلگەن ھەق، كىرىم، تاپاۋەت: ھەممە يورۇق چېھرىلەردىن ياغار شادلىق،/ چاللار مەمنۇن دارامەتنىڭ بەرىكىتىدىن.

**دارىتىش** پ ① كەلتۈرۈش، ئاياغ باستۇرۇش، يولۇقتۇرۇش؛ تەگدۈرۈش، يۇقتۇرۇش، سىڭدۈرۈش، تەسىر قىلدۇرۇش: ئۇ مېنى ئۆيىگە دارىتمىدى. ★ «ئەمدى ئۇ بىزگە ئەزرائىلنى دارىتمىغىيدى» دېپ ئىچىدە غودۇڭشىدى ئۇ. ★ باللار دىققەت قىلـــــىڭلار، ئۆزۈڭلەرگە شامال دارىتىۋالماڭلار. ★ نانغا كىرسىن دارىتىپ قويما، بولمىسا بىگىلى بولمايدۇ. ② توغرىدىن-توغرا ئېيتماي باشقا ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئەگىتىپ ئېيتىش، ئەگىتىپ تەگكۈزۈش، يىراقتىن پۇرىتىش، يوشۇرۇن قارىتىش: ھېلىقى سېمىز كىشى ئايالغا دارىتىپ دىمىغىدا قاتتىق يۆتىلىپ قويدى.

**دارىلئېيتام (دارىلئېيتامى)** ئى. ئىگە-چاقىسىز يېتىم باللارنى يىغىپ تەربىيىلەيدىغان ئورۇن، يېتىم باللار مەكتىپى: ئەخمەتجان قاسىمى دائىم دارىلئېيتامغا ۋە مەكتەپلەرگە بېرىپ باللارنىڭ ئوقۇش ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى.

**داغدۇغىلىق** سۈپ. داغدۇغىسى بار، ھەيۋەتلىـــــك، قاينام-تاشقىنلىقتا تولغان، ھەممىسىلا جۇشقۇنلۇقتا چۆمگەن: نادام يىغىنى موگغۇللارنىڭ داغدۇغىلىق بايرىمى بولۇپ، بەك قىزىيدۇ.

**مەنداش سۆزى:** قاينام-تاشقىنلىق، ھەيۋەتلىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** داغدۇغىسىز، سۇكۇتلۇك.

**داق يەر** قۇرۇپ قېتىپ كەتكەن يەر؛ ھېچقانداق سىلىنچا

سىلىنمىغان قاتتىق يەر: ئۇ داق يەردە يىتىپلا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى.

**دام قىلىش** ماختاپ كۆز-كۆز قىلىش، خالايىق ئالدىدا ماختىنىپ پو ئېتىش، «مېنىڭ ھەممىدىن ئېسىل» دەپ لاپ ئۇرۇش، داملاش: ئۇ ھېلىقى ئېتىنى دام قىلىپ ھەممىزنىڭ كەينىنى ئۇچۇرماقتا ئىدى.

**مەنىداش سۆزى:** داملاش، كۆز-كۆز قىلىش، ماختىنىش.

**دانا** سۈپ ① ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان، ئالدىنى كۆرەر، دانىشمەن، ئاقىل، توغرا گەپ قىلىدىغان: دانا كىشى ئاز سۆزلەپ، كۆپ ئاڭلار (ماقال). ② ناھايىتى توغرا ئېيتىلغان، ئەقىل-پاراسەت ۋە ھېكمەت بىلەن تولغان، ئاقىلانە: بىز ھەممىمىز ئۇنىڭ پىكرىنى «دانا پىكىر بولدى» دەپ قوبۇل قىلدۇق.

**مەنىداش سۆزى:** ئەقىللىق، ئاقىل؛ توغرا، ئاقىلانە.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** نادان، دۆت؛ ئەخمىقانە.

**دائىملىق** سۈپ. دائىملا بولىدىغان، ۋاقىت چېكى يوق، ھەممە ۋاقىت مەۋجۇت بولىدىغان، ۋاقىتلىق ياكى مەزگىللىك ئەمەس: يېزىلاردىكى بازارلارنىڭ بەزىلىرى دائىملىق بولۇپ، يەنە بەزىلىرىدە سودا مۇئەييەن ۋاقىت (پەسىل) بويىچە قىزىپ كېتىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** دائىمىي، مەڭگۈلۈك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ۋاقىتلىق، مەزگىللىك، پەسىللىك.

**دەخلى قىلىش** يامان تەسىر يەتكۈزۈش، توسقۇنلۇق قىلىش، كاشىلا قىلىش: سەن مېنىڭ ئىشلىرىمغا دەخلى قىلمىساڭلا، مېنىڭ سەن بىلەن كارىم يوق.

**مەنىداش سۆزى:** دەخلى يەتكۈزۈش، كاشىلا قىلىش.

**دەخلى-تەرۇز** توسقۇنلۇق، زىيانكەشلىك؛ زىيان سېلىش خاراكتېرىدىكى ئارىلىشىش، كاشىلا: قانۇن بىزنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىمىزنىڭ دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** كاشىلا، زىيانكەشلىك.

**دەررۇ** رەۋ. دەرھاللا، ناھايىتى تېزلىك بىلەن، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا، كۆپ ۋاقىت ئۆتكۈزمەي: ئۇ دەررۇ سۇدىن شۇڭغۇپ چىقىپ، ئوپئول-توپئول كوچىنىڭ بارچە ۋارقىراپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** دەرھال، شۇئان.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاستا، ئالدىرىماي.

**دەرگاھ** ئى. تۇرار جاي، تۇرالغۇ، ھوزۇر؛ (بىراۋغا قاراشلىق) ئائىلە، خانىدان: تۆلكە يولۋاسنىڭ دەرگاھىدىن قايتىپ چىقىپتۇ. ★ مىنى زامانىنىڭ شاملى يەنە دەرگاھىڭىزغا ئۇچۇرۇپ كەلدى. ★ — پادىشاھى ئالەم، دەرگاھىڭىزغا كېلىپ سىزگە ئېيتىدىغانلىنى ئېيتىپ بولدۇم، ئەمدى قۇلىقىم سىزدە، — دەپتۇ پادىچى.

**مەنىداش سۆزى:** تۇرالغۇ، ھوزۇر، ئائىلە.

**دەرمان** ئى. كۈچ-قۇۋۋەت، بەدەندىكى ماغدۇر، كۈچ-مادار: يوپۇرماقلار سايىسىدە سەيلە يوق،/ ئۆي ئىزدەشكە زادى دەرمان يوق./ كۈنلەر سوغۇق، باشلاندى ئاچلىق،/ يىگىناغۇچنى باستى موھتاجلىق.

**مەنىداش سۆزى:** كۈچ، مادار، ماغدۇر، قۇۋۋەت.

**دەرۋازىۋەن** ئى. دەرۋازىغا قارىغۇچى كىشى، دەرۋازا ساقچىسى، ئىشىك باققۇچى: چوڭ كوچىدا چىراغ نۇرلىرى چاقنايتتى، دەرۋازىۋەن دەرەخلىكتە قوڭغۇرىقىنى چالاتتى.

**دەسمايە** ئى ① پۇل تېپىش مەقسىتىدىكى پائالىيەتلەر ئۈچۈن ئالدىن سېلىنغان مەبلەغ، پۇل ياكى پۇلغا يارايدىغان نەرسە، قولىدا بار نەرسە، قولىدىكى مۇقىم مۈلۈك، بايلىق: ئۇنىڭ بار-يوق دەسمايىسى بىر ئالماس، بىر كىچىك يەشىك ۋە بىر نەچچە پارچە ئەينەكتىن ئىبارەت ئىدى. ② كۆچمە. پايدىلىنىدىغان ۋاسىتە، ئىشلىتىدىغان نەرسە: دەللالنىڭ دەسمايىسى يالغانچىلىق (ماقال). ③ كۆچمە. تۆھپە، شان-شەرەپ؛ ئۈستۈنلۈك، ئارتۇقچىلىق، بىگىسى: سىبىنىڭ كۆز-كۆز قىلغۇدەك نېمە دەسمايەڭ بار ئىدى؟ ★ كونا دەسمايىنى يەپ يېتىۋەرمەي،

بېگى خىزمەت كۆرسىتىڭلار.

**دەككە يېيىش** قاتتىق ئەدەپلىنىش، (ناتوغرا ئىش ياكى سۆزى ئۈچۈن) جازاسىنى تارتىش، تەنقىد ئاڭلاش، دەشنەم يېيىش: ئۇ ئوغرىلىقچە مارىغانلىقى ئۈچۈن يەتكۈچە دەككە يېدى.

**مەنىداش سۆزى:** دەشنەم ئىشتىش، تەنقىدلىنىش، ئەدەپلىنىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ماختىلىش، تەقدىرلىنىش، تەرىپلىنىش.

**دەۋەت قىلىش** (بىرەر ئىش ياكى ئەقىدە قاتارلىقلارغا) ئۈندەش، تەشەببۇس قىلىش، سۆيلەپ ياكى تەكلىپ بېرىپ چاقىرىش، سەپەرۋەر قىلىش: باشقىلار سىزنى خۇراپىي پائالىيەتلەرگە قاتنىششقا دەۋەت قىلسا، سىز قاتناشماك ھەم ئۇلارنى بۇنداق ئىشتىن توسۇڭ.

**مەنىداش سۆزى:** ئۈندەش، چاقىرىق قىلىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** توسۇش، ياندۇرۇش.

**دراماتورگ** ئى. دراما يېزىشقا ماھىر، درامىنى كۆپ يازغان، دراما يېزىشتا داڭ چىقارغان يازغۇچى، دراما يازغۇچى كىشى: ل. مۇتەللىپ ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابچى، ياڭقۇنلۇق شائىر، دراماتورگ ۋە كۆپ تىللارنى ئىگىلىگەن تالانت ئىگىسى ئىدى.

**دو** ئى ① قىمار ئويۇنىدا قىمارغا تىكىپ ئوتتۇرىغا تاشلانغان پۇل ياكى پۇلغا يارايدىغان نەرسە: پالچى ئۇنىڭغا «ئامەت يۇلتۇزى چاقناپ تۇرىدۇ، دوغا چىققانسېرى ئۇتۇۋېرسەن» دەپتۇ. ② نۆۋەت، قېتىم: بۇ دو ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلدى.

**دوست** ئى ① ئۆزىگە نىسبەتەن كۆڭلى يېقىن، قېرىنداشلاردەك ئۆتىدىغان ئادەم، يېقىن كىشىسى: بۈگۈن دوستلىرىم مېنى يوقلاپ ئۆيۈمگە كەپتۇ. ② ئاشنا، يار، ياخشى كۆرگەن كىشى: بۈگۈن ئاپام ئاكامنى «سەن تېخى كىچىك، بالدۇر دوست تۇتۇۋالساڭ بولمايدۇ» دەپ كۆپ نەسىھەت بىلەن يولغا سالدى.

مەنىداش سۆزى: ئاغىنە، بۇرادەر؛ يار، ئاشنا.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: دۈشمەن، رەقىب.
**دوملاش** پ ① يەر ياكى بىرەر تەكشىلىك ئۈستىدە يۇملاش، دۈگىلىنىش: ئۇ بىردەم ئۆمىلەپ ماڭاتتى، بىردەم بىر قانچە مېتىر يەرگە دوملاپ باراتتى. ② كۆچمە. ئېغىنىش، (قارشى تەرەپكە) ئۆتۈپ كېتىش، تەۋە بولۇش: ئۇ ئىككى يۇزلىملىك قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىرى رۇسلار تەرەپكە دوملاپ كەتتى. ③ كۆچمە. ئۆرۈلۈش، غۇلاش، يىقىلىش: ئۇ ھازىر كۆرەڭلىگىنى بىلەن ئاخىرى دوملاپ چۈشىدۇ.
مەنىداش سۆزى: يۇملاش، دۈگىلىنىش.
**دۇب** ئى. يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ، يوپۇرمىقى ئۇزۇن ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى سارغۇچ قوڭۇر، مېۋىسى شار شەكلىدە، پوستى قېلىن بولىدۇ. ياغىچى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، رېلىسنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان شپال ۋە ئۆي سايمانلىرىنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ، قوۋزىقىدىن بوياق ماتېرىيالى ئېلىنىدۇ: دۇب ياغاچلىق دەرۋازىسى زىپ ياراشقان ئۆينىڭ ئىچى جاھازغىمۇ خېلى توشقان.
**دۆلەت** ئى ① مەلۇم دائىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا بىرلىكىدىن تەشكىللەنگەن، ئۆز-ئۆزىنى مۇستەقىل ئىدارە قىلىدىغان، ئارمىيە، ساقچى، سوت ۋە تۈرمە قاتارلىق ئامانلىق ساقلاش ۋاستىلىرى بار بولغان مۇستەقىل كىشىلەر كوللېكتىپى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە بولغان پۈتكۈل رايونلار، مەملىكەت، ئەل: ھازىر يەر شارىدا 200دىن ئارتۇق دۆلەت بار. ② مال-دۇنيا، بايلىق؛ بەخت-پاراغەت، راھەت، ھالاۋەت: ئاڭلىساق، ھازىر ئۇنىڭ دۆلىتى چوڭ، تۇرمۇشى غەمسىز ئىمىش.
مەنىداش سۆزى: مەملىكەت، ئەل؛ بايلىق، راھەت.
**دېزىنفېكسىيە** ئى. دورا بىلەن كېسەل پەيدا قىلىدىغان مىكروبلارنى ئۆلتۈرۈپ يوقىتىش ئۇسۇلى، كېسەللىك

باكتېرىيىلىرىنى ئۆلتۈرۈش، تازىلاش ئىشى: ئۇ يىلىكىدىكى زەخىملەنگەن جايىنى ئاۋۋال دېزىنفېكسىيە قىلىپ، ئاندىن دورا سۈرتۈپ تاڭدى.

**دېزىنفېكسىيىلەش** پ. مەلۇم ئۇسۇل ياكى دورىلار ئارقىلىق نەرسىلەردىكى كېسەل پەيدا قىلىدىغان مىكروبلارنى (ياكى چاڭ-توزانلارنى) ئۆلتۈرۈش، زەھەرسىزلەندۈرۈش، تازىلاش، دېزىنفېكسىيە قىلىش: بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەشتىن بۇرۇن تېرمومېتىرنى دېزىنفېكسىيىلەش كېرەك.

مەنىداش سۆزى: زەھەرسىزلەندۈرۈش، مىكروبسىزلاندۇرۇش.

**دېڭىز مۇداپىئەسى** دۈشمەننىڭ دېڭىز ئارقىلىق قىلىدىغان ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دېڭىز بويىدىكى رايونلار ۋە دېڭىزنىڭ ئىچكى قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان قوغدىنىش خاراكتېرىدىكى ھەربىي ئەسلىھەلەر ۋە دېڭىز تەۋەلىكىنى قوغداشقا دائىر ھەربىي خىزمەتلەر، ئومۇمەن دېڭىزنىڭ ئىچى ۋە بويىدىكى ھەربىي مۇداپىئە ئىشلىرى: بىز ئۇلارنىڭ دېڭىز مۇداپىئە ئەھۋالىنى تەكشۈرگىلى باردۇق.

**دېلو** ئى. دەۋا ئىشلىرى ۋە قانۇنسىزلىققا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىش-ھەرىكەت؛ قانۇنغا خىلاپ ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە، ھادىسە: ئۇنىڭ ئاپىسى ئالدى بىلەن جامائەت دېلو خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە بېرىپ دېلونى مەلۇم قىلدى.

مەنىداش سۆزى: دېلو، قانۇنسىزلىق.

**دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىش** ① نەپسى قىسىلىپ سۆزلىيەلمەي قېلىش، گەپ قىلالماي قېلىش: ئۇ سۆزلىگەنسېرى دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپ، كېيىنكى گەپلىرىنى دۇدۇقلاپ دېيەلمەي قالدى. ② كۆچمە. ئوڭايسىزلىنىپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قېلىش، ئاغزىنى ئاچالماي قېلىش، شوك بولۇپ قېلىش: جۇ زالىمنى پالاكەت باسقانلىقتىن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى ۋە ئارتۇقچە ھېچ نەرسە دېيەلمىدى.

**مەنىداش سۆزى:** دېمى ئىچىگە چۈشۈش، جىم بولۇپ قېلىش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يايراپ كېتىش، گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىش.

**دېھقانچىلىق دورىسى** دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ۋە سەي-كۆكتاتلارغا زىيان سالىدىغان تۈرلۈك نەرسىلەرنى يوقىتىش، زىرائەتلەرنىڭ ياخشى ئۆسۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دورىلار: ئاسىيە دادىسغا ياردەملىشىپ، كۆكتاتلىققا دېھقانچىلىق دورىسى چېچىشىپ بەردى.

**دىماغ** ئى. بۇرۇن بوشلۇقى (بۇرۇن تۆشۈكى) بىلەن ئېغىز بوشلۇقى (ئېغىزتۆشۈكى) نىڭ تۇتاشقان جايى: شاخ-شۇمبىلارنىڭ چارسلداپ بىنۇاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئىس-تۈتەك قىزنىڭ دىمغىغا ئۇرۇلۇپتۇ.

## ر

**رادىئو قوبۇللىغۇچ** رادىئو ئاڭلىتىشىنى قوبۇل قىلغۇچى ئاپپارات. ئۇ ھاۋادىكى رادىئو دولقۇنلىرىنى تۆۋەن چاستوتىلىق ئېلېكتر سىگنالىغا ئايلاندۇرۇپ، چوڭايتقاندىن كېيىن يەنە ئاۋازغا ئايلاندۇرىدۇ: ئەمدىكى نۆۋەت بىزنىڭ — رادىئو قوبۇللىغۇچ گۇرۇپپىسىنىڭ ئىكەن.

**رادىئو ئۇزېلى** ئى. بىرەر رايون، يېزا-قىشلاق، مەھەللە ياكى زاۋۇت، كان-كارخانا قاتارلىقلاردا ئاڭلىتىش بېرىش ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك رادىئو ئىستانسىلىرىدىن بېرىلگەن رادىئو پروگراممىلىرىنى ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئۈچۈن مەخسۇس تەسىس قىلىنغان سىملىق رادىئو تارمىقى ۋە ئۇنىڭ مەركىزى: بۇگۈن ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى كەلگۈسى 24 سائەت ئىچىدىكى ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات بەردى.

مەنىداش سۆزى: رادىئو پونكىتى.

**راك** I **(راكى)** ئى. ئاساسەن سۇدا ياشايدىغان بوغۇم پۇتلۇق هايۋان، تېنى ئۇزۇن بولۇپ، تېنىنىڭ سىرتىدا يۇمشاق، نېپىز هەم سۇزۇك قاسىراقلىق قاپچۇقى بولىدۇ. قورساق قىسمى كۆپلىگەن بوغۇملاردىن تۈزۈلىدۇ: سۇ هايۋانلىرى بىلىق، راك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**راك** II **(راكى)** ئى. بىر خىل كېسەللىك، ئۇنىڭ ئالامىتى بەدەندە ئۇستۇنكى تېرە هۇجەيرىلىرىدىن شەكىللەنگەن يامان سۇپەتلىك ئۆسمە پەيدا بولىدۇ.

مەنىداش سۆزى: سەرەتان.

**راۋۇرۇس** ① سۈپ. يارامىلىق، ياخشى، رۇس، بولىدىغان: ئۇ هازىر راۋۇرۇس هۈنەرۋەن بولدى. ② رەۋ. تۈز، رۇس، توغرا: ئۇ تېخىچە بىلىنمۇ ئەگمەي راۋۇرۇس ئولتۇراتتى. ③ رەۋ. كەم-كۇتىسىز، پۇتۇنلەي، تولۇق، راسا؛ پۇزۇر، قاملاشتۇرۇپ، چىرايلىق: ئۇ چاچلىرىنى راۋۇرۇس قارايتىپ، قاش-كۆزلىرىنى تۈزىدى. ④ رەۋ. قىينالماي، بىمالال: ئۇ خەنزۇچە گېزىتلەرنىمۇ راۋۇرۇس كۆرەلەيدىغان بولدى.

مەنىداش سۆزى: رۇس، تۈز، يارامىلىق، دۇرۇس.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: يارىماس، ناچار، غورىگىل.

**رەھىمسىز** سۈپ. رەھمى يوق، كىشىگە رەھىم قىلمايدىغان، شەپقەتسىز، كۆيۈمى يوق، ۋەھشىي: ئۇ كىشى باي بولغىنى بىلەن ناھايىتى رەھىمسىز ئىكەن.

مەنىداش سۆزى: شەپقەتسىز، تاش يۈرەك، باغرى قاتتىق، زالىم.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: رەھىمدىل، رەھىملىك، شەپقەتلىك، باغرى يۇمشاق.

**رودۇپاي** ① ئى. ئەپسانىلەردە ئېيتىلىشىچە، پۇتى ئۇچەيگە ئوخشايدىغان، كىشىلەرگە هاپاش بولۇۋالسا ياكى چاپلىشىۋالسا

ئاجراتقىلى بولمايدىغان سۆڭەكسىز مەخلۇق: رودۇپاي كالتەكتىن قورقىدۇ (ماقال). ② سۇپ. كۆچمە. ئاسان قۇتۇلغىلى بولمايدىغان، چېكىدىن ئاشقان ئۇششۇق: مەن ئۇ رودۇپايدىن ھېچ قۇتۇلالمىدىم. ③ سۇپ. كۆچمە. قەلەندەر، دىۋانە: ھەي رودۇپاي، سەن ماڭا سۆز ياندۇرامسەن؟ / مېنىڭدەك بىر خانزادىنى بوش چاغلامسەن؟

**روزېتكا** ئى. توك سىملىرىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇشقا قۇلايلىق قىلىپ ياسالغان، توك مەنبەسىگە ئۇلاپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان دېتال. ئۇستىدە ئىككى ياكى ئۈچ تۆشۈكى بولىدۇ. ئېلېكتىر ئەسۋابلىرىنىڭ توك چاتقۇچى (شتېپسېلى) نى ئۇنىڭغا سانجىغاندا ئېلېكتىر ئەسۋابلىرىغا توك ئۆتىدۇ: يالقۇن ھۆل قولى بىلەن تېلېۋىزورنىڭ شتېپسېلىنى توك مەنبەسى روزېتكىسىغا چاتتى.

**رول** ئى ① قاتناش قوراللىرىنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ، توغرا يۆنىلىشتە باشقۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قۇرۇلمىسى. ئادەتتە ئۇ قول بىلەن باشقۇرۇلىدۇ: ئۇ كېلىپلا ۋېلسىپىتنىڭ رولىغا ئېسىلدى. ② سەھنە ئەسىرى ياكى كىنولاردىكى ۋە ياكى تەقلىدىي پائالىيەتلەردىكى قاتناشقۇچىلار ئويناپ چىققان پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى، ئەسلىي ياكى لايىھەدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئورنى: ساۋاقداشلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا پىركازچىك ۋە خېرىدار رولىدا تەقلىدىي سودا-سېتىق پائالىيىتى ئېلىپ باردى. ③ بىر نەرسىنىڭ باشقا نەرسىلەرنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى ئەھمىيىتى، تۇتقان ئورنى، كۆرسىتىدىغان تەسىرى، تۆھپىسى ياكى خىزمىتى: بۇ ئىشتا ئالىمنىڭ رولى ناھايىتى زور بولدى.

**رۇدا** ئى. تەركىبىدە يەر پوستىدا ساقلىنىدىغان تەبىئىي ئېلېمېنتلار ياكى بىرىكمىلەر بولغان ھەمدە قېزىپ ئىشلىتىش قىممىتىگە ئىگە، يەنى كېرەكلىك بولغان تاغ جىنسلىرى. كۆپىنچە كاللەك ھالەتتە ئۇچرايدۇ: تۆمۈر تاۋلاش ئىشچىلىرى رۇدىلارنى تاۋلاپ تۆمۈرگە ئايلاندۇردۇ.

**رېستوران** ئى. كۆڭۈل ئېچىش ئورنى بار بولغان چوڭ تېپتىكى ئاشخانا: ئۇنىڭ تاغىسى بېيجىڭدىكى بىر رېستوراندا تىجارەت قىلاتتى.

**رېشاتكا** ئى. كۆۋرۈكنىڭ ئىككى يېنى، يول ياقىسى، بالكون، كۆرۈش سۇپىسى ۋە گۈللۈك قاتارلىقلارنىڭ چەتلىرىگە تۆمۈر، ياغاچ، سېمونت قاتارلىقلاردىن تەكشى بالداقچە چىقىرىپ ياسالغان توسۇق: يول بويىدىكى رېشاتكىلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈشكە ياكى ئۇنىڭدا ئولتۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ.

**رىقابەت** ئى. ئۈستۈنلۈك تالىشىش كۈرىشى، بەسلىشىش، ئېلىشىش: زاۋۇتلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ بازاردىكى رىقابەت كۈچەيدى.

مەنداش سۆزى: بەسلىشىش.

**رىقابەتلىشىش** پ. بەسلىشىش، پايدا-مەنپەئەت ياكى نام-ئەمەلدە ئۈتۈپ چىقىش ئۈچۈن كۈرىشىش، ئۈتۈق، نەتىجە تالىشىش: بالىلار رىقابەتلىشىش خاراكتېرى كۈچلۈك، داۋاملىشىش ۋاقتى ئۇزۇن بولغان ھەرىكەتلەرگە قاتناشماسلىقى لازىم.

**رىكشا** ئى. ئادەم ياكى مال توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىككى چاقلىق ھارۋا، ئۇنى ئاساسەن ئادەم سۆرەيدۇ، بەزىلىرى ئۈچ چاقلىق ۋېلسىپىت شەكلىدىمۇ بولىدۇ: كونا جەمئىيەتتە ئىچكىرىدە رىكشا بىلەن ئادەم توشۇش ناھايىتى كۆپ ئىدى.

## ز

**زاپاس** سۈپ. كېيىن ئىشلىتىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان ياكى ئايرىپ قويۇلغان، ئارتۇق تەييارلانغان؛ نەرسىلەرنىڭ ئېھتىياجدىن ئاشقان ئىشلىتىلمىگەن ئارتۇق قىسمى، ئارتۇق: — ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ زاپاس دەپتەرلىرىنى ساڭا تەقدىم قىلدى، — دېدى پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى.

**زاراتگاھلىق** ئى. ئۆلگەن كىشىلەرنى كۆمىدىغان جاي،

قەبرىستان، زاراتلىق: بىزنىڭ قىسمىلىرىمىز ھەرمىباغ تەرەپتىكى زاراتگاھلىقتا قارغا كۆمۈلۈپ ئالغا سىلجىماقتا.
مەنىداش سۆزى: قەبرىستان، زاراتلىق، گۆرىستان، مازار.

**زاكاز (زاكازى)** ئى ① سېتىۋېلىشقا، ئىشلەپ بېرىشكە ئالدىن كېلىشىپ قويغان مال، بۇيرۇتما: ئۇلار ھەربىيلەرنىڭ زاكاز ئۆتۈكىنى ئىشلەۋېتىپتۇ. ② مەخسۇس شەرتلىشىپ توختام بىلەن بۇيرۇلغان ياكى بۇيرۇتۇلغان، كېلىشىم بويىچە ئورۇنلىنىشى شەرت قىلىنغان ئىش ياكى نەرسە: مەن خەتنى زاكاز قىلىپ سالدىم، ئەگەر تەگمەي قالسا پوچتىخانا مەسئۇلىيەت بويىچە جاۋابكار بولىدۇ.
مەنىداش سۆزى: بۇيرۇتما.

**زاكاز خەت** پوچتىدىن مەخسۇس نومۇر بىلەن ئالاھىدە سېلىنغان خەت. بۇنداق خەت سالغاندا پوچتىخانا خەت سالغۇچىغا مەخسۇس نومۇر يېزىلغان ئىسپات خېتى بېرىدۇ. خەت سالغۇچى شۇ ئىسپات ئارقىلىق خەتنىڭ قارشى تەرەپكە تەگكەن ياكى تەگمىگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرەلەيدۇ. ئەگەر خەت قارشى تەرەپكە تەگمەي يوقاپ كەتسە، پوچتىخانا مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ: مەن تۈنۈگۈن ئۈرۈمچىدىكى ئاكامغا زاكاز خەت سالدىم.

**زاكونلىشىش** پ. گەپ ياندۇرۇپ تاكاللىشىش، قارشىلىشىپ گەپ تالىشىش، جاۋابلىشىش، داۋلىلىشىش: شۇ تاپتا كۆڭلۈمنىڭ قەيىرىگىدۇر يەنە بىر بارات مۆكۈنۈۋېلىپ مېنى ئەيىبلىمەكتە، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن زاكونلاشماقتا ئىدىم.
مەنىداش سۆزى: داۋلىلىشىش، جاۋابلىشىش، تاكاللىشىش.

**زالىم** سۈپ. كىشىلەرگە زۇلۇم سالىدىغان، باشقىلارنى قاتتىق ئېزىدىغان، رەھىم-شەپقەتنى بىلمەيدىغان، ئادەمنى قىيناشقا ئامراق، زۇلۇمكار: ئۇلارنىڭ يۇرتىدا يۇنۇس ئاتلىق بىر زالىم باي بار ئىكەن.
مەنىداش سۆزى: زومىگەر، رەھىمسىز.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: مېھرىبان، شەپقەتلىك، كۆيۈملۈك.

**زامانىۋى** سۈپ. ھازىرقى زامانغا، يېڭى دەۋرگە ماسلاشقان، زامانغا خاس، يېڭى دەۋردىكى پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرى قوللىنىلغان، يېڭى تېخنىكا تەلىپىگە ئۇيغۇن: يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئاددىي ئەمگەك قوراللىرىنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىش زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىدۇر.

مەنىداش سۆزى: ئىلغار، يېڭى.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: قالاق، كونا، ئەنئەنىۋى.

**زامانىۋىلىشىش** پ. يېڭى زامان پەن-تېخنىكا تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش، يېڭىچە پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىگە ماسلىشىش، زامانغا لايىقلىشىش: بىز پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى كۆپلەپ ئۆگىنىپ، زامانىۋىلاشقان يېزا ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك.

مەنىداش سۆزى: ئىلغارلىشىش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: قالاقلىشىش، كونىلىشىش.

**زامىن بولۇش** سەۋەبچى بولۇش، (كۆڭۈلسىزلىك ياكى يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە) ۋاسىتىچى بولۇش، ئەيىبدار بولۇش، جاۋابكار بولۇش: — ئۇنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىگە مەن زامىن بولدۇم، ئۇنى ئۆزۈم قايتۇرۇپ كېلىمەن، — دېدى ئالىم ئورنىدىن تۇرۇپ.

مەنىداش سۆزى: سەۋەبكار بولۇش.

**زايە** رەۋ. پايدىسىز، بىكار، بىھۇدە؛ زىيادە، ئارتۇق؛ ئىسراپ: — بۈگۈن ھېرىپ ئۆلەيلا دېدىم. دېگەن بىلەن ئەمگىكىم زايە كەتمىدى، مايسىلار ئوبدانلا ئۆسۈپ قالدى، — دېيتتى ئۇ ئادەم.

مەنىداش سۆزى: بىكار؛ زىيادە؛ ئىسراپ.

**زەخىملىنىش** پ ① يارىلىنىش، جاراھەتلىنىش، زېدە بولۇش: ئۇ كېلىپ قارىسا، دۇۋىنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئېغىر زەخىملىنىپ ياتاتتى. ② **كۆچمە.** زىيانغا ئۇچراش، زىيان تارتىش، تالاپەتكە ئۇچراش؛ ۋەيران

بولۇش، ھالاك بولۇش: بۇ قېتىمقى جەڭدە دۈشمەن قوشۇنى قاتتىق زەخىملىنىپ، ئىستىھكامنى تاشلاپ قاچتى.
مەنىداش سۆزى: يارىلىنىش؛ يوقىلىش.

**زەر** ئى. ① ئالتۇن: شاھ مەلىكىنىڭ ئۆيىنى زەرلەرگە تولدۇرۇۋېتىپتۇ. ② سۈپ. ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىلگەن، ئالتۇن سۈيى بىلەن سۇغىرىلغان، ئالتۇن رەڭگىدىكى: ئۇلارنىڭ بەزىلىرى زەر جىيەكلىك ئېسىل تون، بەزىلىرى قىممەت باھالىق يىشىل مەخمەل چاپان كىيىۋالغانىكەن.
مەنىداش سۆزى: ئالتۇن.

**زەرب** ئى. زور كۈچەشتىن ھاسىل بولغان شىددەت، قاتتىق كۈچ؛ زەربە: بوران ئۇلارنى ئۇچۇرتۇپ تاملارغا، دەل-دەرەخلەرگە زەرب بىلەن ئۇرۇپتۇ.

**زەربە** ئى. (قاتتىق كۈچ بىلەن قارشى تەرەپكە كەلتۈرۈلگەن) ئېغىر زىيان، يوقىتىش خاراكتېرلىك زىيان-زەخمەت، ھالاكەت: ئۇلار كېچىدە دۈشمەنلەرنىڭ تەييارلىقسىز ياتقىنىدىن پايدىلىنىپ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىپ قاتتىق زەربە بەردى.

**زەمبىرەكچى** ئى. زەمبىرەك ئاتقۇچى، توپچى: شەھەرگە ھۇجۇم قىلغۇچى زەمبىرەكچىلەر پۈتۈن لوڭخۇا ناھىيىسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى.
مەنىداش سۆزى: توپچى.

**زەن** ئى. زېھىن، دىققەت؛ نەزەر؛ ئوي، پىكىر، خىيال: مەيدان شۇ قەدەر جىمىپ كەتتىكى، زەن سالغان كىشى ئۇچۇپ كېتىۋاتقان چىۋىننىڭ شەپىسىنى بىخۇدۇك ئاڭلىيالايتتى.

**زەھەرلىنىش** پ. زەھەرلىك نەرسىلەرنىڭ تەسىرىدە جىسمانىي ياكى روھىي جەھەتتىن زەخىملىنىش، ئاغرىق ياكى ئازابقا دۇچار بولۇش، يامان تەسىر بىلەن يۇقۇملىنىش: ساياھەتكە چىققاندا يېمەك-ئىچمەككە دىققەت قىلىش، قالايمىقان نەرسىلەرنى يېمەسلىك، زەھەرلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ★ بىز ئۆسمۈرلەر يامان تەشۋىقاتلار بىلەن زەھەرلەنمەسلىكىمىز كېرەك.

مەنداش سۆزى: يۇقۇملىنىش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: زەھەرسىزلىنىش، يۇقۇم-سىزلىنىش.

**زورۇقۇش** پ ① زورلاپ كۈچەش، خۇشياقمىسىمۇ مەجبۇرىي يوسۇندا قاتتىق كۈچەش، زورلاش، زورىغا داۋاملاشتۇرۇش: ئۇ كېچىلىرىمۇ زورۇقۇپ كىتاب كۆرگەچكە، ئۇنىڭ كۆزى ئاغرىپ كېتىدۇ. ② (كېسەللىك ياكى جاراھەت قاتارلىقلار بىرەر سىرتقى تەسىر تۈپەيلىدىن) ئېغىرلاپ كېتىش، چىڭقىلىپ ئاغرىش: ئۇنىڭ يارىسى زورۇقۇپ قاماقخانىدىكى تىنچىقتا تېزلا سېسىشقا باشلىدى.

مەنداش سۆزى: كۈچەش، زورلاش؛ چىڭقىلىش، ئېغىرلاش.

**زوقمەنلىك** ئى. كۈچلۈك قىزىقىش ھەم ھەۋەس قىلىش تۇيغۇسى، زوق بىلەن قوزغالغان ئىشتىياق، ھەۋەس: قىز ئەتراپقا زوقمەنلىك بىلەن قاراپتۇ.

مەنداش سۆزى: ئىشتىياق، ھەۋەس، قىزىقىش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: بىزارلىق، سەسكىنىش، زېرىكىش.

**زۇكام** ئى. چارچاش، شامالداش ياكى بەدەننىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچى ئاجىزلاش قاتارلىق سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدىغان بىرخىل يۇقۇملۇق كېسەل. بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغانلاردا گال قۇرۇش، دىماغ پۈتۈش، يۆتىلىش، چۈشكۈرۈش، باش ئاغرىش ۋە قىزىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ، ئاسان يۇقىدۇ: زۇكام — نەپەسلىنىش يولىدىكى يۇقۇملۇق كېسەل بولۇپ، ئادەتتىكى زۇكام ۋە تارقىلىشچان زۇكام دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**زۇكامداش** پ. زۇكام بولۇش، زۇكامغا گىرىپتار بولۇش، زۇكام بىلەن ئاغرىش: زۇكامدىغاندا ۋاقتىدا داۋالىتىش، ياخشى دەم ئېلىش كېرەك.

**زۇۋان** ئى. تىل، گەپ-سۆز؛ ئۈن، ئاۋاز، تاۋۇش، سادا: —

تۇۋا دەيمەن، — يالۋۇردى ئۇ زۇۋان پۈتۈپ،/ ئۆز ئەركىگە مەندىن تازا ئۈمىد كۈتۈپ.

**مەنىداش سۆزى:** ئاۋاز، ئۈن.

**زۇۋۇلا** ئى. نان يېقىش ۋە شۇ قاتارلىقلار ئۈچۈن تەييارلانغان كىچىكرەك يۇمىلاق خېمىر: بولكا پىشۇرۇشتا، ئالدى بىلەن تەييارلانغان خېمىر زۇۋۇلا قىلىنىدۇ.

**زېرىكىش** پ. بىزار بولۇپ ئىچى پۇشۇش، مەنىسىزلىك ھېس قىلىش، ئىچى سىقىلىش، خۇشلۇقى يوقىلىپ بىئارام بولۇش: ئۇ ئاخىرى ئۆيۈندىن زېرىكىپ ئۆيگە قايتىپ كىردى.

**مەنىداش سۆزى:** بىزار بولۇش، بېزىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ھەۋەسلىنىش، قىزىقىش.

**زېمىن ھازىرلاش** قولايلىق شەرت-شارائىت بىلەن تەمىنلەش، ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش، ئورۇن ياكى مەيدان چىقىرىپ بېرىش: لۇتپۇللانىڭ بىلىمگە زور ئىشتىياق باغلىغانلىقى، ئۇنىڭ كېيىنكى يىللاردا مەشھۇر تالانت ئىگىسى بولۇشىغا زېمىن ھازىرلاپ بەرگەنىدى.

**زىلزىلىگە كەلتۈرۈش** تىترىتىش، زىلزىلە ۋە دولقۇن پەيدا قىلىش، قاتتىق چايقاپ تەۋرىتىش، سىلكىندۈرۈش: بۇ سادا يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈردى، تاغۇدەرياللارنى لەرزىگە سالدى.

**مەنىداش سۆزى:** تىترىتىش، لەرزىگە كەلتۈرۈش.

**زىلۋا** سۈپ. نازۇك، ئىنچىكە، ئەۋرىشىم؛ گۈزەل، چىرايلىق، قاملاشقان: ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى زىلۋا ئىدى. ★ پەردە ھەركۈنى چىڭىقىدۇ، شۇڭا ئۇ ئەقىللىق ھەم زىلۋا قىز بولۇپ ئۆسۈۋاتىدۇ. ★ ياشلىق ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چېغى،/ تولىمۇ قىسقا ئۇنىڭ ئۆمرى بىراق،/ يېرىتىلسا كالپىندارنىڭ بىر ۋارىقى، / ياشلىق گۈلىدىن تۆكۈلىدۇ بىر يوپۇرماق.

**مەنىداش سۆزى:** نازۇك، لەۋەن، لەتىپ، بەرنا، گۈزەل.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قوپال، بوم، سەت، كېلەڭسىز.

**زىيالىي** ئى. ئوقۇپ نىسبەتەن يۇقىرى ئىلمىي سەۋىيىگە ئىگە

بولغان، ئەقلىي قابىلىيىتى ئادەتتىكى كىشىلەردىن يۇقىرى بولغان تۇرلۇك ئەقلىي ياكى ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى، ئومۇمەن ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە بولغان كىشى: ئۇنىڭ دادىسى ناھىيىدىكى خېلى داڭلىق زىيالىيلارنىڭ بىرى ئىدى.

# س

**ساپلىششش** I پ. ساپ، پاكىز، تازا ھالەتكە كېلىش، چاڭ-توزان ۋە بۇلغايدىغان ئارىلاشمىلاردىن خالىي بولۇش، پاكىزلىنىش: بۇ باھار بېتىپ كەلگەن، ئوت-چۆپلەر بىخ چىقارغان، ھاۋا ئىنتايىن ساپلاشقان مەزگىل ئىدى.

**مەنداش سۆزى:** پاكىزلىنىش، پاكلىنىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بۇلغىنىش؛ شالغۇتلىشىش.

**ساپلىششش** II پ. بىرقانچە كىشى بىرلا ۋاقىتتا ساپ ئورنىتىلىدىغان نەرسىلەرگە ساپ ئورنىتىش، ساپ بېكىتىش: ئۇلار جوتو-گۇرجەكلىرىنى ساپلىشۋاتاتتى.

**سادااق** ئى ① ئوقيانىڭ ئوقىنى سالىدىغان ئوقدان، شەكلى ئۇزۇنچاق قۇتىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، كۆپىنچە ياغاچ قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ: ئۇ قارىسا، سادااقتا ئارانلا ئىككى تال ئوق قاپتۇ.
② ئوقيا: ئارقىدىنلا پاراخوتنىڭ ئاستى تەرىپىدىن كۈچلۈك يەل ئېتىلىپ چىقتى-دە، يەل بىرىلگەن پاراخوت خۇددى سادااقتىن ئېتىلغان ئوقتەك ئىتتىك ئۈزۈپ كەتتى.

**سازاۋەر** سۈپ. (ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش يۈزىسىدىن بولىدىغان ياخشى مۇئامىلىگە) لايىق، مۇناسىپ؛ مۇيەسسەر، نائىل: سۇ چېچىش بايرىمىدا كىمگە سۇ كۆپ چېچىلسا، شۇ كىشىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەنداش سۆزى:** لايىق؛ نائىل.

**سازەندە** ئى ساز چېلىشقا ماھىر كىشى، بىر ياكى بىر قانچە خىل چالغۇ ئەسۋابىنى چالالايدىغان كىشى: ئۇنىڭ ئاكىسى ھازىر خېلى داڭلىق سازەندە بولۇپ يېتىشىپ قالدى.

**مەنداش سۆزى:** مۇزىكانت، سازچى، مۇزىكىچى.

**سازلىق** I ئى. ئۈستى يۇتۇنلەي ئوت-چۆپ ۋە ھۆلچىلىك، پاتقاقلىق بىلەن قاپلانغان، سۈيى ۋە ئوت-چۆپلىرى بولغان زەيكەش پاتقاق جاي: بىز سازلىقتىن قانداق يول بىلەن ئۆتۈشىمىزنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالغانىدۇق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سايلىق، تاشلىق.

**سازلىق** II ئى. ئېسىللىك، ياخشىلىق؛ يېقىملىقلىق، مۇڭلۇقلۇق: ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ سازلىقىنى ھەممىمىز ئوبدان بىلىمىز.

**مەنداش سۆزى:** ئېسىللىك، ئوبدانلىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ناچارلىق، يېقىمسىزلىق.

**ساقلاش** پ ① قوغداپ ساق تۇتۇش، مۇھاپىزەت قىلىش، قاراش، بېقىش: ئاكام ئەسكەرلىككە بارغاندىن كېيىن، بىر يىل چېگرا جەڭچىلىرى بىلەن بىرگە چېگرا ساقلىدى. ② كۈتۈش، (مەلۇم بىرسىنى) كەلسۇن دەپ جايىدا توختاش: خانىم ئالدىرىماڭ، بىز سىزنى ساقلاپ تۇرىمىز. ③ چىڭ تۇتۇش، ئۇنتۇماي ياد ئېتىپ تۇرۇش: دادا، دېگەنلىرىڭىزنى ئەستە ساقلايمەن.

**مەنداش سۆزى:** قوغداش؛ كۈتۈش.

**سالماق** ① سۈپ. ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، تەمكىن، ئېغىر-بېسىق، مەسلىلەرگە ئەتراپلىق ئويلىنىپ ھۆكۈم قىلىدىغان، ۋەزمىن: ئالىم خېلى سالماق بالا بولدى. ② ئى. ئېغىرلىق، ۋەزىن؛ سان، ھەجىم، مىقدار ياكى قىممەت، ئەھمىيەت جەھەتلەردىن تۇتقان ئورۇن: ھېلىقى كىشى قوينى كۆتۈرۈپ كۆرۈپ «خېلى سالمىقى بار قوي ئىكەن» دەپلا كېتىپ قالدى. ★ بۇ قېتىم خىزمەتنىڭ سالمىقى نىسبەتەن زور بولىدۇ. ③

سۈپ. ئاساسلىق، مۇھىم: سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلار بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە سالماق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ۋەزمىن.

**سانائەت** ئى. تۈرلۈك تەبىئىي بايلىقلارنى ئاچىدىغان ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياسايدىغان ياكى تەييار مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ئىشلەپچىقىرىش تارمىقى ھەم ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان كارخانا، زاۋۇت، فابرىكا قاتارلىقلار، ئومۇمەن ئىشلەپچىقىرىش-نىڭ ياسىش، پىششىقلاش ساھەسى: بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىز سانائەتتىن ئايرىلالمايدۇ.

**ساھە (ساھەسى)** ئى. ئىلىم-پەن، ئىدىيە ياكى ئىجتىمائىي پائالىيەت قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىر تارمىقى، بۆلۈنگەن مەلۇم بىر توپ ياكى سىستېمىسى: بۇلار ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى ئىشچىلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بىلەن زىچ باغلانغان.

**ساھىبخانا** ئى. ئۆي ئىگىسى ياكى چاي، زىياپەت، يىغىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ مېھمان تەكلىپ قىلغان كىشى، مېھمان چاقىرغۇچى: بىز ئۆيىگە كىرىشىمىز بىلەنلا ساھىبخانا ئايال بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** مېھمان.

**ساۋاش** پ ① (يۇڭ، پاختا قاتارلىقلارنى) ساۋاغ بىلەن ئۇرۇپ يۇمشىتىش، ئۇرۇپ تىتىپ توپا-چاڭلارنى چىقىرىپ پاكىزلەش، پاكىز ھەم يۇمشاق ھالەتكە كەلتۈرۈش: دادام ھويلىدا يۇڭ ساۋاۋاتاتتى.
② قامچا، چىۋىق قاتارلىقلار بىلەن ئۇرۇش، دۇمبالاش: جىز زالىم تايىقى بىلەن ھاسراپ-ھۆمۈدەپ ئۇلارنى بىر باشتىن ساۋىغىلى تۇرۇپتۇ.

**ساياھەت** ئى. ئارام ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش ياكى كۆرۈش ئۈچۈن باشقا جايلارغا بېرىپ زىيارەت قىلىش پائالىيىتى، زىيارەت، سەيلە: ساياھەت پائالىيەتلىرىدە بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىش لازىم.

**مەنىداش سۆزى:** سەيلە، زىيارەت.

**سەپسىلىش** پ. دىققەت بىلەن سىنچىلاپ قاراش، تەپسىلىي قاراپ چىقىش، ئەستايىدىل كۆزىتىش: نىمشقىدۇر، ئۇ بۇگۈن ئۇستۇبىشىمغا سەپسىلىپ قاراپ كەتتى.

**سەدىقە** ئى. ھاجەتمەنلەرگە، تىلەمچى-قەلەندەرلەرگە ياكى ھال-كۈنى تازا ياخشى بولمىغان كىشىلەرگە خۇدا يولىدا ساۋابلىق ئىزدەپ بېرىلگەن ماددىي نەرسە، خالىس بېرىلگەن خەير-ئېھسان، ئىنئام، ساۋابلىق ئۈچۈن قىلىنغان خالىسانە ياردەم: مەخسۇت بەگ شۇ يىغىلىشتا 30 مىڭ داچەن سەدىقە تارقاتتى.

**سەرپ قىلىش** ئىشلىتىش، چىقىرىش؛ چىقىم قىلىش، خىراجەت قىلىش: دېھقان دەرھال يۇگۇرۇپ بېرىپتۇ ۋە ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلمايلا ھەم سېمىز، ھەم يوغان توشقانغا ئىگە بولۇپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** سەرپلەش، چىقىم قىلىش، ئىشلىتىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كىرىم قىلىش، ئىقتىساد قىلىش.

**سەممىيلىك** ئى. سەممىي تۇيغۇ، راستچىللىق: سىز ئاشۇ ماگىزىنغا بارسىڭىز، ئۇنىڭ خېرىدارلارغا ئىللىق چىراي ۋە سەممىيلىك بىلەن رەخت كېسىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز.

**مەنىداش سۆزى:** راستچىللىق، ساداقەتمەنلىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ساختىلىق، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق.

**سەھىپە** ئى ① كىتاب، گېزىت-ژۇرنال قاتارلىقلارنىڭ ھەربىر بېتى، ھەربىر يۈزى: شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نامى گېزىت سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالدى. ② كۆچمە. ئۇزۇن داۋاملاشقان ياكى داۋاملىشىدىغان ھادىسە، ھايات قاتارلىقلارنىڭ ئايرىم بىر دەۋرى، بىر قىسمى، يېڭى مەزگىلى: ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياستى يېڭى جۇڭگو تارىخىدا شانلىق بىر سەھىپە ئاچتى.

مەنىداش سۆزى: ۋاراق، بەت.

**سەۋر قىلىش** (دۈچ كەلگەن مۇشكۇللۇككە، جاپاغا) بەرداشلىق بېرىپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، تاقەت قىلىش، قانائەت بىلەن ئۆزىنى بېسىۋېلىش، چىداپ تۇرۇش، چىداش: ئۈنچىلىك جاپاغا سەۋر قىلىش كېرەك، دۇنيادا ھەر جاپالار باركى، شۇلارغىمۇ كىشىلەر بەرداشلىق بېرىپ ياشايدۇ.

مەنىداش سۆزى: تاقەت قىلىش، چىداشلىق بېرىش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: سەۋرسىزلىنىش، تاقەتسىزلىنىش.

**سەۋرچانلىق** ئى. سەۋر-تاقەت بىلەن ئۆزىنى بېسىۋېلىش، تۇتۇۋېلىش ھالىتى، سەۋر قىلىش، تاقەت قىلىش: مۇئەللىم ئالدىنقى كۈندىكى ئىش توغرۇلۇق ماڭا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ئاخىرى مېنى قايىل قىلدى.

مەنىداش سۆزى: ئېغىر بېسىقلىق، چىداملىقلىق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: سەۋرسىزلىك، تاقەتسىزلىك، چىدامسىزلىق.

**سەۋرسىزلىك** ئى. سەۋر-تاقىتىنى يوقاتقان، ئالدىراپ ناھايىتى جىددىيلەشكەن ھالەت ياكى تاقەتسىزلىنىپ ئالدىراش تۇيغۇسى، سەۋر-تاقەت قىلالماسلىق: ئاخىرى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتكەن كۈنمۇ يېتىپ كەلدى.

مەنىداش سۆزى: تاقەتسىزلىك، چىدامسىزلىق، ئالدىراقسانلىق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: سەۋرچانلىق، ئېغىر-بېسىقلىق، چىداملىقلىق.

**سەيلە قىلىش** ئايلىنىپ كۆڭۈل ئېچىش، تاماشا قىلىش، ساياھەت قىلىش، كۆرۈپ زوقلىنىپ كۆڭۈل خۇش قىلىش: بىز تۈنۈگۈن سىنىپ بويىچە تەشكىللىنىپ خەلق باغچىسىنى سەيلە قىلىپ كەلدۇق.

**ستېرىئولۇق** ① سۈپ. بىر تەكشىلىكتە ياتمىغان، قەۋەت-قەۋەت دولقۇنلانغان، بوشلۇقتىكى: ستېرىئولۇق قۇرۇلما. ② بۆرتمە تەسۋىر ھاسىل قىلىپ، كىشىگە ئەينەنلىك تۇيغۇسى بېرىدىغان؛ كىشىدە بوشلۇق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغان: ستېرىئولۇق سۈرەت. ★ ستېرىئولۇق ئاۋاز. ③ ئى. دولقۇنلۇق ياكى قەۋەتلەنگەندەك، گويا بوشلۇقتا مۇئەللەق تۇرۇۋاتقاندەك بىلىنىدىغان ھالەت ياكى كۆرۈنۈش، شۇنداق ئالاھىدىلىك: پۈلنىڭ يۈزىدىكى بەزى جايلاردا ستېرىئولۇقى كۈچلۈك بولغان مۆقىم سۇ باسمىسى بار.

**مەنداش سۆزى:** مەئەللەقلىق، دولقۇنلۇق.

**سخېما** ئى. نەرسىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، جايلىشىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان سىزما تەسۋىر، سىزما لايىھە، خەرىتە: يولنىڭ ئاددىي سخېمىسىنى سىزىشتا، ئالدى بىلەن يۆنىلىشنى ئېنىق بەلگىلىۋېلىش لازىم.

**مەنداش سۆزى:** خەرىتە.

**سودا** ئى. سېتىش-سېتىۋېلىش شەكلىدە تاۋار ئالماشتۇرۇلىدىغان ئىقتىسادىي پائالىيەت، نەرسىلەرنى سېتىش ياكى سېتىۋېلىش پائالىيىتى، تىجارەت: يېزا ئىگىلىكى، سانائەت ۋە سودا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكتىن كەنتىمىز بارغانسېرى بېيىۋاتىدۇ.

**مەنداش سۆزى:** تىجارەت.

**سودا ساراي** كۆلىمى چوڭ ۋە ماللار تولۇقراق بولغان، تۈرلۈك ماللار سېتىلىدىغان چوڭ دۇكان، چوڭ ماگىزىن: مەن ئاپام بىلەن سودا سارىيىغا بېرىپ نەرسە-كېرەك سېتىۋالدىم.

**سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىك** كېسەللىك جەريانىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاستا بولىدىغان، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغان كېسەللەر، يەنى يۈرەك كېسىلى قاتارلىقلارغا ئوخشاش كېسەللەر: سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىككە گىرىپتار بولغان ساۋاقداشلار تەنتەربىيە مۇسابىقىسىگە قاتناشماسلىقى كېرەك.

**سوغا** ئى. ياغاچتىن ياسالغان چېلەك، ياغاچ چېلەك: چۈش بولۇشى بىلەنلا تەرەپ-تەرەپتىن چېلەك ۋە سوغىلارنى كۆتۈرگەن كىشىلەر بۇ يەرگە سۇغا كېلەتتى.

**سۇ باسما** قەغەز ياساش جەريانىدا قەغەز بوتقىسىنىڭ تالالىرىنىڭ زىچلىقىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق قەغەزگە چىقىرىلغان، يورۇققا تۇتسا كۆرۈنىدىغان، تارام-تارام سىزىق-تەسۋىرلەر ياكى خەتلەر ئىزى، يوشۇرۇن تامغا: پۇلنىڭ يۈزىدىكى رەسىم يوق جايلاردا قاتلاملىرى كۆپ، ستېرېئولۇقى كۈچلۈك بولغان مۇقىم سۇ باسمىسى بار.

**سۇغۇرتا** ① ئى. جەمئىيەتتىن شەرتلىك مەبلەغ توپلاپ تەبىئىي ئاپەت، تاسادىپىي ھادىسە ياكى ئادەملەرنىڭ بالا-قازاغا يولۇقۇشى قاتارلىقلار سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان زىياننى تولدۇرۇش ئۇسۇلى. ئۇنىڭغا قاتناشقان ئورۇن ياكى شەخسلەر قەرەللىك ھالدا بەلگىلىك مىقداردا پۇل تاپشۇرىدۇ. سۇغۇرتا ئورگىنى پۇل تاپشۇرغۇچىلارنىڭ ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرىسىدە كېلىپ چىققان تۈرلۈك زىيانلىرىغا قارىتا تۆلەم تۆلەپ بېرىدۇ: ئۇنىڭ دادىسى ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانىدى. ② سۈپ. شەرتلىك مەبلەغ توپلاپ، مەبلەغ چىقارغۇچىلارنىڭ تاسادىپىي كۆرۈلگەن زىيىنىنى تۆلەپ بېرىدىغان، شۇنداق قىلىشنى ئۈستىگە ئالغان: ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن جەمئىيەت سۇغۇرتا كەسپىنى يولغا قويدى.

**مەنىداش سۆزى:** ستراخوۋانىيە.

**سۇڭ** مق. ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. بىر سۇڭ ئۈچ سانتىمېتىرغا تەڭ، يەنى مېتىرنىڭ 1/33 نىگە، بىر چىنىڭ 1/10نىگە تەڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى (1 سۇڭ = 3.3 سانتىمېتىر = 0.1 چى = 0.33 مېتىر): توغرا بېزىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن قول بىلەن قەلەم ئۇچى ئارىلىقى بىر سۇڭ يىراقلىقتا بولۇشى

كېرەك.

**سۇلالە** ئى. دۆلەت نامىنى تىكلىگەن پادىشاھ جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان پۈتكۈل دەۋرى، خانلىق: قەدىمكى زاماندا، مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايىسى سۇلالىلەر كەڭ زېمىنلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى.

مەنىداش سۆزى: خانلىق، پادىشاھلىق، سۇلتانلىق.

**سۇلياۋ يوپۇقلۇق كەپە** ھەر خىل گۈل-گىياھ، كۆكتات، ئۆسۈملۈك قاتارلىقلارنى سوغۇق ھاۋانىڭ تەسىرىگە ئۇچراتماي تىز ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ياغاچ، تۆمۈر قاتارلىقلاردىن تۈۋرۈك تۇرغۇزۇپ ئۈستىنى سۇلياۋ بىلەن يېپىپ تەييارلانغان، ئۈستى يېپىق ئېتىز. ئۇنىڭدا تېمپېراتۇرا، يورۇقلۇق، نەملىك قاتارلىقلار ئادەملەر تەرىپىدىن تەڭشىلىپ تۇرىدۇ: سۇلياۋ يوپۇقلۇق كەپىلەردە سەي تېرىش ھازىر ئاستا-ئاستا ئومۇملاشماقتا.

مەنىداش سۆزى: پارنىك.

**سۇندۇرۇش** پ ① ئوشتۇش، قايرىش؛ قايرىپ بۆلەكلەرگە ئاجرىتىش، پارچىلاش؛ چېقىش، بۇزۇش: ئۇ تاياقنى سۇندۇرۇۋەتتى. ★ پاتەم ئورۇندۇقنى سۇندۇرۇۋەتتى. ② كۆچمە. ۋەيران قىلىش، خاراب قىلىش، يوقىتىش؛ ئەيىبلەش، زەربە بېرىپ ئابرۇيىنى چۈشۈرۈش؛ تۆۋەن كۆرۈش، كەمسىتىش: جەڭچىلەر دۈشمەننىڭ دەھشەتلىك قارشىلىقىنى سۇندۇرۇپ ئىلگىرىلەيتتى. ★ كۆپچىلىك ئالدىدا باشقىلارنى سۇندۇرۇش ياخشى ئىش ئەمەس.

مەنىداش سۆزى: قايرىش، پارچىلاش، بۇزۇش.

**سۆزمەن** سۈپ. سۆزگە ئۇستا، گەپدان، ناتىق، پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان؛ تولا گەپ قىلىدىغان، ئېغىزى گەپتىن توختىمايدىغان، كوتكوت: ئايال ئارتۇقچە بىر نېمە دېمىدى، پەقەت بۇ سۆزمەنلەرگە قاراپ قويدى-دە، ئاشلىق بېلىتىنى ئىزدەشكە باشلىدى.

مەنىداش سۆزى: گەپدان، گەپچى، ناتىق؛ كوتكوت، ۋاتۋات.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: جىمغۇر، كەمسۆز؛ مۆرىمەس.

**سۆكۈلۈش** پ ① تىكىچ يىپلىرى ئۈزۈلۈپ ياكى سۇغۇرۇلۇپ، چاك-چېكىدىن ئاجرىلىش، يىرتىلىش، بۆلەك-بۆلەك بولۇپ پارچىلىنىش: بولدۇ، ئۆتۈكمىزغۇ يامان ئەمەس، چېكىدىن سۆكۈلۈپ كەتسە بىز جاۋابكار. ماتېرىيالنى خوجايىنلار ئۆزى بىلەر. ② ئۆي-ئىمارەت، ماشىنا-ئۈسكۈنە قاتارلىقلار ئۆرۈلۈپ ياكى بۇزۇلۇپ پارچىلىنىش، چۇۋۇلۇش: ماشىنىنىڭ ھېلىقى زاپچىسى يەنە سۆكۈلۈپ چۈشۈپ قاپتۇ. ③ كۆچمە. (باشقىلار تەرىپىدىن) ئەيىب-نۇقسانلىرى پاش قىلىنىپ كەمسىتىلىش، تەنقىدلىنىش، مازاق قىلىنىش: بۈگۈنكى يىغىندا ئالىم قاتتىق سۆكۈلدى.

**مەنىداش سۆزى:** يىرتىلىش؛ چۇۋۇلۇش؛ كەمسىتىلىش، تەنقىدلىنىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تىكىلىش، ياماش؛ تەقدىرلىنىش، داڭلىنىش.

**سۆلەتلىك** سۈپ. گەۋدە-قىياپىتى ناھايىتى كۆركەم، سۆلىتى بار، سالاپەتلىك، قامەتلىك، كېلىشكەن: ئازلا ۋاقىت ئۆتۈپ خېلى سۆلەتلىك بىر ئايال كىرىپ كەلدى.

**مەنىداش سۆزى:** قاملاشقان، كېلىشكەن، قامەتلىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سەت، كۆرۈمسىز، ئاۋاق، ئورۇق.

**سۆيۈنۈش** پ. خۇشاللىق ھېس قىلىپ ئامراق بولۇش، خۇرسەنلىك بىلەن ياخشى كۆرۈش؛ بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلۈش، خۇشال بولۇش، شادلىنىش: دادام مېنىڭ ئىمتىھان نەتىجىلىرىمنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرۈپ بەك سۆيۈندى.

**مەنىداش سۆزى:** خۇشاللىنىش، شادلىنىش، خۇرسەن بولۇش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كۆڭلى بۇزۇلۇش، نارازى بولۇش؛ خاپا بولۇش، رەنجىش؛ قايغۇرۇش.

**سۈر** ئى ① ھەيۋەت، سالاپەت، ئادەمنى ئەيمەندۈرگۈدەك

قىياپەت: ئۇنىڭ يۈزىدىن ئەگىپ ئېقىۋاتقان قان ۋە تال-تال بولۇپ يۈزىگە چېچىلغان قارا چاچلىرى ئاجايىپ بىر سۇر پەيدا قىلغانىدى. ② قورقۇنچ، ۋەھىمە، بىرسىنىڭ ھەيۋە، دەھشىتىدىن قورقۇپ پەيدا بولغان ئەندىشە: مۆئەللىمنىڭ ئاچچىقىنى كۆرۈپ ئۇنى سۇر باستى.

**مەنىداش سۆزى:** ھەيۋەت؛ ۋەھىمە، قورقۇنچ.

**سۇرئەت** ئى. ھەرىكەتتىكى نەرسىنىڭ ھەرىكەت تېزلىكى، ئىلداملىقى؛ تېزلىك، ئىلداملىق: ماشىنىنىڭ سۇرئىتى بارغانسېرى ئاستىلاپ كېتىۋاتاتتى.

**مەنىداش سۆزى:** تېزلىك.

**سۈكۈت** ئى. ھېچقانداق ئاۋاز، تاۋۇش چىقمىغان، جىمجىت ھالەت، شۈكلۈك، جىمجىتلىق: ھەممىمىز بۇنى كۆرۈپ جىم بولۇپ قالدۇق، ئۇمۇ ئۇن چىقارمىدى، ئۆي ئىچى سۈكۈتكە چۆمدى.

**سۈنئىي** سۈپ ① بار نەرسىگە ئوخشىتىپ ياسالغان، ئادەملەر ئىشلەپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن، ياسىما: توقۇمىچى ئىشچىلار يۇڭ ياكى سۈنئىي تالالاردىن يىپ ئىگىرىپ، ئاندىن رەختلەرنى توقۇيدۇ. ② كۆچمە. يالغان، ساختا، ياسالما، ھەقىقىي بولمىغان: ئۇنىڭ سۈنئىي كۈلكىسى مېنىڭ ئاچچىقىمنى تېخىمۇ ئۆرلىتىۋەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** ياسىما، ياسالما.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تەبىئىي.

**سېخىي** سۈپ. باشقىلاردىن ھېچنېمىسىنى ئايىمايدىغان، ئۆزىدە بار نەرسىلىرىنى باشقىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىشتىن ئايانمايدىغان، قولى ئوچۇق، مەرد: بەرىكەتلىك كۆز كېلىپتۇ يۇرتىمىزغا، / داستىخىنى شۇنچە كەڭرى، شۇنچە سېخىي.

**مەنىداش سۆزى:** مەرد، قولى ئوچۇق، كەڭ قول.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بېخىل، پىخسىق، نامەرد.

**سېدە** ئى. قارىياغاچ ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. شاخلىرى زىچ ھەم باراقسان ئۆسىدۇ. دەرەخنىڭ باراقسان

گەۋدىسى گۈمبەزگە ئوخشاپ كېتىدۇ. كۆل ۋە يول بويلىرىدا مەنزىرىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆستۈرۈلىدۇ: مەكتەپنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىدىن كىرگەندە ئىككى تەرەپتە يوغان ئىككى تۈپ سىدە دەرىخى بار ئىدى.

**سېزىمچانلىق** ئى. سېزىش قابىلىيىتى، سەزگۈرلۈك: چىش چىرىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغاندا چىش ئاغرىش، چىشقا سوغۇق، ئىسسىق ياكى ئاچچىق-چۈچۈك، تاتلىق نەرسىلەر تەگكەندە ئارتۇق سېزىمچانلىق پەيدا بولۇشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

**سېكۇنت** ئى. بىر مىنۇتنىڭ ئاتمىشتىن بىر ئۈلۈشىگە تەڭ بولغان ۋاقىت ئۆلچەم بىرلىكى، يەنى بىر مىنۇت 60 سېكۇنت بولىدۇ: ئېلېكتر سىگنالىنىڭ تارقىلىش سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولۇپ، ھەر سېكۇنتتا يەر شارىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ.

**سېلىشتۇرما** ① ئى. سېلىشتۇرۇلغان مەسىلە، نەرسە قاتارلىقلار ياكى ئۇنىڭدىن چىقىرىلغان يەكۈن: كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىن قارىغاندا، ئالىم روشەن ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. ② سۈپ. ئۆزئارا سېلىشتۇرۇشقا ئاساسلانغان، سېلىشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ياكى سېلىشتۇرۇشقا ئاساس بولىدىغان: ئۇ ھازىر سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق بويىچە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى.

**سېجىللىق** ئى ① ئۈزۈلمەي داۋاملىشىش ياكى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىدىغان ھالەت: بىز چوقۇم سىياسەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە سېجىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم. ② بىرەر پائالىيەتنىڭ جىددىيلىك دەرىجىسى، يەنى بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدىكى كۈچنىڭ سەرپ قىلىنىش دەرىجىسى: بۇرۇن خەت-چەكلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئەمگەك سېجىللىقى زور بولۇپلا قالماستىن، ئاسانلا خاتالىق كېلىپ چىقاتتى.

**سىردىشىش** پ. ئۆزئارا كۆڭۈل سىرلىرىنى ئېيتىشىپ پاراڭلىشىش، ھال-مۇڭ بولۇش، مۇڭدىشىش: پاتىمە بىلەن مەن يېقىن دوستلاردىن، شۇڭا دائىم ئۇنىڭ بىلەن سىردىشىپ تۇرىمەن.

مەنداش سۆزى: مۇڭدىشىش، پاراڭلىشىش.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ماي تارتىشىش، قېيدىشىش.

**سىزمىچى** ئى. تۇرلۇك رەسىم، بېزەك تەسۋىرلىرى ياكى تۇرلۇك شەكىللەردىكى سخېما-خەرىتىلەرنى سىزىدىغان كىشى، ئومۇمەن بىر نەرسىلەرنىڭ تەسۋىرى ياكى سخېمىسىنى سىزىدىغان ئادەم: گوركىي باللىق ۋاقىتلىرىدا تۇرمۇشنىڭ مەجبۇرلىشىدىن بىر سىزمىچىنىڭ ئۆيىدە ئىشلىگەن.

**سىستېما** ئى. ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان بۆلەكلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن باغلىنىپ، قانۇنىيەتلىك ھالدا جايلىشىشىدىن ھاسىل بولغان ئومۇمىي تەرتىپ، بۆلەك-بۆلەكلەردىن تەركىب تاپقان بىر پۈتۈنلۈك؛ ۋەزىپىلىرى بويىچە ئۆزئارا تەشكىللىنىپ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغان قۇرۇلمىلارنىڭ يىغىندىسى: جانلىقلارنىڭ قان ئايلىنىش سىستېمىسى يۈرەك ۋە قان تومۇرلاردىن تەشكىل تاپىدۇ.

**سىلاش** پ ① ئالىقانىنى بوش، يۇمشاق تەگكۈزۈپ ئۇيان-بۇيان ھەرىكەتلەندۈرۈش، ئالىقان بىلەن بوش، يۇمشاق سىيپىلاش: ئادەتتە بىز كۆزىتىش ۋە سىلاش ئارقىلىق خەلق پۇلىنىڭ راست-يالغانلىقىنى پەرقلەندۈرەلەيمىز. ② كۆچمە. تېگىپ ئۆتۈش، يەڭگىل ئۇرۇلۇپ ياكى سىيپىلاپ ئۆتۈش (شامال قاتارلىقلار ھەققىدە): قار ئۇچقۇنلىرى ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىلايتتى. ③ كۆچمە. كۆيۈنۈش، غەمخورلۇق قىلىش، مېھرىبانلىق كۆرسىتىش: يامان كىشى سىلىغاننى بىلمەس (ماقال).
مەنداش سۆزى: سىيپاش، سىيپىلاش.

**سىلجىش** پ. ئاستا-ئاستا سۈرۈلۈش، ئاستا-ئاستا يۆتكىلىش، ئەسلىي ئورنىدىن باشقا تەرەپكە قاراپ قوزغىلىش، ھەرىكەتلىنىش، مېڭىش: بىزنىڭ قوراللىق قىسىملىرىمىز ھەرەمباغ تەرەپتىكى زاراتگاھلىقتا قارغا كۆمۈلۈپ ئالغا سىلجىماقتا.
مەنداش سۆزى: سۈرۈلۈش، يۆتكىلىش، مېڭىش.

**سىلىڭبۇ** ئى. ھەربىي باشلىقلار ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىدىغان

ۋە قىسمىنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان ئورگان: جەگچىلەر دېڭىز دولقۇنىدەك دۈشمەن سىلىگبۇسى ئورۇنلاشقان جاي — لوگخوا ئوتتۇرا مەكتىپىگە قاراپ ئېتىلدى.

**مەنىداش سۆزى:** شتاب.

**سىماب** ئى. كۈمۈش رەڭ زەھەرلىك سۇيۇقلۇق، ناھايىتى ئاسانلا يىغىلىۋالىدۇ، ئادەتتە دورا، تېرمومېتىر قاتارلىقلارنى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: تېرمومېتىرنىڭ ئىچىگە سىماب قاچىلىنىدۇ.

**سىمابسىز** سۈپ. سىماب يوق ياكى سىماب بارمىغان: بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىگەندە، تېرمومېتىرنى سىمابسىز تەرىپىدىن تۇتۇپ تۆۋەنگە قارىتىپ سىلكىپ سىماب ئېقىمىنى 35℃تىن تۆۋەنلىتىش كېرەك.

**سىمۋول** ئى ① ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ بىرى، بۇنىڭدا بىرەر ئىش، نەرسە، ھادىسە قاتارلىقلار شەرتلىك ھالدا شۇلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ياكى ئەسكە ئېلىنىدىغان تۇرمۇش ھادىسىسى، ئۇقۇم، نەرسە قاتارلىقلارغا بەلگە قىلىنىدۇ ياكى ئوخشىتىلىدۇ، يەنى تاڭ ئېتىش ئازادلىققا سىمۋول قىلىنغانغا ئوخشاش: بەخت، شادلىققا سىمۋول باھار،/ بەخت باھارى، بىزگە مەڭگۈ يار. ② مەلۇم بىر ھادىسە ياكى نەرسىنى ئىپادىلەيدىغان، ئەسلىتىدىغان باشقا بىر خىل نەرسە، شەرتلىك بەلگە: كەپتەر — تىنچلىقنىڭ سىمۋولى.

**سىنچى نەزەر** سىناش نەزىرى، كىشىنى سىناش، تەكشۈرۈپ رايىنى بىلىش مەقسىتىدە تاشلانغان نەزەر، كىشىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىش ئۈچۈن تىكىلگەن كۆز: ئۇنىڭ سىنچى نەزىرى ئالىمدىن ماڭا يۆتكەلدى.

**سىنچىلاپ** رەۋ. ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئەستايىدىل سەپ سېلىپ، ناھايىتى دىققەت بىلەن، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ: ئۇ يىقىن كېلىپ سىنچىلاپ قارىدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئىنچىكىلەپ، سەپ سېلىپ.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: مۇنداقلا، يۈزەلا، كۆزنىڭ قۇيرۇقىدا.

**سىياسىيون** ئى. بىرەر ھۆكۈمەت، پارتىيە، تەشكىلات قاتارلىقلارنىڭ ئىچكى-تاشقى مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش پائالىيەتلىرىدە مۇھىم رول ئوينايدىغان، شۇنداق ئىشلارنى بىرتەرەپ قىلىش ماھارىتى ۋە سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان، شۇ ساھەدە ھەممىگە تونۇلغان شەخس، ئومۇمەن، سىياسىي مەسىلىلەر ۋە سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، سىياسىي بىلىمى يۇقىرى كىشى، سىياسىي ئەرباب: غۇلجا شەھىرى ئەينى يىللاردا مەشھۇر سىياسىيونلار، پەيلاسوپلار، جامائەت ئەربابلىرى توپلاشقان جاي ئىدى.

**سىيپاش** پ ① (قول ياكى شۇنداق نەرسە بىلەن باشقا بىر نەرسىنى) سىلاش، يۇمشاق تەگكۈزۈپ ماگدۇرۇش، سىيرىش: مەنمۇ ئاپامنىڭ قىلغىنى بويىچە ئالقىنىمنى يېيىپ يۈزۈمنى سىيپىدىم. ② يۇمشاق، يېنىك تېگىپ مېگىش، يېقىملىق سۇركىلىش (شامال قاتارلىقلار ھەققىدە): كەچ كۈز شاملى بوينۇمدىكى گالستۇكۇمنى سىيپاپ ئۆتەتتى.

مەنىداش سۆزى: سىلاش.

**سىيرىلىش** پ ① سىلىق ياكى يانتۇ يەردىن مەلۇم بىر تەرەپكە قاراپ تېيىلىش، سۇرۇلۇپ ھەرىكەتلىنىش: پارتلاتقۇچ دورا ھەر ئىككىلا قېتىمدا سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى. ② كۆچمە. كۆيۈنۈپ، ئىچ ئاغرىتىپ ئازابلىنىش، غېمىنى يەپ قايغۇرۇش، ئۆكۈنۈش، يېرىم بولۇش: ئۇنىڭ ئاشۇ بىچارە ھالىنى كۆرۈپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى.

مەنىداش سۆزى: تېيىلىش، سۇرۇلۇش؛ ئازابلىنىش.

## ش

**شادا** ئى ① قۇرۇپ قالغان كېۋەزنىڭ غولى؛ ئىنچىكىرەك ئەمما

ئۇزۇن تاياق: دادام كېۋەز شادىلىرىنى يىغىۋاتاتتى. ★ ئۇ ئالما شاخلىرىغا شادا قويدى. ★ مەن بۈگۈن ھېلىقى شادا پاچاق كىشىنى كۆرۈپ قالدىم. ② ئاستى-ئۈستىگە پاراللېل قويۇلغان ئىككى تال ياغاچقا بىر قانچە تال بالداقنى ئورنىتىش ئارقىلىق ياسالغان قۇرۇلما، رېشاتكا ۋە ئۇنىڭ ھەربىر بالدىقى: ئۇ رېشاتكىنىڭ شادىلىرىنى قايتىدىن ئورناتتى.

**شادلىق ئىلكىدە** خۇشاللىق ئىچىدە، شادلىق ئىچىدە، خۇرسەنلىك، سۆيۈنۈش ھېسسىياتىدا: باللار بايرام مەزگىلىنى شادلىق ئىلكىدە كۈلكە-تاماشا بىلەن ئۆتكۈزۈشتى.

**شادىمان** سۈپ. شادلىققا تولغان، خۇشال-خورام، غەم-قايغۇسىز: كۆللەردە شادىمان بېلىقلار پىلتىڭلاپ ئۈزۈشەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** خۇشال، خۇش، شاد.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** غەمكىن، مەيۇس، دەردمەن.

**شاكىلات (شاكىلاتى)** ئى. كاكائو (بىر خىل دەرەخ. بۇ يەردە شۇ دەرەخنىڭ ئۇرۇقىدىن تەييارلانغان تالقاننى كۆرسىتىدۇ)، شېكەر قاتارلىقلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بىر خىل كەمپۈت: بولغاچ بۈگۈن بايرام كۈن، ئاستۇق لەۋھە-پلاكات. /كىيىپ يېڭى كىيىملەر،/ يېدۇق بەنشىرە-شاكىلات.

**شاگىرت** ئى. مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ ھۈنەر-ماھارەت ياكى ئىلىم-تېخنىكا ئۆگىنىدىغان كىشى، ئۆگەنگۈچى: بۇ ئىشنى ئۇنىڭ بىر شاگىرتى بىلىپ قاپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئۆگەنگۈچى، ئوقۇغۇچى، تالىپ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۇستا، ئۇستاز.

**شال** I ئى. بىر يىللىق، سامان غوللۇق، باشاقلىق ئۆسۈملۈك. دېنى گۈرۈچ بولۇپ، مۇھىم بىر خىل ئاشلىق زىرائىتى ھېسابلىنىدۇ. سۈيى كۆپ، نەم ئورۇنلاردا كۆپرەك تېرىلىدۇ. شەكلى بۇغدايغا ئوخشاش بولۇپ، بوغدايدىن ئېگىزرەك ئۆسىدۇ: شال ئېتىزلىرىدىكى شال باشاقلىرى قۇياش نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى.

**شال** II **(شالى)** ئى. يۇڭدىن توقۇلغان قېلىن تىۋىتلىق رومال.
مەنىداش سۆزى: رومال، يۇڭ ياغلىق.

**شال** III ئى. بەلگىلىك قېلىنلىقتا ۋە مەلۇم كەڭلىكتە تىلىنغان ياغاچ: مەن دادامغا ياردەملىشىپ شال تىلىشىپ بەردىم.
مەنىداش سۆزى: تاختاي، پەن.

**شال** IV **(شالى)** ئى. ئېغىزدىن ئاققان شىلىمشىق سۇيۇقلۇق، شۆلگەي: ئۇكامنىڭ شالى ئېقىپ تۇرىدۇ، دوختۇرغا كۆرسىتىپ باقايلى.
مەنىداش سۆزى: شۆلگەي، شالدام.

**شان-شۆھرەت** ئى. ياخشىلىقى بىلەن ئېرىشكەن ياخشى ئاتاق، ھۆرمەت، شەرەپ، نام-ئابرۇي، شۆھرەت، داڭق: شىنجاڭ قوغۇنىنىڭ شان-شۆھرىتى ئالەمگە داڭلىق.
مەنىداش سۆزى: ئاتاق-ئابرۇي، نام-شەرەپ.

**شاھ** ئى ① پادىشاھلىق تۈزۈمدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىي دۆلەت باشلىقى، پادىشاھ، خان: سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پادىشاھى سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئابدۇرېشتخان شاھ بولدى. ② شاھمات ئويۇنىدا باشقا بارلىق ئۇرۇقلار قوغدايدىغان، ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئۇرۇق، ئادەتتە باشقا ئۇرۇقلاردىن ئېگىزرەك بولىدۇ: ئۇ ئامالسىز شاھنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن توپنى بېرەۋەتتى.

**شاھمات** ئى. ئىككى ئادەم مۇسابىقىلىشىپ ئوينايدىغان بىر خىل ئويۇن. بۇنىڭدا ھەر ئىككى تەرەپتە ئاق ۋە قارا بولۇپ 16 دىن ئۇرۇق بولىدۇ. ئوينالغاندا ئۇرۇقلارنى قائىدە بويىچە ماڭدۇرىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ شاھىنى مات قىلغان كىشى ئۇتقان بولىدۇ: باللار ئارام ئېلىش كۈنلىرىدە سۇ ئۈزۈش، شاھمات ئويناش، ساياھەت قىلىش قاتارلىق تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە نورمال قاتنىشىشى كېرەك.

**شاۋشياۋ** ئى. ھەربىيلەرنىڭ دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان

ئۇنۋانلاردىن بىرى، يەنى تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجە: — سىزنىڭ ئۇنۋانىڭىز نېمە؟ — مەن شاۋشياۋ.

**مەنداش سۆزى:** مايور.

**شاۋقۇن** ئى ① تۈرلۈك نەرسىلەردىن چىققان قالايمىقان كۈچلۈك ئاۋاز، قاتتىق ئۈن، ۋاراڭ-چۇرۇڭ، قالايمىقان ئاۋازلار: شارقىراتمىدىن چۈشۈۋاتقان سۇنىڭ شاۋقۇنىدا ھېچنېمىنى ئاڭلىيالماي قالدىم. ② جىددىي تالاش-تارتىش، جاڭجال، سۈرەن، ئالا-توپىلاڭ: بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كەنت ئاھالىسى شاۋقۇن سېلىشىپ كەنت كومىتېتى قورۇسىغا قاراپ ئاقتى.

**شەپە** ئى ① ئۈن، تىۋىش، پەس ۋە بوش چىققان ئاۋاز، پەس ئاۋاز: ئۇ بىر نەرسىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىغاندەك بولدى-دە، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. ② كۆچمە. خەۋەر، مەلۇمات، ئالدىن بېرىلگەن سىگنال؛ بەلگە، ئالامەت، بېشارەت، ئىشارەت: ئۆگەي ئانا ھەرقانچە قىلسىمۇ، قىزنىدىن زادىلار شەپە كەلمەپتۇ.

**مەنداش سۆزى:** تىۋىش، ئاۋاز، خەۋەر، مەلۇمات.

**شەپقەت ھەمشىرىسى** ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا يارىدار جەڭچىلەرنى قۇتقۇزۇش، داۋالاشقا مەسئۇل بولغان ئايال سىستېرالارغا بېرىلگەن ھۆرمەت نام: شەپقەت ھەمشىرىلىرىمىز جەڭ مەيدانلىرىدا ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي جەڭچىلەرنى داۋالاپ، پۈتۈن خەلقنىڭ مەڭگۈلۈك ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولدى.

**شەپقەتلىك** سۈپ. كىشىلەرگە كۆيۈنۈپ ياخشىلىق قىلىدىغان، شەپقەت قىلىدىغان، مېھرىبان، كۆيۈمچان، رەھىمدىل: پادىشاھ ئۆزى ئۈچۈن كۆپ ياخشىلىق قىلغان بۇ شەپقەتلىك پادىچىغا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

**مەنداش سۆزى:** مېھرىبان، كۆيۈمچان، رەھىمدىل.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** شەپقەتسىز، ياۋۇز، ۋەھشىي.

**شەيئى** ئى. ئەمەلىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بارلىق نەرسە، ۋەقە-ھادىسىلەر، مەۋجۇدات: ماقالە پېزىشتىن بۇرۇن مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىنچىكە كۆزىتىش كېرەك.

**شتاب** ئى. ھەربىي قىسىملارنىڭ قوماندانلىق ئورگىنى، قوماندانلىق قىلغۇچىلار تۇرۇشلۇق ئورۇن: بىز ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ، ئۇيېرىدىكى سازلىقنىڭ شىمالىغا ئورۇنلاشقان شتابقا كىرىپ كەتتۇق.

مەنىداش سۆزى: سىلىگىبۇ.

**شتېپسېل** ئى. توك ئۆتكۈزىدىغان سىمنىڭ بىر بېشىغا ئۇلىنىدىغان چاتقۇچ. ئۇنى توك مەنبەسىگە سانجىغاندا توك ئۇلىنىدۇ: يالقۇن ھۆل قولى بىلەن تېلېۋىزورنىڭ شتېپسېلىنى توك مەنبەسى روزېتكىسىغا چاتتى.

مەنىداش سۆزى: چاتقۇچ، ئۇلىغۇچ.

**شور ئۆرلەش** قاتلاملىرىدىكى تۇز ماددىلىرى ئېرىپ ئۈستكى يۈزىگە ئۆرلەپ چىقىش، ئۈستكى يۈزىدە ئاق شور پەيدا بولۇش، يۈزىنى ئاق تۇز كرىستاللىرى بېسىپ كېتىش: ئۇ شور ئۆرلەپ كەتكەن ئېتىز قىرىدا يالاڭئاياغ كېتىپ باراتتى.

**شۇ ئەسنادا** شۇ ۋاقىتتا، شۇ چاغدا، شۇ پۇرسەتتە، (ئالدىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئىش-ھەرىكەت ياكى ۋەقە-ھادىسە) سادىر بولۇۋاتقان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە: شۇ ئەسنادا كىمدۇر بىرى مېنى تاشقىرىدىن ۋارقىراپ چاقىرىپ قالدى.

مەنىداش سۆزى: شۇ پەيتتە، شۇچاغدا.

**شۇڭغۇش** پ (سۇ، ھاۋا قاتارلىقلارنىڭ) قاتلىمىغا بويىچىلاپ ئەپچىللىك بىلەن كىرىش ياكى ئىچكى قىسمىدىن ئەپچىللىك بىلەن سۇغۇرۇلۇپ چىقىش، ئېتىلىپ كىرىش ياكى ئېتىلىپ چىقىش: ئايروپىلان ھاۋادا بىردەم يۇقىرى ئۆرلىسە، بىردەم پەسكە شۇڭغۇيتتى. ★ ئۇ بىر ھازادىن كېيىن سۇدىن شۇڭغۇپ چىقىپ، بىز تەرەپكە قاراپ توۋلىدى.

**شۇملۇق** ئى. يامانلىق، قارا نىيەت بىلەن قىلىنغان ئەسكىلىك؛

قارا نىيەتلىك، ياۋۇزلۇق: ئوغلىنىڭ شۇملۇقىدىن بۇ بىچارە دادىمۇ تۈزۈكرەك كۈن كەچۈرەلمەيۋاتاتتى. ★ ئۇنىڭ شۇملۇقىنى بىز ھەممىمىز بىلەتتۇق، شۇڭا ھېچكىممۇ ئۇنىڭ بىلەن ماڭغىلى ئۇنىمىدى.

**مەنىداش سۆزى:** يامانلىق، ئەسكىلىك؛ قارا نىيەتلىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ياخشىلىق، بەلەنلىك، ئاق كۆڭۈللۈك.

**شۈك** رەۋ ① جىم، تىنچ، ئۈن-تىن چىقارماي، غەلۋە-غوۋۇر قىلماي؛ خاتىرجەم، ئازادە: خەلق قوزغىلىپ كوچىلار ئادەم دېگىنىغا ئايلىنىپ كەتتى. بىز ئۆيىمىزدە شۈك ئولتۇرالامدۇق؟ ② بۇيرۇق سۈپىتىدە «تىنچلان، جىم تۇر» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: — شۈك دېدىم، شۈك! — دېدى نۇرمۇھەممەت ئەكرەمنىڭ ئاغزىنى تۇسۇپ.

**مەنىداش سۆزى:** جىم، ئۈن-تىنۋىشسىز.

**شېكەر قومۇشى** غولى بوغۇم-بوغۇم ھالەتتە ئېگىز ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق باشاقلىق ئۆسۈملۈك. كۆپىنچە سارغۇچ يېشىل ياكى سۆسۈن رەڭدە، غولىنىڭ تەركىبىدە قەنت ماددىسى بار. ئۇنى شېكەر ئىشلەشنىڭ خام ئەشياسى قىلىشقا بولىدۇ. غولىنى چايناپ شۈمىسىمۇ بولىدۇ. ئادەتتە غولىمۇ «شېكەر قومۇشى» دېيىلىدۇ: قىزىلچا ياكى شېكەر قومۇشىنى خام ئەشيا قىلىپ، قەنت-گېزەكلەرنى ياساشقا بولىدۇ.

**شېھىت** ئى ① ئىسلام دىنىنىڭ غەلىبىسى ياكى ئۇنىڭ ھەقىقەتلىرىنىڭ بۇرمىلىنىشى، زىيانغا ئۇچرىشىنى توسۇش ئۈچۈن بولغان ئۇرۇش-جەڭلەردە قۇربان بولغان، ئىسلام دىنىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغان كىشى. دىنىي رىۋايەتلەردە «ئۇلار ئۆلسىمۇ گۆرىدە جەسىتى چىرىمايدۇ، چاچ-ساقاللىرى ئۆسۈپ تۇرىدۇ، يېرىم جان ھالەتتە ياتىدۇ» دەپ قارىلىدۇ: ئۇ شېھىتلارنىڭ روھىغا دۇئا قىلدى. ② كۆچمە. ۋەتەن-خەلق ئۈچۈن، ھەققانىيەت ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلغان،

هەق-ئادالەت يولىدا كۈرەش قىلىپ قۇربان بولغان كىشى: شەپقەت ھەمشىرىلىرىمىز خەلقىنىڭ ئەركى ئۈچۈن دۈشمەنگە قارشى شېھىت بولغان ۋەتەن قەھرىمانلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

مەنىداش سۆزى: قۇربان.

**شىشىق** ئى. ياغاچنى سۇندۇرغاندا ياكى يارغاندا سۇنغان، يېرىلغان جايدىن چاچراپ چىققان ياكى سۇنغان يەردە پەيدا بولغان تىكەنلىرى، قىلتىرىقتا ئوخشاش قىسمى، زىۋزىق: دوختۇر ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن نۇرغۇنلىغان شىشقلارنى تېرىپ ئالدۇ ۋە بۇنىڭ تەن جازاسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

مەنىداش سۆزى: زىۋزىق.

**شىلتىڭ ئېتىش** ① (ئات-ئۇلاغلار) پۇتىنى يۇقىرى-تۆۋەنگە قالايمىقان سىلكىش، چىچاڭشىش: ئېشەك شىلتىڭ ئېتىپ ئۇنى زادىلا يېنىغا كەلتۈرمىدى. ② كۆچمە. ھالىغا باقماي چوڭچىلىق قىلىش، پوچىلىق قىلىش، نوچىلىق قىلىش: — تولا شىلتىڭ ئاتما، مەن سېنى بىلمەيتتىممۇ؟! — دېدى قاسىم ئۇنىڭ ئالدىغا دۈەيلەپ كېلىپ.

مەنىداش سۆزى: چىچاڭشىش.

**شىلدىر-شىلدىر** تەق. سۇنىڭ تەۋرىنىپ ئېقىشى ياكى يوپۇرماق، قەغەز قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ بەكرەك تەۋرىنىشى ۋە ياكى ئۆزئارا ئۇرۇلۇشلىرى، دەسسىلىشلىرىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل ئاۋاز: ماڭسىڭىز ئاياغ ئاستىڭىزدىن شىلدىر — شىلدىر قىلغان ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ.

**شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى** ئاسمان بوشلۇقىنىڭ شىمال تەرىپىدە كۆرۈنىدىغان بىر دانە يورۇق يۇلتۇز. ئورنى نىسبەتەن مۇقىم بولۇپ، ئاسان ئۆزگەرمەيدۇ. شۇڭا ساياھەت ۋە دېڭىز قاتنىشىغا چىقىپ يۆنىلىشنى تاپالماي قالغاندا، ئۇنىڭغا قاراپ يۆنىلىشنى پەرقلەندۇرۇشكە بولىدۇ.

**شىۋىرغان** ئى. قىش كۈنلىرى يەرلەرگە يېغىلىپ قالغان ياكى

ئاسمىنىدىن چۈشۈۋاتقان قارلارنى ئۇچۇرتۇپ چىقىۋاتقان كۈچلۈك شامال، قار ئارىلاش چىقىۋاتقان سوغۇق بوران ياكى شامال، قارلىق شامال: شۇۋىرغان قىزنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە ئۇرۇلۇپ، نەپىسىنى بوغۇۋېتىپتۇ.

**شىۋىرلاش** پ. پەس ئاۋازدا سۆزلەش، شىۋىر-شىۋىر قىلىپ پەس ئۈن چىقىرىش، پىچىرلاش؛ بوشقىنە ياڭراش: ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە پەقەت «جەڭچىگە ئوق تەگدى» دېگەن بىرلا قايغۇلۇق ئاۋاز شىۋىرلايتتى.

**مەنىداش سۆزى:** پىچىرلاش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ۋارقىراش، توۋلاش.

# غ

**غار** I **(غارى)** ئى. تاغلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەبىئىي شەكىللەنگەن چوڭ بوشلۇق، گەمىگە ئوخشاش جاي، ئۆڭكۈر: بۇ سۆز يولۋاسقا مايدەك يېقىپ، غار تۈۋىدە ئۇخلاشقا باشلاپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئۆڭكۈر.

**غار** II تەق. ئېغىزغا سۇ ئېلىپ ئېغىزنى چايقىغاندا، ماتور قاتارلىقلار ھەرىكەتلەنگەندە چىقىدىغان ئاۋاز: موتسىكلىت غار قىلىپلا يۈرۈپ كەتتى.

**غالجىرلىشىش** پ. ئەسەبىيلىشىپ قاتتىق ياۋۇزلىشىش، ۋەھشىيلىشىش، قەبىھلىشىش، تەلۋىلىكتە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىش: دۈشمەنلەرنىڭ پىلىموتلىرى تېخىمۇ غالجىرلاشتى.

**مەنىداش سۆزى:** ئەسەبىيلىشىش، ياۋۇزلىشىش، قەبىھلىشىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** مۇلايىملىشىش، ياۋاشلىشىش، سىپايىلىشىش.

**غالىبىيەت** ئى. غەلىبىلەر، ئۇستۇنلۇك، ئۇتۇق: بىر ئۈچ يىل

جاپالىق كۆرمىش قىلىپ زور غالىبىيەت بىلەن جەڭنى ئاخىرلاشتۇردۇق.

**مەنىداش سۆزى:** غەلىبە، نەتىجە، ئۇتۇق، مۇۋەپپەقىيەت.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** مەغلۇبىيەت.

**غايەت زور** ھەددىدىن تاشقىرى يوغان، ناھايىتى زور، ئىنتايىن چوڭ: 20 يىللىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە خەلق تۇرمۇشى غايەت زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

**غەرەز** ئى ① سۇيىقەست، ھىيلە-مىكىر ئارىلاشقان مەقسەت، يامان نىيەت: ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى غەرىزى، سەن بىلەن مېنى ئۇرىغا ئىتتىرىش ئىكەن. ② داۋلى، توغرا گەپ، گەپ-سۆز ياكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ توغرىسى: مۇھەممەدنىڭ بالىسى ھەقىقەتەنمۇ غەرەز ئۇقىدۇ، ئەدەپلىك، ئىشچان ھەم ئاتا-ئانىسىنى بەك ھۆرمەتلەيدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** مەقسەت، نىيەت.

**غەرەزلىك** سۈپ. يامان مەقسىتى بار، كۆڭلىگە يامان غەرەز يوشۇرۇنغان، قارا نىيەتلىك، ئالا كۆڭۈللۈك، نىيىتى بۇزۇقلۇق: ئۇ بۇگۈن غەرەزلىك ھالدا مەن بىلەن گەپ تالىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.

**مەنىداش سۆزى:** قارا نىيەتلىك، ئالا كۆڭۈللۈك؛ قەستەن.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاق كۆڭۈللۈك، ساپ دىللىق.

**غەلىتە** سۈپ. ئاجايىپ، ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان، باشقىچە، ئۆزگىچە، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان: بۇرۇنقى زاماندا بىر غەلىتە مەخلۇق بار ئىكەن.

**مەنىداش سۆزى:** ئاجايىپ، باشقىچىلا.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** نورمال، ئادەتتىكىدەك.

**غەم يېمەس** بىر ئىشلاردىن غەم قىلىپ يۈرمەيدىغان، ئۆز ئىختىيارى بىلەن يۈرۈۋېرىدىغان، غەم-ئەندىشە قىلمايدىغان، بىغەم، غەمسىز: ئۇ ئاۋۇتىنىڭ غەم يېمەس بىر بىغەملىكىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئۈمىدسىزلەندى.

**مەنىداش سۆزى:** بىغەم، غەمسىز، لايغەزەل.

**غەمخورلۇق** ئى. كۆيۈمچانلىق، مېھرىبانلىق: مەن ساندىنىڭ قولىنى تۇتتۇم ۋە ئۇنىڭغا: — مەن لىبىغا مەڭگۈ غەمخورلۇق قىلىمەن، — دېدىم.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** شەپقەتسىزلىك، زالىملىق.

**غەنىيمەت** ئى ① ئۇرۇش ياكى ئوۋلاردا قولغا چۈشكەن ئولجا، قارشى تەرەپنى يېڭىپ ئۇلاردىن ئېلىنغان قورال-ياراغ ياكى ھەر خىل ماددىي نەرسىلەر: دۈشمەنلەردىن غەنىيمەت ئالغان قوراللارنىڭ سانى كۈندىن-كۈنگە كۆپەيدى. ② كۆچمە. قولغا كەلگەن پۇرسەت، قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان، قايتا تەكرارلانمايدىغان ئېسىل نەرسە، ئۆز ئىلكىگە ئۆتكەن قۇتلۇق نەرسە، ئامەت: ۋاقىت بىزگە غەنىيمەت.
★ گالدىن ئۆتكەن غەنىيمەت (ماقال).
**مەنىداش سۆزى:** ئولجا، ئوۋ؛ ئامەت.

**غوڭۇلداش** پ. ھاشاراتلار ئۇچۇۋاتقاندىكىگە ئوخشاش بىر يېقىمسىز شەپە ياكى تىۋۇش پەيدا بولۇش، غوڭ-غوڭ قىلغاندەك ئاۋاز چىقىش: ۋايجان، بېشىم قېيىپ، قۇلاقلىرىم غوڭۇلداپ كېتىۋاتىدۇ.

**غوۋغا (غوۋغاسى)** ئى. ئۇرۇش-جېدەل، غەلۋە، ماجىرا؛ قىيا-چىيا: رەھىم قىلغىن ئەي شاھ بېلىق، ئۆزۈڭ ماڭا،/ موماي ئەخمەق بۇ بېشىمغا سالدى غوۋغا.

**غۇۋا** سۈپ. يورۇق ئەمەس، ئېنىق كۆرۈنمەيدىغان، گۇڭگا: قۇياش تاغ كەينىگە پاتقان، ئەتراپ غۇۋا، ئۇ ئارانلا دەلدەڭشىپ كېتىپ باراتتى.
**مەنىداش سۆزى:** تۇتۇق، گۇڭگا.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** روشەن، ئېنىق، نۇرلۇق، ئوچۇق.

**غېمىنى يېيىش** (بىرەر نەرسە ياكى ئىشنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن، شۇنىڭ) كويىدا يۈرۈش، زۆرۈر تەييارلىقىنى قىلىش، كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلاش، ھازىرلىقىنى قىلىش: يىگناغۇچ شوخ كۈيلەپ، چالدى ساز،/ سايىلەردە ئۆتتى گۈزەل ياز./ تاماشىدىن بوشاي دېمىدى،/ قىش غېمىنى ئەسلا يېمىدى.

مەنىداش سۆزى: كويىدا بولۇش، تەييارلىقىنى قىلىش.

**غىپپىدە** رەۋ. يەڭگىل ھەم تېز، ھەش-پەش دېگۈچە، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە، ناھايىتى چاققانلىق بىلەن: ئۇمۇ غىپپىدە چىقىپ، سۇت ئېلىپ كىرەتتى-دە، موماىغا قايىنتىپ بېرەتتى.

مەنىداش سۆزى: تېز، ئىتتىك، چاققان.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئالدىرىماي، ئاستا.

**غىزالىنىش** پ. غىزا يېيىش، تاماق يەپ قورساق تويغۇزۇش، تاماق يېيىش: ئۇ چۈشتە قورسقى ئېچىپ تالادىن بىرئاز غىزالىنىپ كېلىشنى ئويلاپتۇ-دە، ئاياليغا ئېيتىپتۇ.

مەنىداش سۆزى: تاماقلىنىش، ئوزۇقلىنىش، تائام يېيىش.

# ف

**فارفور** ئى. ئالاھىدە بىر خىل ساپ سېغىز توپىنى قىزدۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان ماتېرىيال. قاتتىق ۋە چۈرۈك، ئاق ياكى سېرىق بولىدۇ. ساپالدىن سىلىق چىقىدۇ: بۇ يەردە فارفور بۇيۇم ياساشقا كېرەكلىك توپىنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكى بايقالدى.

**فتورلۇق** سۈپ. فتور (ئاچ سېرىق ياكى يېشىل رەڭلىك، سېسىق پۇراقلىق بىر خىل گاز ئېلېمېنت) ئارىلاشتۇرۇلغان، تەركىبىدە فتور بولغان: ھەر خىل فتورلۇق دورىلارنى ئىشلىتىپ چىش چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**فرونت** ئى ① ئۇرۇش ۋاقتىدا دۈشمەن قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ كەسكىن جەڭ قىلىدىغان جاي، ئالدىنقى سەپ، جەڭ مەيدانى: — بىز دۈشمەنگە قارشى ھەققىي غەزەپكە كەلدۇق، بىزنى توسماڭلار! فرونتقا بېرىشنى قەتئىي تەلەپ قىلىمىز! — دېدى رىزۋانگۈل. ② ھاۋا رايى ئىلمىدە بوشلۇقتىكى سوغۇق ھاۋا بىلەن ئىللىق ھاۋانى ئايرىپ تۇرىدىغان

تار، ئۆتكۈنچى بەلۋاغ، ئۆتكۈنچى ھاۋا قاتلىمى.

مەنىداش سۆزى: جەڭ مەيدانى، ئالدىنقى سەپ.

**فوتو ئاپپارات** سۈرەت تارتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنە، رەسىم ئاپپاراتى: كۆز خۇددى فوتو ئاپپاراتقا ئوخشايدۇ.

**فوتو ئېلېگراف** فوتو ئېلېكتر ئېففېكتىدىن (ماددىلارنىڭ نۇر تەسىرىدە ئېلېكترون قويۇپ بېرىش ھادىسىسىدىن) پايدىلىنىپ، سىملىق ياكى سىمسىز رادىئو قۇرۇلمىسى ئارقىلىق رەسىم، جەدۋەل، خەت-چەك، ھۆججەت قاتارلىقلارنى بىۋاسىتىلا يىراق جايلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بىر خىل ئالاقە شەكلى ياكى شۇ ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلما: فوتو تېلېگراف ئاپپاراتى ئارقىلىق ھۆججەتلەرنى يەتكۈزگەندە تېز ھەم قۇلايلىق بولىدۇ.

**فوسفور** ئى. بىر خىل ئېلېمېنت، ئاق، قىزىل ۋە قارا رەڭلەردە ئۇچرايدۇ. مۇھىم بىرخىل ئوغۇت ھېسابلىنىدۇ. جانلىقلارنىڭ نېرۋا، باش ۋە سۆڭەكلىرىدە مەلۇم نىسبەتتە فوسفور بولىدۇ.

**فوند** ئى ① مەلۇم بىر ئىش ئۈچۈن توپلانغان ياكى مەخسۇس ئاجرىتىلغان پۇل، مەبلەغ: سۇغۇرتا شىركىتى كىشىلەردىن ئاز مىقداردا سۇغۇرتا خىراجىتى ئېلىش ئارقىلىق سۇغۇرتا فوندىنى تىكلىدى. ② توپلاپ قويۇلغان بايلىق ياكى جۇغلانما، جۇغلانغان نەرسە: ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت فوندى ناھايىتى مول، ئىپادىلەش كۈچىمۇ يۇقىرى.

**فېئوداللىق** سۈپ. فېئودالىزم جەمئىيىتى، يەنى يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلمىغان، يەر ئىگىلىرى دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان جەمئىيەتكە خاس، شۇنىڭغا ئالاقىدار؛ شۇ جەمئىيەتتىن قالغان، كونا: فېئودالىق خۇراپاتلىق كىشىلەرنى نابۇت قىلىدۇ.

مەنىداش سۆزى: كونا.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: زامانىۋى، يېڭى.

# ق

**قاپچۇق** ئى. رەخت، سۇلياۋ ياكى تۆمۈر قاتارلىقلاردىن ئىچىگە بىر نەرسىلەرنى سېلىش ئۈچۈن تۆت بۇرجەك ياكى يۇمىلاق شەكىلدە ئالىقاندا كۆتۈرۈشكە ئەپلىك قىلىپ ياسالغان كىچىك خالتا ياكى ساندۇق: قەلەم قاپچۇقلىرىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى كۆرۈپ بېقىڭلار.

**قاپسىلىش** پ ① ھەممە ئەتراپى توسۇلۇپ قىستىلىپ قېلىش، قىسىلىپ ئۇيان-بۇيان ھەرىكەت قىلالمىغۇدەك ھالەتكە كېلىپ قېلىش: مەنمۇ توپ ئىچىدە قاپسىلىپ بىرىم سائەتتەك مىدىرلىيالمىدىم. ② كۆچمە. قورشىلىپ قېلىش، مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قېلىش: ئاتاكىغا ئۆتكۈچى قىسىم بىر كىچىك تۆپىلىك تەرىپىدىن قاپسىلىپ قېلىپ، بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. ③ كۆچمە. قاپلىنىش، چىرمىلىش، ئورىلىش: مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ خىياللار بىلەن مېڭىلىرىم قاپسىلىپ، نېمە قىلارىمنى بىلەلمەيلا قالدىم.

مەنىداش سۆزى: قىسىلىش؛ قورشىلىش؛ قاپلىنىش، ئورىلىش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئېچىلىش، ئازادىلىشىش.

**قاتلام** ئى ① مەلۇم قېلىنلىقتىكى ياكى قات-قات ھالەتتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەر بىر قەۋىتى، قېتى: پۇلنىڭ يۈزىدىكى رەسىم يوق جايىدا سۇس سىزىق قاتلاملىرى كۆپ بولىدۇ. ② كۆچمە. كىشىلەر ياكى تەشكىلات، گۇرۇھ قاتارلىقلارنىڭ ئۆز دەرىجە، تەۋەلىك قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن بۆلۈنگەن ھەربىر گۇرۇپپىسى، توپى، دائىرە-تەۋەلىك مۇناسىۋىتى: زىيالىلار قاتلىمى.

★ ھازىر ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى كۈچەيتىلمەكتە.

**قاچا-قۇچا** ئى. تاماق يېيىشتە ئىشلىتىلىدىغان چىنە، قوشۇق،

تەخسە، لېگەن قاتارلىق تۈرلۈك قاچىلارنىڭ ھەممىسى: خالىدىم قاچا-قۇچىلارنى كۆڭۈل قويۇپ يۇمىدى.

**مەنىداش سۆزى:** قاچا-قومۇچ.

**قاراشتۇرۇش** پ. قاراپ تەپسىلىي كۆزىتىش، كۆرۈپ تەكشۈرۈش؛ قاراپ چىقىش، ئاختۇرۇش: قەلەمنى ئېلىپ بىر دالدىغا ئۆتۈپ يېڭىۋاشتىن قاراشتۇرغىلى باشلىدىم.

**مەنىداش سۆزى:** تەكشۈرۈش، تەپسىلىي كۆزىتىش.

**قاش قارىيىش** كەچ كىرىش، كەچ كىرىپ نەرسىلەر كۆزگە غۇۋا كۆرۈنىدىغان چاغ بولۇش، كۆز باغلىنىش: ھەركۈنى تاڭ ئەمدىلا يورۇغاندىن تارتىپ قاش قارايغىچە قۇدۇقتىن سۇ ئالىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

**مەنىداش سۆزى:** كۆز باغلىنىش، كەچ بولۇش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تاڭ يورۇش، كۈن چىقىش.

**قاڭقىش** پ ① بىرەر نەرسىگە قاتتىق ئۇرۇلۇش تەسىرىدە، ئۆزىنى تۇتالماي كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ باشقا يەرگە چۈشۈش، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۆتۈرۈلۈپ باشقا تەرەپكە ئۇچۇپ چۈشۈش: پاشا شامالنىڭ كۈچى بىلەن قاڭقىپ بېرىپ بىر تىكەنگە سانجىلىپ قاپتۇ. ② بىردىنلا سەكرەش، تېزلىك بىلەن كۆتۈرۈلۈش، چاچراش: ئالىم قاڭقىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ③ كۆچمە. توغرا يولدىن چەتنەش، يىراقلاش؛ ئېزىش، ئادىشىش: ئۇ نەگىلا بارسا قاڭقىپ، ھېچبىر ئىشنىڭ ئېپىنى قىلالمايدىكەن.

**قالتىس** ① رەۋ. ئىنتايىن، ناھايىتى، بەك، تولىمۇ: ئۇ بۇ قېتىم قالتىس ياخشى ئىش قىلىۋەتتى. ② رەۋ. كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە، ئالاھىدە، قاتتىق: بۇ كۈنلەردە ناسىرنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرى قالتىس بولۇپ كەتتى. ③ سۈپ. جاھاندا بىر، كارامەت، ئالامەت: سەن ئۆزۈڭنى مەن قالتىس ئادەم دەپ چاغلايدىغان ئوخشىمامسەن؟!

**قامەتلىك** سۈپ. بەدەن، گەۋدىسى چوڭ ھەم كېلىشكەن؛

گەۋدىلىك، ئۇستىخانلىق: ئۇنىڭ دادىسى ناھايىتى قامەتلىك ئادەم ئىدى.
**مەنىداش سۆزى:** گەۋدىلىك، ئۇستىخانلىق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ۋىجىك، ئاۋاق، ئورۇق، قامەتسىز.

**قامداش** پ. كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، تەمىنلەش، بېقىش، نورماللىقىغا كېپىللىك قىلىش: ھەر بىر ئائىلە تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن مۇئەييەن ئىقتىسادىي كىرىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

**قان ئازلىق** ئادەم قېنىدىكى قان ھۈجەيرىسى سانىنىڭ ياكى قان قىزىل ئاقسىلى مىقدارىنىڭ نورمال دەرىجىدىن تۆۋەن بولۇشى. بۇ بىر خىل بەدەن ئاجىزلىق كېسىلى ھېسابلىنىدۇ: قان ئازلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئوزۇقلۇققا دىققەت قىلىش كېرەك.

**قان بېسىمى** تومۇردا ئېقىۋاتقان قاننىڭ تومۇر دىۋارى (تېمى) غا چۈشۈرگەن بېسىمى. سالامەتلىكى ياخشى كىشىلەرنىڭ قان بېسىمى بىر قەدەر تۇراقلىق بولىدۇ: ئادەم مەلۇم كېسەلگە گىرىپتار بولغاندا قان بېسىمى ئۆرلەيدۇ ياكى تۆۋەنلەيدۇ.

**قان پلاستىنكىسى** قان سۇيۇقلۇقىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. قان دانچىسىدىن كىچىك، شەكلى رەتسىز كېلىدۇ. قاننىڭ قېتىشىغا ياردەم بېرىدۇ: بەدەن زەخىملىنىپ قانىغاندا قان پلاستىنكىلىرى يارا ئاغزىدىكى قاننى قېتىشتۇرۇپ، قان توختىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

**قان تومۇر** قان سۇيۇقلۇقى بەدەندە ئايلىنىپ ئۆتىدىغان نەيچىگە ئوخشاش قۇرۇلما. ئۇ ئوكسىگېنغا تويۇنۇپ يۈرەكتىن چىققان ساپ قاننى پۈتۈن بەدەنگە يەتكۈزىدىغان قان تومۇر (ئارتېرىيە)، قان سۇيۇقلۇقىنى يۈرەككە قايتۇرۇپ كېلىدىغان قان تومۇر (ۋېنا) ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ كىچىكلىرىنىڭ ئارىلىقىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئەڭ ئىنچىكە قان تومۇر (قىل قان تومۇر) دىن ئىبارەت ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. ئادەتتە «تومۇر» دەپلا ئاتىلىدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** تومۇر.

**قانات** ئى ① قۇش ۋە ھاشارات تۈرىدىكى جانلىقلارنىڭ گەۋدىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىردىن جايلاشقان، يىغىپ ئېچىشقا بولىدىغان ئۇچۇش ئەزاسى: بۈركۈتنىڭ قانىتى ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن. ② ئايروپىلاننىڭ ئىككى يېنىغا ئورنىتىلغان، قاناتقا ئوخشاش يېيىلىپ ياپپاق كۆرۈنىدىغان قىسمى: ئۇلار ئايروپىلاننىڭ قانىتى ئاستىغا كىرىۋاپتۇ. ③ چاقپەلەك، شامالدۇرغۇچ قاتارلىقلارنىڭ ئايلىنىشىغا ياكى شامال چىقىرىشىغا ياردەم بېرىدىغان قىسمى: ئۇ چاقپەلەكنىڭ قاناتلىرىنى پۈتۈنلەي چېقىۋېتىپتۇ. ④ قاتناش قوراللىرىنىڭ چاقىنىڭ ئۈستىگە لايدىن ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئورنىتىلغان ياپىلاق تۆمۈر ياكى رېزىنكە، سۇلىياۋ قاتارلىقلاردىن ياسالغان ياپقۇچ، قاپچۇق: ئۇ ۋېلسىپىتنىڭ ئالدى قانىتىنى تازىلاۋاتاتتى. ⑤ ئىشىك، دېرىزە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئېچىلىپ يېپىلىدىغان ھەربىر بۆلىكى، كۆزنەك: ئۇ ئىشىكنىڭ ئوڭ قانىتىنى قىيا ئېچىپ قويدى. ⑥ مەلۇم بىر لىنىيىنى بويلاپ سوزۇلغان نەرسىنىڭ يان تەرىپى، ياقا، يان تەرەپ: دۈشمەنلەر يولنىڭ ئۇ قانىتىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگە پوتەي ياساپ، پىلىموتلارنى ئورنىتىۋالغانىدى. ⑦ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ تارماققا بۆلۈنگەن نەرسىلەرنىڭ بىرى، بۆلەك، تارماق، تەرەپ، يان: قۇتلۇق مىڭبېشى مىڭ چېرىكنى دەريا كېچىكىدە ئىككى قانات قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. ★ ئۇ سول قانات يازغۇچىلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ⑧ كۆچمە. كۈچلۈك ياردەمچى، مۇھىم تايانچ: ئات — ئەر كىشىگە قانات (ماقال).

**مەنىداش سۆزى:** يان، تەرەپ، ياقا.

**قاندۇرۇش** پ. قانائەتلەندۈرۈش، تويغۇزۇش؛ مۇرادىغا يەتكۈزۈش، تولۇق تەمىنلەش، رازى قىلىش: خەت-ئالاقە ئىشلىرى كىشىلەرنىڭ كۈنسېرى كېڭىيىۋاتقان ھەر تۈرلۈك ئالاقە ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇشى كېرەك.

**مەنىداش سۆزى:** تويغۇزۇش، قانائەتلەندۈرۈش.

**قانۇن** ئى ① دۆلەت ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن تۈزۈپ يولغا قويۇلغان، پۇقرالارنىڭ ئەمەل قىلىشى شەرت بولغان، دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچى ئارقىلىق ئىجرا قىلىنىدىغان ھەرىكەت مىزانى. ئادەتتە يازما ھۆججەت شەكلىدە ئېلان قىلىنىدۇ: بىز «قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى»نى ئۆگەندۇق. ② تۈزاقلىشىپ قالغان ئۆزگەرمەس قائىدە، ئادەت، ئۆزگەرمەس تەرتىپ: تۇغۇلغاندىن كېيىن چوڭ بولۇش ۋە ئۆلۈش تەبىئەتنىڭ قانۇنى.

**قانۇنسىز** سۈپ ① قانۇنغا خىلاپ، قانۇنغا توغرا كەلمەيدىغان، قانۇنغا زىت ياكى قارشى بولغان: ئوقۇغۇچىلار كىچىكىدىن باشلاپلا قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلىدىغان بولۇشى كېرەك. ②قانۇنغا بويسۇنمايدىغان، قانۇننى ھىمايە قىلمايدىغان، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ياكى قىلىدىغان: قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنى قاتتىق جازالاش كېرەك.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: قانۇنلۇق، قانۇنىي.

**قانۇنىي** سۈپ. قانۇندا بەلگىلەنگەن، قانۇندا بار ياكى قانۇن تەستىقلىغان؛ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغان ياكى قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان؛ قانۇنغا مۇناسىۋەتلىك: يوللۇق قوغدىنىش ھەر بىر پۇقرانىڭ قانۇنىي ھوقۇقىدۇر. ★ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنىي تەشكىلاتتۇر. ★ مەن قانۇنىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئالىمەن.

مەنىداش سۆزى: قانۇنلۇق.

**قايغۇرۇش** پ. قايغۇ-ئەلەم چېكىش، غەم قىلىش، غەم-ھەسرەتكە چۆكۈش، ھەسرەتلىنىش: ئاپامنىڭ ئۆلۈمىدىن دادام كۆپ قايغۇرۇپ، سالامەتلىكىمۇ ناچارلىشىپ كەتتى.

مەنىداش سۆزى: ھەسرەتلىنىش، ئازابلىنىش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: خۇشاللىنىش، سۆيۈنۈش، شادلىنىش.

**قايغۇلۇق** سۈپ ① قايغۇسى بار، قايغۇ-ئەلەمگە تولغان؛ غەمكىن،

مەيۈس: مەن ئۇنىڭ قايغۇلۇق چىرايىنى كۆرۈپ بۆلەكچىلا بولۇپ قالدىم. ② كىشىنى قايغۇغا سالىدىغان قايغۇرتىدىغان، كىشىگە غەم-قايغۇ كەلتۈرىدىغان: بىز بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى ئاڭلاپ، نېمە قىلارىمىزنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدۇق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: قايغۇسىز، خۇشال.

**قايناق** سۈپ ① قاينىغان، قايناپ پىشقان: ئۇ دائىم قايناق سۇ ئىچىدۇ. ② كۆچمە. ناھايىتى قىزغىن، جۇشقۇن، ئەۋجىگە چىققان؛ كۈچلۈك غەيرەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەتكە، قىزغىنلىققا تولۇپ تاشقان، ئوتلۇق: ئۇ قايناق جەڭلەردە بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ★ مەن قايناق ھېسسىياتىم بىلەن بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن. ③ كۆچمە. ناھايىتى ئاۋات، قىزىق: ھەر دۈشەنبە كۈنى بۇ يەر قايناق بازارغا ئايلىناتتى.

مەنىداش سۆزى: قىزىق، ئوتلۇق، جۇشقۇن.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: سوغۇق، سۇس، جانسىز.

**قەبرە** ئى. ئۆلگەن ئادەم كۆمۈلگەن، ئۇنىڭ نىشانى سۈپىتىدە توپا دۆۋىلەپ قويۇلغان جاي: بىز ھەر پەيشەنبە كۈنى دادامنىڭ قەبرىسىنى يوقلايمىز.

مەنىداش سۆزى: تۇپراق بېشى، توپا بېشى.

**قەبرە سۈپۈرۈش** قەبرىستانلىققا بېرىپ ئۆلگەنلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ مۇناسىۋەتلىك مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈپ، قەبرە باشلىرىغا توپا دۆۋىلەش ۋە قەبرە ئەتراپىنى تازىلاپ سۈپۈرۈش پائالىيىتى. بۇ ئاساسەن خەنزۇ خەلقىنىڭ بىر تۈرلۈك ئادىتى.

**قەد (قەددى)** ئى. كىشىنىڭ بوي-بەستى، قامەت، گەۋدە: دەرس ئاڭلىغاندا قەددىڭىزنى رۇسلاپ، روھلۇق ئولتۇرۇڭ!

مەنىداش سۆزى: گەۋدە، قامەت، بوي.

**قەرەلسىز** سۈپ. قەرەلى، ۋاقىت چېكى بەلگىلەنمىگەن؛ بېكىتىلگەن ئېنىق ۋاقىت چېكى يوق، مۇددەتسىز: بانكىغا پۇل ئامانەت قويۇشنىڭ تۈرى كۆپ، ئادەتتە قەرەللىك پۇل ئامانەت قويۇش ۋە قەرەلسىز

پۇل ئامانەت قويۇش دەپ بۆلۈندۇ.

**مەنىداش سۆزى:** مۇددەتسىز، ۋاقىتسىز.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قەرەللىك، مۇددەتلىك، ۋاقىتلىق، چەكلىك.

**قەرەللىك** ① سۈپ. مۇددەتلىك، ۋاقىت چېكى ئېنىق بەلگىلەنگەن، ۋاقىت چېكى بار: «تارىم غۇنچىلىرى» قەرەللىك ژۇرنال. ② رەۋ. بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە، چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە، ۋاقتى-ۋاقتىدا: چىشنى ئاسراش ئۈچۈن چىشىمىزنى يەنە قەرەللىك تەكشۈرتۈپ تۇرۇشىمىز لازىم.

**مەنىداش سۆزى:** ۋاقىتلىق، چەكلىك، مۇددەتلىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قەرەلسىز، ۋاقىتسىز، مۇددەتسىز.

**قەسەم** ئى. ئۆز سۆزىنىڭ ياكى قىلغانلىرىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش، ئۇنىڭغا باشقىلارنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن بىرەر مۇقەددەس نەرسىنى دەلىل كەلتۈرۈپ ئېيتىلغان سۆز؛ قەتئىي ۋەدە: ئۇ دېگەنلىرىنىڭ راستلىقى ھەققىدە قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلدى. ★ ئۇ بۇ ئىشنى بىر باشقا چىقارمىغۇچە توختىمايدىغانلىقى ھەققىدە بىزنىڭ ئالدىمىزدا قەسەم بەردى.

**قەست** ئى ① غەرەز، ھىيلە-مىكىر ئارىلاشقان مەقسەت، يامان نىيەت: ئۇنىڭ قەستى مېنىڭ مۇشۇ قەلىمىمنى قولغا چۈشۈرۈشتەك قىلاتتى. ② زىيانكەشلىك، زىيان سېلىش مەقسىتىدە قىلىنغان يامانلىق، سۇيىقەست: يازنىڭ ئىسسىق بىر كۈنى،/ قوزا باردى سۇ ئىچكىلى./ ئۆز جېنىغا قەست قىلغۇچىدىن،/ خەۋىرى يوق ئۇنىڭ تېخى. ③ خۇراپىي چۈشەنچە بويىچە، ھەر خىل دۇئالارنى ئوقۇش ئارقىلىق بىرسىگە قىلىنغان زىيانكەشلىك، سۇيىقەست: ئۇ ماڭا «قەست ياندۇرىمەن» دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى.

**قەمەرىيە كالېندارى** مەملىكىتىمىزدىكى ئەنئەنىۋى

كالېندارلارنىڭ بىرخىلى. ئۇنىڭدا بىر يىل 12 ئاي، چوڭ ئايلار 30 كۈن، كىچىك ئايلار 29 كۈن بولۇپ، بىر يىل 354 ياكى 355 كۈن بويىچە ھېسابلىنىدۇ. ھەر 19 يىلغا 7 كەبىسە ئېيى قوشۇلۇپ يىللاردىكى كۈن پەرقى تەڭشىلىدۇ. دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ئەپلىك بولۇش ئۈچۈن بىر يىل 24 مەۋسۇمگە بۆلۈنگەن: قەمەرىيە كالېندارىدىكى يېڭى يىل باھار بايرىمىدىن ئىبارەت.

**مەنىداش سۆزى:** دېھقانلار كالېندارى.

**قەھرىتان** ① رەۋ. ئىنتايىن قاتتىق، ناھايىتى، بەك (سوغۇق ھەققىدە): گەرچە قەھرىتان سوغۇق بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچىدا ئۇششاق تەر تامچىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ② ئى. ئىنتايىن قاتتىق سوغۇق ياكى سوغۇق ناھايىتى كۈچەيگەن مەزگىل: قەھرىتاننىڭ مۇزدەك سوغۇقى ئۇنى ئاخىرى ھالىدىن كەتكۈزدى.

**قەھرىمانانە** رەۋ. قەھرىمانلىق بىلەن، قەھرىمانلارغا خاس باتۇرلۇق بىلەن، قەھرىمانلاردەك، جاسارەتلىك ھالدا: 7-لىيەن بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت قەھرىمانانە جەڭ قىلغاندىن كېيىن، سۇ ئىلاھى ئىبادەتخانىسى ئەتراپىغا يۆتكىلىشنى قارار قىلدى.

**مەنىداش سۆزى:** قەھرىمانلارچە، بارتۇرلارچە، باتۇرانە، قەيسىرانە.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خائىنلارچە، ساتقىنلىق بىلەن.

**قەۋەتلىك** سۈپ. بىرقانچە قەۋەتتىن تۈزۈلگەن، قەۋەتى بار، قەۋەتلەرگە بۆلۈنگەن: ساجىدەملەر يېڭىدىن قەۋەتلىك ئۆيگە كۆچۈپ چىقتى. ★ بىزنىڭ مەكتەپتە ئۈچ قەۋەتلىك يېڭى ئوقۇتۇش بىناسى سېلىنىۋاتىدۇ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قەۋەتسىز.

**قەيسەرلىك** ئى. باتۇرلۇق، يۈرىكى چوڭلۇق، قورقماسلىق؛ غەيرەت، جاسارەت، ئۇرغۇپ تۇرغان شىجائەت: ئۇ دۈشمەنگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، ئاخىرى دۈشمەننى يوقاتتى. ★ ئۇ قىيىنچىلىقلاردىن قورقماي قەيسەرلىك بىلەن ئىشلەپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنداپ

بولدى.

**مەنىداش سۆزى:** باتۇرلۇق، جاسارەت.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قورقۇنچاقلىق، توخۇ يۈرەك-لىك؛ بوشاڭلىق.

**قوپال** سۈپ ① گەپ، ھەرىكەتلىرى يېقىمسىز، كىشىگە تولۇق تېگىدىغان: ئۇ ھازىر بۇرۇنقى قوپال، بىپەرۋا سۇنۇر ئەمەس. ② شەكلى، كۆرۈنۈشى سەت، كۆرۈمسىز، مايماق-سايماق ياكى ئوڭغۇل-دوڭغۇل، سىپتا ئەمەس: بۇ ھارۋا قارىماققا ناھايىتى قوپال كۆرۈنىدىكەن. ③ رەتسىز، قالايمىقان، تەكشى ئەمەس: يىپمۇ قوپال ئورالغانىدى.

**مەنىداش سۆزى:** قاملاشمىغان، سەت، كۆرۈمسىز؛ يېقىمسىز.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** چىرايلىق، كۆركەم؛ سىلىق، سىپتا؛ يېقىملىق.

**قوتان** ئى. قوي، كالا قاتارلىق ھايۋانلار سولىنىدىغان جاي، مالخانا: ئۇنىڭ قوتىنىدىكى قوي-كالىلىرى خېلىلا كۆپ ئىكەن.

**مەنىداش سۆزى:** ئېغىل، مالخانا.

**قورساق كۆپۈكى** خاپىلىق، رەنج، ئەلەم، نارازىلىقتىن پەيدا بولغان ئاچچىق: بىز ئۇ قېرى زالىمنى بىر ئۇرۇپ، قورساق كۆپۈكىمىزنى چىقىرىۋالايلى.

**قورۇق** I ئى ① نەرسىلەرنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى قورۇلۇش، پۈرۈلۈشتىن ھاسىل بولغان پۈرۈم، ئىچكى تەرىپىگە ئولتۇرۇشۇشتىن ھاسىل بولغان ئەگرى-بۈگرى سىزىق؛ قورۇلۇپ قالغان جاي: مەن ئۇنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلارغا قاراپ ھەيران قالدىم. ② سۈپ. كۆچمە. قورۇلۇپ قالغان، ئورۇق ھەم ۋىجىك؛ جانسىز، ئاجىز: مەن تۈنۈگۈن ھېلىقى قورۇق بالىنى ئۇچرىتالمىدىم.

**قورۇق** II ئى ① ئۆي-ئىمارەتلەر سېلىنغان، دەل-دەرەخ، باغۋارانلىق دېھقانچىلىق مەيدانى، ئېكىنزار: ئۇ ئىككىسى باينىڭ

قورۇقدا ئىككى يىل ئىشلەپتۇ. ② ئومۇمەن دېھقانچىلىق پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلمىغان مەلۇم چەك-دائىرە ئىچىدىكى نىسبەتەن كەڭرەك يوغان مەيدان: بىز قىش كۈنلىرى كونا خامانىڭ قورۇقلىرىدا توشقان قوغلاپ ئوينايتتۇق. ③ باغۋاران، هويلا-ئارام قاتارلىقلارنى قورشاپ سېلىنغان پاكار توسما تام: ئۇ يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى قورۇقتىن ئاتلاپ باغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

**قورۇلۇش** I پ. يىغىلىپ ياكى قىسىلىپ قورۇق هالەتكە كېلىش، ۋىجىكلەپ كېتىش، تۈگۈلۈپ قېلىش: ئۆتكەن هەپتە ئۆزگەن ئالملار قورۇلۇپ بۇزۇلغىلى تۇرۇپتۇ.

**قورۇلۇش** II پ (قازاندىكى سەي-كۆكتاتلار) پىشۇرۇلۇش، يۇقىرى هارارەت بىلەن قىزىپ پىشىش، پىشىپ تەييار بولۇش:
— سەي قورۇلۇپ بولدى، ئېلىپ چىقايمۇ؟ — پاتىمە هەدە يولدىشىدىن سورىدى.

**قورۇنۇپقىنا** رەۋ. قورۇنغان هالدا، ئوڭايسىزلىقتىن ئەيمىنىپ تۇرۇپ، قورۇنغان قىياپەتتە، قورۇنۇپ: مەن 11-12 ياشلاردىكى بۇ بالىنىڭ تارتىنىپ ۋە قورۇنۇپقىنا قىلغان سۆزلىرىنى مۇنداقلا ئاڭلاپ قويغان بولدۇم.
مەنىداش سۆزى: قورۇنۇپ، ئەيمىنىپ.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئېچىلىپ، ئەركىن-ئازادە.

**قورۇنۇش** پ. بىئەپلىك هېس قىلىپ ئوڭايسىزلىنىش، تارتىنىش؛ ۋۇجۇدى قىسىلغاندەك بولۇپ ئەركىن-ئازادە بولالماي قېلىش، قىسىلىش: ئۇ مۇئەللىمنى كۆرۈپ سەل قورۇنۇپ قالدى.
مەنىداش سۆزى: تارتىنىش، ئوڭايسىزلىنىش، قىسىلىش.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئېچىلىپ-يېيىلىش، ئەركىن-ئازادە بولۇش.

**قوزۇق** ئى ① يەر ياكى تام قاتارلىقلارغا قېقىش ئۈچۈن تەييارلانغان ئۇچى ئۇچلۇق ياغاچ ياكى تۆمۈر تاياقچە: دادام ئۆيدە ئولتۇرۇپ قوزۇق ياساۋاتاتتى. ② يەر ياكى تام قاتارلىقلارغا ئاسانلىقچە چىقىپ كەتمەيدىغان قىلىپ قېقىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ياغاچ

ياكى تۆمۈر تاياقچە: ئابدۇكېرىم سومكىسىنى قوزۇققا ئېسىپ قويۇپ دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

**قوشنا-قولۇم** ئى. ئۆيلىرى يېقىن، كۈندىلىك تۇرمۇشتا دائىم ئالاقە قىلىشىپ تۇرىدىغان كىشىلەر، قوشنا: ھەرقانداق بىر ئائىلە قوشنا-قولۇملىرى بىلەن ئالاقە-مۇناسىۋەت قىلىپ تۇرىدۇ.

مەنىداش سۆزى: قولۇم-قوشنا، قوشنا.

**قوشنىدارچىلىق** ئى. قولۇم-قوشنىلار ئارا بولىدىغان ئۆزئارا ياردەملىشىش، بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەش، ئاسراش، قوشنىلار ئارا بولىدىغان يېقىنچىلىق: بېزىلاردا قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ بولىدۇ.

**قول بومبىسى** قول بىلەن تاشلايدىغان بىر خىل كىچىك تېپتىكى بومبا، بەزىلىرىدە ساپ بولىدۇ. ئىنچىكە پىلتىسى بولىدۇ، ئاتقاندا پىلتىسىنى تارتىۋېتىپ ئاتىدۇ: يولداشلار، قول بومبىسى ئېتىڭلار!

مەنىداش سۆزى: گرانات.

**قولقاپ** ئى. قولنى سوغۇقتىن، زەخىملىنىشتىن ياكى زەھەرلىنىشتىن ساقلاش ئۈچۈن قولغا كىيىلىدىغان، كۆن-خۇرۇم، رەخت قاتارلىقلارغا ئوخشاش يۇمشاق نەرسىلەردىن ياسالغان بۇيۇم: سوغۇقتا ۋېلسىپىت مىنگەندە قولقاپ كىيىۋېلىش كېرەك.

مەنىداش سۆزى: پەلەي.

**قولمۇقول** رەۋ. بىرلىكتە تەڭ ھەربىكەتكە كېلىپ، بىرلىشىپ، يىغىلىشىپ: بىرەر ئائىلە ئۆي سالسا، قوشنىلار قولمۇقول ياردەملىشىشى كېرەك.

مەنىداش سۆزى: بىرلىكتە، ئولاش-چولاش.

**قولۇم-قوشنا** ئۆيلىرى بىر-بىرىگە يېقىن، ئۆزئارا باردى-كەلدى قىلىشىپ تۇرىدىغان كىشىلەر، قوشنا:

قولۇم-قوشنىلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىشلىرىغا ياردەملىشىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز.
**مەنىداش سۆزى:** قوشنا-قولۇم، قوشنا.

**قولىشىش** پ. قاملىشىش، ماسلىشىش، ئەپلىشىش، قولايلىشىش، مۇۋاپىقلىشىش: ئۇ سۆزلەشكە تەمشەلدىيۇ، لېكىن ئاغزى گەپكە قولاشماي سۆزلىيەلمىدى.

**قوماندانلىق قىلىش** رەھبەرلىك قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش، باشقۇرۇش: ھېلىقى گېنىرال ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا جەڭگە قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى.

**قوۋۇز** I ئى. ئېغىز بوشلۇقى ۋە ئۇنىڭ ئىككى يان تەرىپى: ئۇ قوۋۇزىغا توشقۇزۇۋالغان بولكىنى دەرھال يۇتۇپ كېتەلمىگەچكە گەپ قىلالماي قالدى.
★ ھېلىقى يىگىت لوكچەكنىڭ قوۋۇزىغا كېلىشتۈرۈپ ئىككىنى ئۇرۇۋەتتى.

**قوۋۇز** II ئى. ئېغىزدا پۈۋلەپ چالىدىغان بىرخىل چالغۇ ئەسۋابى. پولات، مىس، ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق مېتاللاردىن ياسىلىدۇ.

**قۇراشتۇرۇش** پ. پارچە-پارچە، بۆلەك-بۆلەك نەرسىلەرنى جاي-جايىغا كەلتۈرۈپ ياساش؛ مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنى يىغىپ بىر سىستېمىغا كىرگۈزۈپ پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلىش: ئۇستام دۇكاندا يېڭى ۋېلسىپىتنى قۇراشتۇرۇۋاتاتتى.
**مەنىداش سۆزى:** ياساش، ئوڭشاش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** چۇۋۇش، سۆكۈش، بۇزۇش.

**قۇرام** ئى. ئادەملەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىپ ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئالالايدىغان ھالەتكە يەتكەن مەزگىلى، يېتىلىپ چوڭ بولغان دەۋرى: قۇرامىغا يەتمىگەنلەر دېگەندە، 18 ياشقا توشمىغان پۇقرالار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**قۇربان بولۇش** ۋەتەن-خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشتە قەھرىمانلىق بىلەن جان ئۈزۈش،

ئومۇمەن ئادالەت، ھەققانىيەت يولىدا خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىپ جان بېرىش، ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆلۈش: ل. مۇتەللىپ خەلقىمىزنى گومىنداڭ ئىستىبداتچىلىرىنىڭ زۇلۇمىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانىدى.

**مەنىداش سۆزى:** جان ئۈزۈش، جان بېرىش، ۋاپات بولۇش، باتۇرلارچە ئۆلۈش.

**قۇرغۇر** سۈپ. قۇرۇپ كەتكۈر، قارغىش تەگكۈر، ئۆلگۈر: — ئەي شاھ بىلىق رەھىم قىلغىن كەلدىم ساڭا،/ موماي قۇرغۇر ئازاب سالدى بۇگۈن ماڭا.

**قۇلاقچا** ئى. كۆرپە، تېرە، رەخت قاتارلىقلاردىن ئىككى تەرىپىگە ئىككى قۇلاق چىقىرىپ تىكىلىدىغان قىشلىق باش كىيىمى: ئۇلار بېشىغا قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن ئاق قۇلاقچا كىيىۋالغانىدى.

**قۇلايلاشتۇرۇش** پ. قۇلاي، ئاسان ھالەتكە كەلتۈرۈش، مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، ئاسانلاشتۇرۇش: تۇرمۇشىمىزنى قۇلايلاشتۇرايلى.

**مەنىداش سۆزى:** ئاسانلاشتۇرۇش؛ لايىقلاشتۇرۇش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قىيىنلاشتۇرۇش، تەسلەشتۇرۇش.

**قۇلۇپىنەك** ئى. بۆلجۈرگەنگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل مېۋىلىك دەرەخ ۋە ئۇنىڭ مېۋىسى. مېۋىسىنىڭ چوڭلۇقى گىلاستەك، سىرتقى شەكلى ئۈجمىگە ئوخشايدۇ. پىشقاندا رەڭگى قىزىرىدۇ، تەمى چۈچۈمەل تاتلىق، سۇلۇق ھەم يۇمشاق بولۇپ، شىرنىلىك ۋە خۇش پۇراق بولىدۇ. ئەڭ بالدۇر پىشىدۇ: مەن بولسام قۇلۇپىنەك بىلەن ئالما سورايتتىم.

**مەنىداش سۆزى:** قۇلۇبناي.

**قۇۋلۇق** ئى. ھىيلە-مىكىرلىك، ئالدامچىلىق، مەككارلىق، ھىيلىگەرلىك، سۇيىقەست: سائادەت قۇۋلۇق بىلەن ماڭا قاراپ كۈلدى.

**مەنىداش سۆزى:** مۇغەمبەرلىك، مەككارلىق، نەيرەڭ.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ساپ دىللىق، ئاق كۆڭۈللۈك، دۇرۇسلۇق.

**قېزىش** پ ① ئويۇپ ئېلىش، چوڭقۇرلىتىپ كولاش، تەكتىنى ئويۇپ چىقىرىش: كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشچى تاغلىرىمىز يەر ئاستىدىن قېزىپ چىقىرىدىكەن. ② كۆچمە. قاتتىق ئاختۇرۇش، كوچىلاپ يۇرۇپ ئىزدەش، ئالا قويماي تەكشۈرۈش: بۇگۈن سېنى ئىزدەپ، پۈتۈن مەكتەپنى قېزىۋەتتۇق، نەگە كەتكەنىدىڭ؟
**مەنىداش سۆزى:** كولاش، ئويۇش؛ ئاختۇرۇش، ئىزدەش.

**قېيداش** پ. نارازى بولۇپ تەتۈر قاراپ يۈرۈش، رەنجىپ قالغانلىقى ئۈچۈن سوغۇق مۇئامىلە قىلىش، ماي تارتىش، يامانلاش؛ ئاغرىنىش، رەنجىش، خاپا بولۇش: ئۈچ كۈننىڭ ياقى ئۇ ھېلىقى ئىش ئۈچۈن ماڭا قېيداپ يۈرۈيدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** تەتۈر قاراش، ماي تارتىش، يامانلاش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئامراق بولۇش، يېقىنلىشىش.

**قېيىن** ئى. يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى دەرەخ. قوۋزىقى ئاق ياكى كۈل رەڭ، سېرىق ياكى قارا بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى ئۇدۇل ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ ئاق قېيىن، قارا قېيىن قاتارلىق تۈرلىرى بار: چەكسىز قېلىن ئورماندا، / سوغۇقلار تىپتىنچ يېتىڭلار. / سولاشمىسۇن ياپپېشىل، / قارىغايلار، قېيىنلار.

**قىر يېيىش** (ئېتىزدىكى مايسىلار) ئۆسۈپ قىردىن ئېشىپ كېتىش، قىر كۆرۈنمىگۇدەك دەرىجىدە ئۆسۈش، ئېگىزلىكى قىردىن ئېشىپ كېتىش: ھاۋا خېلىلا ئىسسىپ قالغان، چىلگە زىرائەت مايسىلىرى قىر ياپقان مەزگىل بولسىمۇ، بۇ بالا ئۈچىسىغا كالتە جۇۋا، كۆك خادانى ئىشتان كىيىۋالغانىدى.

**قىرغاۋۇل** ئى. توخۇغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرخىل قۇش،

ئادەتتە ئەركەكلىرىنىڭ قۇيرۇقى ئۇزۇن، پەيلىرى چىرايلىق بولۇپ، كۆپىنچە قىزغۇچ ياكى توق يېشىل كېلىدۇ، پارقىرايدۇ؛ چىشىسىنىڭ قۇيرۇقى قىسقىراق، رەڭگى كۈل رەڭ قوڭۇر كېلىدۇ. يۈگۈرۈشكە ماھىر، ئەمما ئۇزۇنغا ئۇچالمايدۇ. قۇيرۇق پەيلىرى زىننەت بۇيۇمى قىلىنىدۇ. ئادەتتە «ياۋا توخۇ»، «تاغ توخۇسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ: ئۇ خۇددى قىرغاۋۇلدەك «قۇيرۇقۇمنى بۆرە يېسە يېسۇن، كۆزۈم كۆرمىسۇن» دەپ كاتەككە بېشىنى تىقىۋېلىپ يېتىپتۇ.

**قىرو** ئى. سوغۇق تەسىرىدىن نەرسىلەرنىڭ يۈزىدە پەيدا بولغان قارغا ئوخشاش ئۇۋاق ھالەتتىكى مۇز پارچىلىرى. ئادەتتە ئۇ ھاۋا تەركىبىدىكى سۇ پارىنىڭ يەر ئۈستىدىكى جىسىملار يۈزىگە چۈشۈپ مۇز بولۇپ قېتىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ: كۈز كەلدى، سەھەردە قارىسىڭىز ئوت-چۆپلەر ۋە دەرەخلەرگە قىرو تۇتۇپ قالغانلىقىنى كۆرىسىز.

**قىزغانچۇق** سۈپ. ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى ئاياپ باشقىلاردىن پىنھان تۇتىدىغان ياكى باشقىلارغا بېرىپ تۇرمايدىغان، قىزغىنىدىغان؛ ئىچى تار، بېخىل؛ رەشىكچى، ھەسەتخور: كىچىككىنە شەھەرگە قاراشلىق بىر يېزىدا ئىنتايىن جاھىل ۋە قىزغانچۇق بىر خوتۇن ئۆتكەنىكەن.

**مەنىداش سۆزى:** بېخىل، ھەسەتخور، پىخسىق، گىرى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** مەرد، سېخىي، كەڭ قول.

**قىزىتما** ئى. نورمال ھالەتتىن ئېشىپ كەتكەن بەدەن ھارارىتى، يەنى بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ 39℃تىن ئېشىپ كېتىش ھادىسىسى: بالىنىڭ قىزىتمىسى تۇيۇقسىز ئۆرلەپ، نەپىسى جىددىيلىشىپ، يۈزى قىزىرىپ كېتىپتۇ.

**قىزىل تومۇر** قان تومۇر، تومۇر: يۈرەكنىڭ سوقۇشى قىزىل

تومۇرلاردا رىتىملىق تەۋرەشنى ھاسىل قىلىدۇ، مانا بۇ تومۇر سوقۇش دېيىلىدۇ.

**قىلىق** ئى. ياخشى بولمىغان ئىش-ھەرىكەت، يامان ئادەت، غەيرىي ئىش: ئۇنىڭ نېمە قىلىقلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

**مەنىداش سۆزى:** ئىش، ئەمەل، ھەرىكەت.

**قىمار** ئى. ئۇتقانلار ئۇتتۇرغانلاردىن ئاغزىدا لەۋز قىلغان ياكى دو تىكىپ ئۇتتۇرىغا تاشلىغان پۇل قاتارلىق نەرسىنى ئېلىش شەرتى بىلەن ئوينىلىدىغان ئوشۇق، قاتار، قارتا قاتارلىق ئويۇنلار، ئومۇمەن پۇل تىكىپ ئوينالغان ئويۇن. بۇ يامان قىلىق ھېسابلىنىدۇ، قانۇندا چەكلەنگەن: ئۇ پۇل قەرز ئېلىپ كەنتكە قىمار ئويناشقا بېرىپتۇ.

**قىمارخانا** ئى. دائىم دېگۈدەك قىمار ئوينىلىدىغان جاي، قىمار ئوينايدىغان ئۆي: ئۇ 400 يۈەن پۇلنى ئېلىپ يەنە قىمارخانىغا كىرىپ ئۇنىمۇ ئۇتتۇرۇۋېتىپتۇ.

**قىن** ئى ① قىلىچ، خەنجەر قاتارلىقلارنى سېلىپ قويىدىغان غىلاپ؛ ئومۇمەن نەرسىلەرنى ئوراپ تۇرغان تاشقى پەردە، قاپ: قىلىچ قىنىدا ياتسا دات باسمايدۇ (ماقال). ★ يۈرىكىم قىنىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى. ② دەريانىڭ ئىككى قىرغىقى ئوتتۇرىسىدىكى سۇ ئاقىدىغان قىسمى، سۇ يولى: پارتلاتقۇچ دورىنى دەريانىڭ قىنىغا قويغاندا پوتەينى پارتلىتالمايتتى. ③ كۆچمە. ئىچ، قوينى، باغىر: شۇنداق قىلىپ ئۇمۇ ھۆكۈمەتنىڭ قىنىغا كىرىۋالدى.

**مەنىداش سۆزى:** غىلاپ، قاپ، پوست.

**قىياپەت** ئى. سىرتقى كۆرۈنۈش، تۇرق-ھالەت؛ تۇس، سىياق، چىراي، كۆرۈنۈش؛ ئەھۋال، ھالەت، تەرز: يۇرتىمىزنىڭ ئەسلىدىكى كونا قىياپىتى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىلدى. ★ ئۇنىڭ ئۇستىدىكى كونا كىيىملەر ئۇنىڭ قىياپىتىنى تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. ★ ھېكىم شۇجى ماڭا قاراپ ناھايىتى جىددىي قىياپەتتە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

# ك

**كاپالەت** ئى ① چوقۇم ئىگە بولىدىغانلىقى، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى ھەققىدە بېرىلگەن ۋەدە، كېپىللىك: مەن ئۆگىنىشتە ساڭا ياردەم قىلىپ، سىنى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلاردىن قىلىپ چىقىش ھەققىدە مۇئەللىمگە كاپالەت بەردىم. ② (بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا) مۇھىم رول ئوينايدىغان زۆرۈر ۋاسىتە، شارائىت، ئىشەنچلىك شەرت: مۇكەممەل بىر ئىلمىي پىلان — كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ بېرىشنىڭ ئوبدان كاپالەتلىرىدىن بىرى.

**كاپالەتلىك قىلىش** ئۈستىگە ئېلىپ تولۇق ھۆددە قىلىش، تولۇق ھۆددىسىدىن چىقىش، كېپىللىك قىلىش، كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئىگە بولۇش، مەسئۇل بولۇش: ساغلام بولۇش ئۈچۈن ئۇخلاش ۋاقتىغا كاپالەتلىك قىلىشقا دىققەت قىلىش لازىم.

**مەنىداش سۆزى:** كېپىللىك قىلىش.

**كاتەك** ئى. توخۇ، توشقان، كەپتەر قاتارلىقلارنى سولايدىغان كىچىك ئۆي: بىز يەنە قوتاندىكى قوي - كالىلارنى ۋە كاتەكلەردىكى توخۇ - توشقانلارنى كۆردۇق.

**كاردىن چىقىش** كېرەكسىز، ئىشقا يارىماس بولۇپ قېلىش، بۇزۇلۇش، كېرەكتىن چىقىش: كىتابىم سۇغا چۈشۈپ كېتىپ كاردىن چىقتى، يېڭى بىر كىتاب ئالغىلى كېتىۋاتىمەن.

**مەنىداش سۆزى:** بۇزۇلۇش، كېرەكتىن چىقىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تۈزۈلۈش، كارغا كېلىش.

**كار قىلماسلىق** تەسىر كۆرسىتەلمەسلىك، رولىنى جارى قىلدۇرالماسلىق؛ يارىماسلىق، كارغا كەلمەسلىك، دال بولالماسلىق، رولى بولماسلىق: سەن ھەرقانچە قىلساڭمۇ، سېنىڭ بۇ

نەرسىلەرنىڭ ئۈنىڭ ئالدىدا كار قىلمايدۇ.
**مەنداش سۆزى:** كارغا كەلمەسلىك، يارىماسلىق، تەسىر قىلماسلىق.

**كارى بولماسلىق** چاتىقى بولماسلىق، ھېچقانداق پەرۋا قىلماسلىق، ئېتىبار بەرمەسلىك: گۈندىپايلار جان قايغۇسى بىلەن بولۇپ، مەھبۇسلارنىڭ ھايات - ماماتى بىلەن كارى بولمايتتى.

**كاربون ( Ⅳ ) ئوكسىد** بىر خىل زەھەرسىز گاز، كۆيمەيدۇ. ئادەتتە گاز سۈيى قاتارلىقلارنى ئىشلەشتە، ئۇنىڭدىن باشقا ئوت ئۆچۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ: قىزىل قان ھۈجەيرىسى ئوكسىگېن ۋە كاربون ( Ⅳ ) ئوكسىدنى توشۇش ئىقتىدارىغا ئىگە.

**كارخانا** ئى. ئىشلەپچىقىرىش، ترانسپورت، سودا-تىجارەت قاتارلىق ئىقتىسادىي (پۇل تېپىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك) پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، كۆپ كىشى بىرلىكتە ئىشلەيدىغان ئورۇن. مەسىلەن: زاۋۇت، كان، تۆمۈر يول، سودا شىركەتلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كارخانىغا كىرىدۇ: مېنىڭ دادام ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدۇ، ئاپام بولسا بىر كارخانىدا ئىشلەيدۇ.

**كاسىپ** ئى. قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى، ھۈنەرۋەن: شاھ ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن بىزار بولۇپ كاسىپلار ئىشلەيدىغان قاتارغا ئۆتتۈپتۇ.
**مەنداش سۆزى:** ھۈنەرۋەن.

**كالپۇك** ئى. ئادەم ۋە ھايۋانلار ئاغزىنىڭ چۆرىسى، لەۋ: توشقان ئالدامچىلىقىمۇ، كۈلگەنگىمۇ تويۇپتۇ، شۇنىڭدىن بېرى توشقاننىڭ كالپۇكى يېرىق بولۇپ قاپتۇ.
**مەنداش سۆزى:** لەۋ.

**كالتە پەم** بىر ئىشلارنى بەك ئەتراپلىق ئويلاپ كېتەلمەيدىغان، پەمى يوق، دىتسىز، نادان: كالتە پەم چوكان قاراپ تۇرۇپ پۇلنى بىر ئالدامچىغا چاڭگاللىتىپ قويدى — ھە!

**مەنىداش سۆزى:** پەمسىز، دىتسىز، نادان، ئەخمەق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** زېرەك، ئۆتكۈر، پەملىك، ئەقىللىق.

**كالتسىي** ئى. بىر خىل ئېلېمېنت، رەڭگى ئاق. ئادەمنىڭ قېنى ۋە سۆڭىكى تەركىبىدە مەلۇم نىسبەتتە بولىدۇ. ئادەم بەدىنىدە كالتسىي كەم بولسا، ئۇستىخان بوشاش كېسىلى پەيدا بولۇپ، پۇت - قول تارتىشىدۇ. كالتسىينىڭ بىرىكمىلىرى بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ۋە دورا ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**كايىش** ئى ① خاپا بولۇپ سۆزلەپ كېتىش، ئاچچىق بىلەن ئەيىبلەش، دوق قىلىش: خوجايىن ئىشكتىن كىرىپلا كايىپ كەتتى. ② ئاۋارە بولۇش، جاپا تارتىش، قىيىنىلىش: بىلگىنىڭنى ئەلدىن ئايىما، بىلمىگەننى بىلىمەن دەپ كايىما (ماقال). ★ — بىزنى كۈتىمەن دەپ ئارتۇقچە كايىمىسلا، — دېدى مومام ئۆي ئىگىسىگە تەكەللۇپ بىلەن.

**كەپە** ئى. شاخ - شۇمبا، ئوت - چۆپ قاتارلىق نەرسىلەر بىلەنلا يېپىلغان ئاددىي تۇرالغۇ ئۆي، چەللە، لاپاس: كۆتەكنىڭ كەينىدە قېلىن ئوت - چۆپلەر بىلەن يېپىلغان، بىرلا ئادەم ياتىدىغان كەپە بولۇپ، بۇ لېنىننىڭ ياتقى ئىدى.

**مەنىداش سۆزى:** چەللە، لاپاس، ساتما، كۇلبە.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ساراي، داچا، ئوردا.

**كەسپىي** سۈپ ① كەسپكە، ھۈنەر - تېخنىكىغا ئائىت؛ كەسپكە مۇناسىۋەتلىك ياكى ئالاقىدار بولغان: ھازىر بىز مەكتەپتە ئۆگىنىۋاتقان دەرسلەر كەلگۈسىدە تۈرلۈك كەسپىي بىلىملەرنى ئىگىلىشىمىز ئۈچۈن ئاساس بولىدۇ. ② مەخسۇس بىرەر كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، بىر كەسىپنى تۇتقان: ئۇلار ھازىر باقمىچىلىقتا كەسپىي ئائىلە بولۇپ قالدى.

**كەسكىن** ① سۈپ. ئۇزۇل - كېسىل، قەتئىي، جىددىي؛ كۈچلۈك، شىددەتلىك، قاتتىق؛ مىجەزى چۇس، ئىتتىك: سىنىپتىكى كەسكىن مۇنازىرە تېخى داۋاملىشىۋاتاتتى. ★ — ياق، — دېدى ئۇ

كەسكىن بىر ئاۋازدا. ★ ئۇنىڭ دادىسى ناھايىتى كەسكىن ئادەم ئىكەن. ② رەۋ. تېز، دەرھال، بىردىنلا؛ پۈتۈنلەي، تولۇق يىلتىزىدىن: ئۇ ئېتىنىڭ بېشىنى كەسكىن بۇرىدى-دە، شتابقا قاراپ چاپتى. ★ ئۇنىڭ بىردىنلا كەسكىن ئۆزگىرىشى ھەممىمىزنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

**كەسىپ (كەسپى)** ئى. ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەلۇم تەجرىبە، ماھارەت ياكى تەييارلىق تەلەپ قىلىدىغان بىر تۈرى، ھۈنەر - تېخنىكا ياكى ئىلىم: بىزنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمىز تۈرلۈك كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن تىرىشىپ بايلىق يارىتىدۇ. ★ دادامنىڭ كەسپى دېھقانچىلىق، ئاپام بولسا تىككۈچىلىك قىلىدۇ.

مەنىداش سۆزى: ھۈنەر.

**كەڭ كۆلەمدە** كەڭ دائىرىدە، كۆلىمى چوڭ ھالەتتە، كەڭ دائىرە بويىچە: دۈشمەنلەر تېخىمۇ غالجىرلىشىپ بىزنىڭ ئىستىھكاملىرىمىزغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغاشنى پىلانلاپتۇ.

**كەڭتاشا** ① سۈپ. ئېھتىياجدىن ئېشىپ قالغۇدەك دەرىجىدە، يېتەرلىك، مول: سۇ ھازىر كەڭتاشا بولۇپ كەتتى. ② سۈپ. چوڭ، يوغان، ئازادە: — ئۆي ئىچى كەڭتاشا، ئۆيگە كىرىپ سۆزلىشەيلى، — دېدى ئۇ بىزنى ئۆيگە باشلاپ. ③ رەۋ. ئۆز ئىختىيارىچە، ئۆزى خالىغان ھالەتتە، ئەركىن - ئازادە: تاغدا كەڭتاشا يۈرۈپ ئۆگىنىپ قالغان خىق، شەھەر تۇرمۇشىغا ئاسان كۆنەلمەيتتى.

مەنىداش سۆزى: مول؛ ئازادە؛ ئەركىن.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: كەمچىل؛ تار، قىستاڭ.

**كەلكۈن** ئى. قاتتىق يامغۇر ياكى ئېرىگەن قار سۇلىرىنىڭ توپلىنىشىدىن ھاسىل بولغان كۈچلۈك سۇ ئېقىمى، سەل، قىيان: 1991- يىلى مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا زور كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەن.

مەنىداش سۆزى: سەل، قىيان، تاشقىن.

**كەمچىل** سۈپ. يېتەرلىك بولمىغان، جىق ئەمەس، ئاز، كەم،

يېتىشمەيدىغان: بەزى ئىلىم - پەن بىلىملىرى كەمچىل كىشىلەر ھېلىمۇ تۇرلۇك خۇراپىيلىقلارغا ئىشىنىپ يۇرۇيدۇ، بىز ئۇلارغا خۇراپىيلىقنىڭ زىيىنىنى چۇشەندۇرۇشىمىز لازىم.

**مەنىداش سۆزى:** ئاز، كەم.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئارتۇقچە، جىق، كۆپ.

**كەندىر** ئى. بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۇك. ئۇرۇقىدىن ماي تارتىشقا، (پوستىدىن سويۇۋېلىنغان) تالالىرىدىن ئارغامچا ئېشىشكە بولىدۇ. دورا ئۇچۇن ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. ئادەتتە ئالاھىدە رۇخسەت قىلىنغان ئورۇنلاردا تېرىلىدۇ: بىز كىيىۋاتقان كىيىملەرنىڭ كۆپ قىسمى پاختا، كەندىر، يىپەك، يۇڭ قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى خام ئەشيا قىلىپ تىكىلىدۇ.

**كەيپ سۇرۇش** (بىرەر نەرسىنىڭ) ھۇزۇر - ھالاۋىتىنى، راھىتىنى كۆرۇپ ھۇزۇرلىنىش، راھەتلىنىش، زوقلىنىش، تاتلىق ھېسلارغا چۆمۇلۇپ پەيز قىلىش: ئۇ تېخىچە ئاخشامقى ئولتۇرۇشتا ئاڭلىغان ياڭراق مۇزىكىلارنىڭ كەيپىنى سۇرۇپ ياتاتتى.

**مەنىداش سۆزى:** پەيز سۇرۇش، پەيز قىلىش.

**كەيپىيات** ئى ① روھىي ھالەت، مىجەز - تەبىئەت: كەيپىيات بەك جىددىيلىشىپ كەتسە، ئادەم ئاسانلا چارچاپ، كېيىنكى ئۆگىنىشلەرگە تەسىر يېتىدۇ. ② ئومۇمىي ۋەزىيەت، ھالەت، ئەھۋال: يىغىن ناھايىتى قىزغىن كەيپىياتتا داۋاملىشىۋاتاتتى.

**مەنىداش سۆزى:** مىجەز.

**كران** ئى. ئېغىر يۇك ۋە نەرسىلەرنى كۆتۇرۇش، يۆتكەش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا: دادام كران ھەيدەيدۇ، ئىش ئورنىدا — قۇرۇلۇشتا./ ئاپام قورقماس جاپادىن، مۇھىت تازىلاش — ئاسراشتا.

**كورپۇس** ئى ① يۇرۇشلەشكەن ئىمارەت، بىنا ياكى بىنا، ئىمارەتلەرنىڭ يۇرۇشلەشكەن بۆلىكى، بىر قىسمى: ئۇلار 4 - كورپۇستا ئولتۇرىدۇ. ★ شاگخەينىڭ مەلۇم رايونىدا، يازدا ئوت ئاپىتى يۇز بېرىپ

بىر كورپۇس بىنا كۆيۈپ كەتكەن. ② ئارمىيىدىكى جۇن، قارىمىقىدا بىر قانچە دىۋىزىيە بولىدۇ: ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسى بولۇپ قايتا تەشكىل قىلىنغانىدى.
**مەنىداش سۆزى:** جۇن.

**كوزا** ئى. (ئاساسەن سۇيۇقلۇقلارنى قاچىلاش ئۈچۈن) ھېچىر ياكى مېتالدىن ياسالغان قورساق قىسمى چوڭ، بوغۇزى تار قاچا، كومزەك، چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ: پېۋا زاۋۇتىدا ئېچىتىش كوزىسى كەمچىل ئىدى.
**مەنىداش سۆزى:** كومزەك، ئىدىش، تۇلۇڭ.

**كوزۇپ** ئى. ھارۋا، يۈك ئاپتوموبىلى قاتارلىقلارنىڭ ئادەم ئولتۇرىدىغان ياكى يۈك باسىدىغان قىسمى: يۈك ماشىنىلىرىدا ئولتۇرغاندا ئۆرە تۇرۇۋېلىشقا، كوزۇپ گىرۋىكىدە ئولتۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ.

**كوزىركىلىق** سۈپ. ئۇزۇن ھەم كەڭ چېكىلىكى بار، چېكىلىكى يوغان: ياز كۈنلىرى دالىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغاندا كوزىركىلىق شەپكە كىيىۋالسا، ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

**كومپاس** ئى. يۆنىلىشنى بەلگىلەيدىغان ئەسۋاب. ئادەتتە يۆنىلىش گرادۇسلىرى چۈشۈرۈلگەن يۇمىلاق تەخسە ۋە دائىم شىمالنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ماگنىتلىق تىلدىن تۈزۈلىدۇ. ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنى مەيلى قانداق يۆنىلىشتە قويايلى، ئۇنىڭ تىلى ھامان شىمال تەرەپكە قارايدۇ: ئەجدادلىرىمىز يۆنىلىشنى بەلگىلەش ئۈچۈن كومپاسنى كەشىپ قىلغان.

**كومپيۇتېر** ئى. كۆپ مىقداردىكى ھېسابلاشلارنى، ئۇچۇرلارنى تېز سۈرئەتتە ئاپتوماتىك بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنە. ئادەتتە ئۇ ھېسابلىغۇچ، كونتروللىغۇچ، ساقلىغۇچ، كىرگۈزۈش ئۈسكۈنىسى (كۇنۇپكا تاختىسى) ۋە چىقىرىش ئۈسكۈنىسى (پرىنتېر، يەنى خەت بېسىش ماشىنىسى) دىن ئىبارەت بەش چوڭ قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇ نۆۋەتتە

ھەرقايسى ساھەلەردە كەڭ ئىشلىتىلمەكتە: كومپيۇتېردا ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش ناھايىتى تېز بولىدۇ.

مەنىداش سۆزى: ئېلېكترونلۇق مېڭە، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى.

**كومسومول** ئى. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى، ئىتتىپاق ئەزاسى.

**كومىسسار (كومىسسارى)** ئى ① پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئارمىيىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە ۋەكىلى. ئۇنىڭ ھوقۇقى ۋە مەسئۇلىيىتى ئارمىيىنىڭ ھەربىي قوماندانى بىلەن ئوخشاش، يەنى تەڭ دەرىجىدە بولىدۇ: ليەنجاڭ كومىسسار بىلەن بىرئاز مەسلىھەتلەشتى ـ دە، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. ② دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن زۇڭلى دەرىجىلىك ھېسابلىنىدۇ: دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد مەكتىپىمىزگە كېلىپ، بىزنى ياخشى ئوقۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

**كونكرېت** سۈپ. ئەمەلىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ئەمەلىي؛ ئېنىق كۆرۈنۈپ ياكى بىلىنىپ تۇرغان، ئېنىق، ئوچۇق: ئەتراپتىكى شەيئىلەرنى ھەردائىم دىققەت بىلەن كۆزەتكەندە، يازغان ماقالىنىڭ مەزمۇنى كونكرېت ۋە جانلىق بولۇپ چىقىدۇ.

مەنىداش سۆزى: ئېنىق، روشەن.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئابستراكت، مەۋھۇم، غۇۋا.

**كونۋېرت** ئى. ئىچىگە خەت، ھۆججەت قاتارلىق يازما ماتېرىياللارنى سېلىپ بىرەر جايغا ئەۋەتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان تۆت بۇرجەك قەغەز خالتا، لىپاپ: ھەرقانداق تەشكىلات ياكى شەخسلەرنىڭ باشقىلارنىڭ خەت ـ چەكلىرىنى بۇزۇپ قويۇشى ياكى كونۋېرتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

مەنىداش سۆزى: لىپاپ.

**كۆكۈم ـ تالقان** ① ئېزىلىپ، يانچىلىپ پارچە ـ پارچە بولۇپ

كەتكەن ھالەت، ئۇششاق ـ ئۇششاق ئۇۋاقلىنىپ پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن ھالەت، ئۇۋاق ۋە تالقان: ھازىرلا ئۆرۈلۈپ، ھەممىنىڭ كۇكۇم ـ تالقىنىنى چىقىرىۋېتىدىغاندەك ئېسىلىپ تۇرغان «تاش داۋان»غا كەلگەندە، ھارۋىدىكىلەر يەرگە چۈشۈپ، پىيادە ماڭدى. ② **كۆچمە.** يوقالغان ھالەت؛ بىتچىت، ۋەيران، **ھالاك**: بىرلا ھۇجۇم بىلەن دۈشمەن ئىستىھكامى كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرى پۈتۈنلەي تەسلىم بولدى.

**كۇكۇم-تالقان بولۇش** پارە ـ پارە بولۇش، ئۇۋىلىپ توزانغا ئايلىنىش؛ يوقىلىش، گۇمران بولۇش، ھالاك بولۇش، تارمار بولۇش: نۇرغۇن دۈشمەنلەر جىلغىغا غۇلاپ كۇكۇم ـ تالقان بولدى.

**مەنىداش سۆزى:** پارە بولۇش، يوقىلىش، گۇم بولۇش.

**كۇكۇم-تالقان قىلىش** پارچە ـ پارچە قىلىش، ئۇۋاق، پارە ـپارە ھالەتكە كەلتۈرۈش؛ يوقىتىش، بىتچىت قىلىش، تارمار قىلىش: ئۇلار ئىككى كېچە ـ كۈندۈز باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىش ئارقىلىق، دۈشمەنلەرنى كۇكۇم ـ تالقان قىلىپ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

**مەنىداش سۆزى:** يوقىتىش، ۋەيران قىلىش، ھالاك قىلىش.

**كۇلا** ئى. شال پاخلى، چىغىرتماق، چىخ قاتارلىقلاردىن ئېشىلگەن ئارغامچا: بەزىلەر باغلاپ تېڭىش ئۈچۈن كۇللارنى توقۇدى.

**كۇنۇپكا** ئى. تۇرلۇك ماشىنا ـ ئۇسكۇنىلەر ۋە ئېلېكتر ئەسۋابلىرىدىكى مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بارماق بىلەن بېسىلىدىغان يۇملاق ياكى تۆت چاسا شەكىلدىكى كىچىك قۇرۇلما، تۇگمىچە: يەن ـ تېخنىكا خادىملىرى كومپيۇتېرنى ئېچىپ، بىرنەچچە كۇنۇپكىنى بېسىپلا ئۆزلىرىگە كېرەكلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشەلەيدۇ.

**كۆپتۈرۈش** پ ① ئەسلىدىكى ھالىتىدىن يوغىنىتىش، كېڭەيـتىش، چىڭقاپ ئۆرلىتىش: ھەرىكەت ئارىلىقىدا سۇنى جىق ئىچىۋەتسە، سۇ ئاشقازاندا يىغىلىپ، ئاشقازاننى كۆپتۈرۈپ، كىشىنى بىئارام قىلىدۇ. ② **كۆچمە.** مۇبالىغىلەشتۈرۈش، كۆككە كۆتۈرۈش، ئاشۇرۇۋېتىش: ئۇ يوقنى بار قىلىپ، بارنى كۆپتۈرۈپ ئۆزىنى راسا ماختاشقا باشلاپتۇ.

مەنىداش سۆزى: يوغىنىتىش، چوڭايتىش؛ مۇبالىغىلەشتۈرۈش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: تۆۋەنلىتىش، پەسەيتىش، چۈشۈرۈش.

**كۆتەك** ئى ① دەرەخنىڭ كېسىلگەندىن كېيىنكى يىلتىز بىلەن قېلىپ قالغان ئاستى قىسمى: بىز بۈگۈن «كۆتەك تۈۋىدە توشقان كۈتۈش» دېگەن مەسەلنى ئوقۇپ چۈشەندۇق. ② كەڭلىكى، يەنى توغرىسى يوغان، ئۇزۇنلۇقى قىسقىراق بولغان توم ياغاچ: دادام كۆتەكنى ھارۋىغا بېسىپ شال تىلدۇرغىلى كەتتى. ③ كۆچمە. تالون، ئىسپات قاتارلىقلارنى يازغاندا، ئۇنىڭ يېزىپ بەرگۈچىدە قالىدىغان قىسمى.

**كۆتۈرە** ئى. پايدا ـ زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش شەرتى بىلەن ئۆزى ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەت، ھۆددە: كەنتىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر دېھقانچىلىق ئېتىزى ۋە مېۋىلىك باغلارنى كۆتۈرىگە ئالدى.

مەنىداش سۆزى: ھۆددە.

**كۆرۈك** I ئى. تۆمۈرچىلىكتە تۆمۈرچىلىك ئوچىقىدىكى ئوتنى پۈۋلەپ يالقۇنلىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، كۆپىنچە ئۆچكە تېرىسىدىن ياسىلىدىغان قاپ شەكىللىك پۈۋلەش (يەل ماڭدۇرۇش) ئەسۋابى: كۆرۈكنىڭ ئالدىدا ئېگىز بويلۇق، چاڭگا ساقاللىق بىر تۆمۈرچى تۇرغانىكەن.

**كۆرۈك** II ئى. بىرخىل چاتقال ئۆسۈملۈك، شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلىرى ئۇدۇل ئۆسىدۇ. شاخلىرىدا بوغۇملىرى بار. قۇرغاق، شورلۇق يەرلەردە ئۆسىدۇ: ئۇ بىر تۈپ كۆرۈكنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ بىردەم ئارام ئېلىۋالماقچى بولدى.

**كۆزدىن كەچۈرۈش** قاراپ چىقىش، تەكشۈرۈش، كۆرۈش، كۆرۈپ ئەھۋال چۈشىنىش: ئۇنىڭ بېشىدا يەنە بۇ يەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەن بىر نەچچە كىشىمۇ بار ئىدى.

**كۆز گىگىنىسى** كۆزنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداشنىڭ ئۇسۇل ۋە تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلىپ، كۆزدە پەيدا بولىدىغان تۈرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدىكى ئىلىم ۋە بىر قاتار ھەرىكەتلەر: ئەگەر كۆز گىگىنىسىغا ئەھمىيەت بېرىلمىسە، كۆزنىڭ تەگشەش يۈكى ئېغىرلىشىپ، كۆز ھەددىدىن ئارتۇق چارچاپ كېتىدۇ.

**كۆزلەش** پ. (بىرەر نەرسە ياكى مەقسەتنى) كۆزدە تۇتۇش، مۆلچەرلەش، نەزەردە تۇتۇش؛ چەنلەش، نىشانغا ئېلىش: بۇنداق قىلساڭلار كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. ★ ئۇ دۈشمەننىڭ بېشىنى كۆزلەپ ئوق ئۈزدى.

**كۆكرەك كېرىش** گەۋدىسىنى رۇسلاپ كۆكرىكىنى ئالدىغا چىقىرىش، مەيدىسىنى كېرىش؛ مەردانىلىق بىلەن ئالدىغا چىقىش، خەۋپ - خەتەر ياكى مۇشاققەتلەر ئالدىدا باتۇرلۇق بىلەن تىك تۇرۇش، قەھرىمانلىق قىلىش، قورقماي تۇرۇش: جەڭچىلەر باشلىرىنى كۆتۈرۈپ كۆكرىكىنى كېرىپ ئارقمۇئارقا تىك قىيادىن تۆۋەنگە سەكرىدى.

**مەنىداش سۆزى:** مەيدىسىنى كېرىش؛ مەردانە تۇرۇش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تىكىۋېتىش؛ ئۆزىنى قاچۇرۇش.

**كۆكمۇچ** ئى. كۆك لازا: ئۇلار بۇ يىل ئىككى مو يەرگە كۆكمۇچ تېرىپ، ئوبدانلا كىرىم قىلدى.

**مەنىداش سۆزى:** لازا.

**كۆڭلىنى ئېلىش** (بىرسىنىڭ) كۆڭلىدىكى غەم ياكى رەنجىشنى تۈگىتىپ خۇش قىلىش، رازى قىلىپ كۆڭلىنى ئېچىش، شادلاندۇرۇش، مەمنۇن قىلىش؛ ئۆزىگە مايىل قىلىش، كۆڭلىنى ئېچىپ ئۆزىگە رام قىلىش: دادام شۇ كۈنى مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئېلىش ئۈچۈن مېنى ئەزەلدىن بېرىپ باقمىغان كۆڭۈللۈك جايلارغا ئاپىرىپ ئويناتتى.

**مەنىداش سۆزى:** كۆڭلىنى ئېچىش، خۇش قىلىش، رازى

قىلىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** رەنجىتىش، بىئارام قىلىش، خاپا قىلىش.

**كۆڭلى ئېرىش** رەھىمى كېلىش، تەسىرلىنىپ ئىچى ئاغرىش، دىلى يۇمشاش: ئاخىرى دادامنىڭ كۆڭلى ئېرىپ مەن بىلەن بىرگە بېرىشقا ماقۇل بولدى.

**مەنىداش سۆزى:** دىلى يۇمشاش، كۆڭلى يۇمشاش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** باغرى قېتىش.

**كۆڭۈل ئېلىشىش** ئاشقازان ياكى مەيدە ئېچىشقاندەك تۇيغۇدا بولۇپ قۇسقۇسى كېلىش، ھۆ قىلغۇسى كېلىش، كۆڭۈل ئاينىش: پاكىز بولمىغان نەرسىلەرنى يېسە، قورساق ئاغرىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** كۆڭۈل ئاينىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كۆڭۈل ئېچىلىش.

**كۆلەم** ئى. دائىرە؛ ھەجىم، ئىگىلىگەن مەيدان، ئورۇن: ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ كۆلىمى بىزنىڭ ئۆيىنىڭكىدىن خېلىلا چوڭ.

**كۆنۈش** پ ① ئۆگىنىپ قېلىش، ئادەتلىنىش، ماسلىشىپ قېلىش: ئۇ ئىككى-ئۈچ ئايدىن كېيىن شەھەر تۇرمۇشىغىمۇ كۆنۈپ قالدى. ② رازى بولۇش، ئۇناش، ماقۇل بولۇش؛ قانائەت قىلىش، شۈكۈر قىلىش: ئۇ ئاخىرى دادامنىڭ مەسلىھەتىگە كۆندى. ★ ساۋۇت بارىغا كۆنۈپ، كۈنلىرىنى بىرخىل ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ.

**كۆنۈكۈش** پ. كۆنۈش، ئادەتلىنىش، ئۆگىنىپ قېلىش: رىزۋانگۈل جەڭ مەيدانىدىكى ھەرقانداق مۇشەققەتلەرگە چاپسان كۆنۈكۈپ، جەڭچىلەر بىلەن بىر تۇغقاندەك بولۇپ كەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** كۆنۈش، ئادەتلىنىش.

**كۈچ سەرپ قىلىش** كۈچ چىقىرىش، تىرىشىش، كۈچ-قۇۋۋىتىنى بېغىشلاش: ئوقۇغۇچىلار كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ، ئاخىرى بۇ

قۇرۇلۇشنى سۈپەتلىك تاماملاپ كەنت رەھبەرلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى.

**كۈرەش** I ئى ① قارىمۇقارشى تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۈستۈنلۈك ياكى ھۆكۈمرانلىق تالىشىش يولىدىكى ئۇرۇش، جەڭ، توقۇنۇش: كومپارتىيە ئوتتۇز يىلغا يېقىن كۈرەش قىلىپ ئاخىرى گومىنداڭنى يوقاتتى. ② بۇزۇق ئۇنسۇرلارغا زەربە بېرىشنى مەزمۇن قىلغان ئاممىۋى پائالىيەت، ئاممىۋى ھەرىكەت: «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋاقتىدا كۈرەش يىغىنلىرى بەك كۆپ ئېچىلاتتىكەن. ③ بىرەر مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن زەربىدارلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت، جاپالىق ئەمگەك ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش مەشغۇلات: دېھقانلار بېيىش يولىدا جاپالىق كۈرەش قىلماقتا.

**مەنىداش سۆزى:** جەڭ، ئېلىشىش.

**كۈرەش** II پ. كۈرەك (گۈرجەك) بىلەن ئۈسۈپ بىر چەتكە ئىتتىرىش؛ ئومۇمەن كۈرەك، گۈرجەك ياكى سۈپۈرگە قاتارلىقلار بىلەن بىر چەتكە ئىتتىرىپ تازىلاش، تازىلاپ يول ئېچىش (ئاساسەن قار قاتارلىقلار ھەققىدە): ئىشكنى ئېچىش ئۈچۈن قارنى كۈرەشكە توغرا كېلىدۇ.

**كۈرەك** I ئى. بۇغداي سورۇش ۋە قار تازىلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۇزۇن ساپلىق ياغاچ گۈرجەك: دادام ھويلىدا كۈرەك بىلەن قار كۈرىۋاتاتتى.

**كۈرەك** II سۈپ. رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن، كونىراپ كۆپ ياماق چۈشكەن، تۆپە-تۆپىلەپ ياماق سېلىنغان؛ كونا، ئەسكى؛ تاشلانمىغان، تاش قىلىنمىغان: دادام ياز كۈنلىرى باغدا ئىشلەيتتى، قىش كۈنلىرى بولسا كونا بىر كۈرەك جۇۋىنى كىيىپ خامانىدا كۆزەت قىلاتتى.

**كۈرەك** III ئى. تۆت ياشلىق ياكى ئۇنىڭدىن ئاشقان تۆگىلەرنىڭ ئېرىق چىشى.

**كۈلپەت** ئى. ئېغىر جاپا ـ مۇشەققەت، قىيىنچىلىق، ئازاب ـ ئوقۇبەت، دەرد ـ ئەلەم، جەبىر ـ جاپا، زۇلمەت: ئۇلارنىڭ بېشىغا

كەلگەن ئېغىر كۈلپەتلەردىن ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** مۇشەققەت، جاپا، ئېغىرچىلىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بەخت، راھەت.

**كۆلتۈك** ① ئى. بۆشۈكتىكى بالىلارنىڭ تەرەت قىلىشى ئۈچۈن بۆشۈككە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تەرەت قاچىسى، جاك: ئاپام كۆلتۈكنى ئېلىپ تازىلىغىلى چىقىپ كەتكەنىدى. ② سۈپ. ئىچى بوشاپ كاۋاك بولۇپ قالغان، ئىچكى قاتلىمى كاۋاك ياكى يۇمشاق (قار ھەققىدە): قىز ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوت كۆرۈنگەن ياققا قاراپ كۆلتۈك قارلارغا پېتىپ تەستە مېڭىپتۇ.

**كۈننىڭ تەپتى** قۇياش نۇرىنىڭ ئىسسىقى، كۈننىڭ قىززىقى، ئاپتاپنىڭ ھارارىتى: قۇياش غەربكە قىيسايغان بولسىمۇ، كۈننىڭ تەپتى تېخى كەتمىگەن بولۇپ، ھېلىمۇ خېلىلا تەرلەپ تۇراتتۇق.

**كۈنلۈك** I ئى. يامغۇر ياكى كۈچلۈك كۈن نۇرىدىن داللىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان رەخت ياكى يالتىراق (سۇلياۋ) قاتارلىقلاردىن ياسىلىدىغان ئەسۋاب: ئالىيە ئۆينىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، سېپى ئۈستۈن قىلىپ ياتقۇزۇپ قويۇلغان كۈنلۈككە ئوخشايدىغان غەلىتە بىر نېمىنى كۆردى.

**كۈنلۈك** II سۈپ ① بىر كۈنگە مۆلچەرلەنگەن، كۈننى ئۆلچەم قىلغان؛ بىركۈندە بولىدىغان، بىر كۈنگە ئائىت: بىز كېلىشىپ ئۇنىڭ كۈنلۈك ھەققىنى 15 يۈەن قىلىپ بېكىتتۇق. ② ساناق سانلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، شۇ سانغا تەڭ بولغان كۈنگە مۆلچەرلەنگەنلىكىنى، ئائىتلىقىنى بىلدۈرىدۇ: بېيزىدىن ناھىيە بازىرىغىچە بولغان ئارىلىق ئىككى كۈنلۈك يول ئىدى.

**كىچىك پېئىل** ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن تۇتىدىغان، ماختىنىشنى خالىمايدىغان، ئۆزىنى ئاددىي تۇتۇپ باشقىلارغا ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان: ئۇ كىشى ماڭا باشقىچىلا كىچىك پېئىل، مۇلايىم كۆرۈنۈپ كەتتى، دىلىم سۆيۈندى.

**مەنىداش سۆزى:** كەمتەر.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تەكەببۇر، ھاكاۋۇر، ماختانچاق، پوچى، ھالى يوغان.

**كىرا (كىراسى)** ئى ① قاتناش قوراللىرىنى ئىشلەتكەنلىكى ياكى ئۇنىڭدىن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن تاپشۇرۇلىدىغان ھەق، ئىشلىتىش ھەققى، تۆلەم پۇلى: پاراخوتنىڭ توشۇش مىقدارى ناھايىتى كۆپ، كىراسى ئەرزان، ئەمما سۈرئىتى ئاستا. ② ھەق بېرىش شەرتى بىلەن باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئىشلىتىش، ئىجارە: بىز بىر ھارۋا كىرا قىلىپ بوۋامىلارنىڭ ئۆيىگە كەلدۇق.

**كىرا ماشىنىسى** مەخسۇس يۈك ياكى يولۇچىلارنى توشۇپ تىجارەت قىلىدىغان ماشىنا: ماشىنا ماڭىدىغان يوللاردا كىرا ماشىنىلىرىنى توسۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

**كىرىم** ئى. تاپقان پۇل ياكى ھەقلىق يوسۇندا ئېرىشكەن قىممەتكە ئىگە ماددىي نەرسە، ئومۇمەن ئىشلەپ ئېرىشكەن پۇل ياكى ماددىي نەرسىلەر: بۇ يىل بىز شالدىن 2000 يۈەن كىرىم قىلدۇق.

**مەنىداش سۆزى:** تاپاۋەت.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** چىقىم، خىراجەت.

**كىسلاتا (كىسلاتاسى)** ئى. تەمى ياكى پۇرىقى ئاچچىق، چۇچۇمەل كېلىدىغان، تەگكەن نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈش، چىرىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بىرىكمە ماددا. تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، قاتتىق-سۇيۇقلۇق دەرىجىسىمۇ ھەر خىل بولىدۇ: كىسلاتا چىشنى چىرىتىپ پەيدىنپەي چىش چىرىش كېسىلىنى پەيدا قىلىدۇ.

## گ

**گاز تۈگى** يېقىلغۇ قىلىنىدىغان سۇيۇقلاندۇرۇلغان كۆمۈر ياكى

نېفىت گازىنى قاچىلاش ئۇچۇن پولات قاتارلىق مېتاللاردىن مەخسۇس ياسالغان تۇڭ. پۈتەي ھالەتتە بولۇپ، ئۈستىدە گازنى ئاچىدىغان ۋە ئېتىدىغان قۇرۇلمىسى بولىدۇ: ئالىم بوۋاينىڭ گاز تۇڭىنى ئۆيىگە ئەچىقىپ بەردى.

**گاڭگىراش** پ. نېمە قىلىشنى بىلمەي قېلىش، ساراسىمىگە چۈشۈپ ئالاقزادە بولۇش، ئېسەنكىرەش، تەمتىرەش: ئۇ گاڭگىرىغان ھالدا ئۈنچىقماي تۇرۇپلا قالدى.

**مەنداش سۆزى:** ھودۇقۇش، تەمتىرەش.

**گەز** I مق ① ئەجدادلىرىمىز بۇرۇنقى دەۋرلەردە قوللانغان ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. بىر گەز تەخمىنەن ھازىرقى 71 سانتىمېتىرغا تەڭ كېلىدۇ. ② ئى. ئۇزۇنلۇقنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەش ئەسۋابى؛ مېتىر: ئارىلىقنى ئۆلچەشنىڭ ئەڭ توغرا ئۇسۇلى گەز بىلەن ئۆلچەشتۇر.

**مەنداش سۆزى:** مېتىر.

**گەز** II ئى ① ئادەمنىڭ لېۋىدە پەيدا بولىدىغان قاسىراققا ئوخشاش بىر خىل قېتىشما، پوست: قاتتىق ئىسسىقتىن ھەممىمىزنىڭ لەۋلىرىنى گەز باغلاپ، ماڭغۇدەك ھالىمىزمۇ قالمىغانىدى. ② قازاندا بىر نەرسىلەرنى قايناتقاندا قازان گىرۋەكلىرىدە پەيدا بولغان نېپىز بىر قەۋەت قېتىشما، قارا-قۇرا كۆپۈككە ئوخشاش پوست.

**گەۋدە** ئى ① ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن بەدىنى، تەن: ئالىمنىڭ ۋىجىك گەۋدىسى توپ ئىچىدە كۆرۈنمەيلا قالغانىدى. ② بىرەر نەرسىنىڭ بارلىقى، كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان پۈتۈن جىسمى: بۇ تاغنىڭ يوغان گەۋدىسى نەچچە ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىنمۇ ئەينەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ③ كۆچمە. مەركەز، غول، يادرو: مانا مۇشۇنداق ھەمكارلىششلار جەمئىيەتنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ شەكىللەندۈرىدۇ.

**مەنداش سۆزى:** بەدەن، تەن.

**گرادۇس** مق. تېمپېراتۇرىنى ئۆلچىگەندىكى ئۆلچەم بىرلىكى، ئىسسىق-سوغۇقلۇق دەرىجە ئۆلچىمى، ئادەتتە «℃» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ: ئەگەر ئادەمنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسى 37.2 گرادۇس (37.2℃)تىن ئېشىپ كەتسە قىزىغان ھېسابلىنىدۇ.

**گرافت** ئى. يەر پوستىدا ساقلىنىدىغان، مېتالغا ئوخشاش پارقىرايدىغان، توق كۈل رەڭ ماددا. تەركىبى كاربون بولۇپ، قاتتىقلىقى تۆۋەن، ئېرىش نۇقتىسى يۇقىرى، توكنى ياخشى ئۆتكۈزىدۇ، سانائەتتە ئىشلىتىلىدۇ. قېرىنداشنىڭ قارىسى ئەنە شۇنىڭدىن ياسىلىدۇ.

**گرانات** ئى. قول بىلەن تاشلايدىغان كىچىك تېپتىكى بومبا، بەزىلىرىنىڭ قولدا تۇتىدىغان سېپى بولىدۇ: رىزۋانگۈل گراناتنى ئېتىشنى، بەش ئاتار مىلتىق ۋە قول پىلىموتىنى چۇۋۇپ تۇزەشنى ئۆگىنىۋالغانىدى.

مەنىداش سۆزى: قول بومبىسى.

**گوسپىتال** ئى. ھەربىيلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان داۋالاش ئورنى، ھەربىي دوختۇرخانا؛ دوختۇرخانا، شىپاخانا، كېسەلخانا: باشلىقلار رىزۋانگۈلنى دوستلىرى بىلەن ساقلىقنى ساقلاش ۋاقىتلىق نازارىتىنىڭ ھەربىي گوسپىتالدا خىزمەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

مەنىداش سۆزى: دوختۇرخانا، شىپاخانا، كېسەلخانا.

**گۆرەن بەز ياللۇغى** ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان جىددىي خاراكتېرلىك نەپەس يولى يۇقۇملۇق كېسەللىكى: گۆرەن بەز ياللۇغى قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە ھاۋادىكى تۈكۈرۈك چاچراندىلىرى ئارقىلىق تارقىلىدۇ.

**گۈزەللەشتۈرۈش** پ. گۈزەل قىلىش، گۈزەل تۇسكە كىرگۈزۈش، چىرايلىقلاشتۇرۇش: بىز مەكتىپىمىزنىڭ مۇھىتىنى قوغداپ ۋە گۈزەللەشتۈرۈپ، ئۇنى پاكىز ۋە گۈزەل بىر باغچىغا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

مەنىداش سۆزى: چىرايلىقلاشتۇرۇش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: سەتلەشتۈرۈش.

**گۈلچەمبىرەك** ئى. بىرسىنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈرۈش ۋە ئۇنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ھەر خىل رەڭلىك قەغەزلەردىن چەمبىرەك شەكلىدە ياسالغان گۈل تىزمىسى (ئاساسەن خەنزۇلار ئارىسىدا ئىشلىتىلىدۇ): بىز بۈگۈن قەھرىمانلار خاتىرە مۇنارى ئالدىغا گۈل چەمبىرەك قويدۇق.

**گۈلخان** ئى. ئوتۇن دۆۋىلەپ ئوچۇقچىلىقتا قالانغان ئوت، تۈزلەڭلىكتە يېقىلغان ئوت: قىز گۈلخان ئالدىغا كېلىپ، ھېچكىمگە سالامۇ بەرمەي، ئىسسىقراق بىر جايىنى تاللاپتۇ-دە، ئوتتا ئىسسىنىشقا باشلاپتۇ.

مەنىداش سۆزى: ئوت، يالقۇن.

**گۈلىستان** ئى. گۈل-چېچەك ۋە يېشىللىققا پۈركەنگەن، بوستانلىققا ئايلانغان ماكان، گۈلزارلىق: بىز بۇ قاقاس يەرنى بەش يىل تىرىشىش ئارقىلىق ئاۋات گۈلىستانغا ئايلاندۇرۇش ھەققىدە كاپالەت بەردۇق.

مەنىداش سۆزى: گۈلشەن، چىمەنزار، گۈلزارلىق، گۈللۈك.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: قاقاسلىق، چۆللۈك، جەزىرە.

**گېكتار** مق. مېتىر سىستېمىسىدىكى ئون مىڭ كۋادرات مېتىرغا تەڭ مەيدان ئۆلچەم بىرلىكى. يەنى بىر گېكتار تەخمىنەن 15 موغا تەڭ كېلىدۇ: ئۇ بىر گېكتاردىن كۆپرەك شېكەر قومۇشلۇقنى كۆتۈرە ئالغانىدى.

**گىرىپتار بولۇش** مۇپتىلا بولۇش، يولۇقۇش، ئۇچراش، دۇچ كېلىش، دۇچار بولۇش: ئادەم كېسەلگە گىرىپتار بولغاندا قان بېسىمى ئۆرلەيدۇ ياكى تۆۋەنلەيدۇ.

مەنىداش سۆزى: دۇچار بولۇش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: خالىي بولۇش، خالاس بولۇش.

**گىگانت** سۈپ. ئىنتايىن چوڭ ھەم مەڭگۈ يىقىلمايدىغان، كاتتا، بۈيۈك، مەزمۇت: دۆڭ سۇنرۇي خۇددى گىگانت ئادەمدەك قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇراتتى.

مەنىداش سۆزى: مەزمۇت، يىقىلماس.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** پور، بوش، كۆچسىز.

**گىگىېنا** ئى. تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ ساغلاملىقنى ئاشۇرۇشنىڭ قائىدە-تەدبىرلىرى ھەققىدىكى كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ سالامەتلىكنى ياخشىلاشنى مەزمۇن قىلغان ئىلىم؛ ئومۇمەن ساغلاملىقنى ياخشىلاشنىڭ ئۇسۇل-تەدبىرلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى بىلىملەر: ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىش مەزگىلىدە مېڭە ئىشلىتىش گىگىېنىسىغا ئەھمىيەت بەرمىسەك، چوڭ مېڭە ئاسانلا چارچاپ، روھىي جەھەتتە جىددىيلىشىش كۆرۈلىدۇ.

**گىمناستوركا** ئى. تىك ياكى قايرىما ياقىلىق، ئۈستىدىن كەمەر باغلاپ كىيىشكە مۇۋاپىق قىلىپ تىكىلگەن ھەربىي پاسوندىكى كۆڭلەك: مېنىڭ پىنىمدىكى سېرىق گىمناستوركا كىيگەن بوغداي ئۆڭلۈك بالا ئۈستەل تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

**مەنىداش سۆزى:** كۆڭلەك.

# ل

**لازىمەتلىك** ئى. لازىم قىلىنىدىغان نەرسە، زۆرۈر نەرسە، ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال: يەنە بىر بۆلۈك ئەسكەرلەر ئالدىراشلىق بىلەن ئورۇش لازىمەتلىكلىرىنى ماشىنىلارغا بېسىشىۋاتاتتى.

**لەززەتلىك** سۈپ. لەززىتى بار، تاتلىق، شېرىن، مەززىلىك؛ كىشىگە لەززەت، ھۇزۇر بېغىشلايدىغان، يېقىملىق، ئېسىل: -تامىقىڭىز ناھايىتى لەززەتلىك بوپتۇ، — دېدى ئۇ ھەدەمنى ماختاپ. ★ مەۋلان ئۆزىنىڭ لەززەتلىك تۇرمۇشىدىن شادلىنىپ، بارغانچە ھۇزۇرلىنىشقا باشلاپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** شېرىن، تاتلىق، تەملىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** لەززەتسىز، بەتتەم، لاۋزا.

**لاۋا** I ئى. يانار تاغدىن ئېتىلىپ چىققان قىزىق ئېرىتمە، يەنى

ماگما. سوۋۇغاندىن كېيىن قېتىپ تاغ جىنسىغا ئايلىنىدۇ، يەر يۈزىدە كۆپ خىل شەكىلدە ئۇچرايدۇ: بىز بوگۈن تېلېۋىزوردا يانار تاغ پارتلىغاندا ئېتىلىپ چىققان لاۋانىڭ ئېقىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى كۆردۇق.

**لاۋا** II ئى. دەرەخنىڭ شاخ-يوپۇرماقلىرى، ئەسكى-تۈسكى قەغەزلەر ۋە گەندە، قىغ قاتارلىق چىرىگەن ئەخلەتلەر: قايتا ساپتۇ ئۇ تورىنى زور ئۇمىدتە،/ سېسىق لاۋا ئىلىنىپتۇ ئاندىن بەتتەر.

**لەرزىگە سېلىش** قاتتىق تىترىتىش، زىلزىلىگە كەلتۈرۈش، داۋالغۇتۇپ سىلكىندۇرۇش، چايقاپ تەۋرىتىش: بۇ سادا يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، تاغۇدەريالارنى لەرزىگە سالدى.

**مەنىداش سۆزى:** تىترىتىش، سىلكىندۈرۈش، لەرزىگە كەلتۈرۈش، زىلزىلىگە كەلتۈرۈش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سۈكۈتكە چۆمدۈرۈش.

**لەۋھە** ئى. ئۇتۇق قازانغان، ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان ئورۇن ياكى شەخسلەرگە تەقدىرلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان، ئۈستىگە تەقدىرلەش، خاتىرىلەش ياكى رەھمەت ئېيتىش ھەققىدىكى سۆزلەر يېزىلغان، رەختتىن چۆرىسىگە چۇچا چىقىرىپ ئىشلەنگەن بايراقچە شەكىلدىكى نەرسە، بايراقچە: بىز قايتىش ئالدىدا توقىچەك كەنتىگە ئەترىتىمىز نامىدىن لەۋھە تەقدىم قىلدۇق.

**لەيلەش** پ ① (سۇ ياكى ھاۋا بوشلۇقىدا) تەكتىگە چۆكۈپ ياكى پەسكە چۈشۈپ كەتمەي يەڭگىل ھەرىكەتلىنىپ تۇرۇش، ئۇيان-بۇيان لەپەڭشىپ مۇئەللەق تۇرۇش: ئۇ سۇ ئۈستىدە لەيلەپ قالدى. ★ بۇركۈت ھاۋا بوشلۇقىدا بىرئاز لەيلەپ تۇرۇپ، بىردىنلا پەسكە شۇڭغۇدى.
② كۆچمە. ھېچبىر ئىش قىلماي بىكار يۈرۈش، لەلەڭلەش، لاغايلاش (ئادەملەر ھەققىدە): ئۇ كۈن بويى ئەنە شۇنداق كوچىمۇكوچا لەيلەپ يۈردى.

**لېس** ئى. دۇخوپكىدا پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىكلەرنى سېلىپ قىزىتىش ۋە پىشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قاڭالتىر

تەخسە، دۇخوپكا تەخسىسى: ئۇ شەكىل چىقىرىپ تەييارلانغان پېچىنە خېمىرىنى لېسقا سالدى.

**لېنتا** ئى ① بېزەك ۋە زىننەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تار، ئۇزۇن رەخت: ئۇنىڭ بېنىدا ئولتۇرغان قىزىل لېنتا چىگىۋالغان قىز مۇنداقچىلا تۇرىدۇ. ② بىرەر قۇرۇلۇشتا ياكى چوڭراق پائالىيەتلەردە رەسمىي ئىش باشلانغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن سىمۋول خاراكتېرىدە تەييارلانغان ئۇزۇن قىزىل رەخت: بىز شەھەر باشلىقىنى لېنتا كېسىشكە تەكلىپ قىلدۇق. ③ ئۇزۇن تاسما شەكلىدىكى، سۈرەت ياكى ئاۋازنى قوبۇل قىلىپ ساقلىيالايدىغان تېخنىكىلىق بۇيۇم: ئۇ ئۇنىئالغۇ لېنتىسىنى ئۈزۈپ پارچە-پارچە قىلىۋەتتى.

**لىك-لىك** تەق. ناھايىتى يەڭگىل ھەم چاققانلىق بىلەن يەردىن بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشۈپ داۋاملىشىۋاتقان ھەرىكەت ھالىتى: ئالا قاغىلارمۇ ئۈچۈپ كېلىشىپ، لىك-لىك سەكرىپ يۈرۈشىدۇ.

**لىنىيە** ئى ① (توك، ئاۋاز ئېقىمى، سۇيۇقلۇق، پار، قاتناش ۋاسىتىلىرى قاتارلىق) ھەرىكەتچان جىسىملار بېسىپ ئۆتىدىغان يول (ياكى سىم، تۇرۇبا قاتارلىقلار): ئەگەر تېلېفوندىن توختىماي تىت-تىت قىلغان ئاۋاز چىقىۋەرسە، بۇ قارشى تەرەپنىڭ تېلېفون لىنىيىسىنىڭ بوش ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ② سەپ، يۆنىلىش؛ يول، تەرەپ: ئۇلار تۇن بىرىمىدا ئىككى لىنىيە بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتتى.

**مەنداش سۆزى:** يول، يۆنىلىش.

# م

**ماتېرىيال (ماتېرىيالى)** ئى ① بىرەر نەرسىنى ياساش، ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىقلار ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان نەرسە، خام ئەشيا، كېرەكلىك ماددا: دادام تونۇلۇغۇن زۆرۈر بولغان قۇرۇلۇش

ماتېرىياللىرىنى سىپتۇبىلىپ ئەكەلدى. ② ئاساس بولىدىغان مەلۇمات، مەنبە ۋە شۇ قاتارلىقلار (كۆپىنچە قەغەز يۈزىگە يېزىلغان يازما نەرسىلەر كۆزدە تۇتىلىدۇ): دادام ماتېرىياللىرىنى سومكىسىغا سېلىپ ئەتتىگەندىلا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنىدى.

**ماسلىشىش** پ. ماس ھالەتكە كېلىش، مۇۋاپىقلىشىش، لايىقلىشىش؛ كۆنۈش، ئادەتلىنىش: ئۇلار ئۆزئارا ماسلىشىپ ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىدى. ★ مەن ھازىر ئالىي مەكتەپ ھاياتىغا خېلى ماسلىشىپ قالدىم.

مەنداش سۆزى: كېلىشىش، كۆنۈش.

**ماشىنىسازلىق** ئى. ھەر خىل ماشىنىلار ۋە ماشىنا ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلىرىنى لايىھىلەپ ياساپ چىقىرىش ئىشى، كەسپى: دادام ماشىنىسازلىق زاۋۇتىدا تېخنىك بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

**ماغدۇر** ئى. كۈچ-قۇۋۋەت، مادار، ماجال، قۇۋۋەت: ھازىرچە سېنى كۆتۈرگۈدەك ماغدۇرۇم يوق، ئازراق ئارام ئېلىۋالاي.

مەنداش سۆزى: كۈچ، قۇۋۋەت، مادار.

**ماقالە** ئى. ھەجمى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان، ئىلىم-پەن نەتىجىلىرى ياكى تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك مەسىلىلەر توغرىسىدا يېزىلغان يازما بايان، ئەسەر: بىز بۇ قىسقا ماقالىنى ئوقۇپ، شوپۇر ۋە بېلەت ساتقۇچىلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنى چۈشىنىۋالدۇق.

**مالىخاي** ئى. ئاق كىگىز قالپاق، ئومۇمەن كىگىزدىن تىكىلگەن باش كىيىمى: ئۇ بىرئازدىن كېيىن بىر مالىخايدا قورۇلغان پۇرچاق ئېلىپ كېلىپ ئالدىمىزغا قويدى.

مەنداش سۆزى: كىگىز قالپاق.

**ماندارىن** ئى. دائىم يېشىل تۇرىدىغان مېۋىلىك دەرەخ ۋە شۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى. مېۋىسىنىڭ پوستى قىزغۇچ سېرىق، ئېتى سۇلۇق، تەمى تاتلىق بولىدۇ. مېۋە پوستى، ئۇرۇقى ۋە يوپۇرمىقى دورا ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ: تاغلىقلاردا ماندارىن

دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرى مېۋىلىرىنى كۆتۈرەلمەي تۈۋەنگە ساڭگىلاپ تۇراتتى.

**ماھىيەت** ئى. (بىرەر نەرسىدىكى) ئەڭ ئاساسلىق تۈپ مەزمۇن، تۈپ خاراكتېر، تىپىكلىككە ئىگە بولغان ئىچكى باغلىنىش، ئاساسلىق خۇسۇسىيەت: مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئۇنى ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ.

**مايسا** ئى. زىرائەتنىڭ ئۇرۇقى ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىنكى بەش-ئالتە سانتىمېتىرغىچە ئۆسكەن يۇمران تېنى: شال ئېتىزىدىن ياپيېشىل كىچىك مايسىلار ئۈنۈپ چىقتى.

**مەپتۇن** سۈپ. مېھىر-مۇھەببىتى بار، چىن يۈرىكىدىن بېرىلگەن، شەيدا، ھەددىدىن ئارتۇق ئامراق، خۇشتار: تاشۋايىنىڭ راۋابى يالغۇز بارات بىلەن تۇمۇرنىلا ئەمەس، پۈتۈن گۇلاختىكىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئامراق، شەيدا، رام، خۇشتار، جەلپ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بىزار.

**مەجبۇرىيەت** ئى ① قانۇنىي ئاساستا ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەت، چوقۇم ئورۇنداش كېرەك بولغان ۋەزىپە، باش تارتىشقا بولمايدىغان بۇرچ: ئاتا-ئانىلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارغا كۆيۈنۈش بالىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى. ② قىلىشقا تېگىشلىك ئىش، بۇرچ: دوستلىرىغا ياردەم بېرىش ھەربىر ۋىجدانلىق ئادەمنىڭ مەجبۇرىيىتى.

**مەنىداش سۆزى:** بۇرچ، مەسئۇلىيەت.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ھوقۇق.

**مەجنۇنتال** ئى. تال تىرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. شاخلىرى ئۇزۇن، ئىنچىكە بولۇپ، تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن تۇخۇمسىمان شەكىللىك، ئەتىيازدا چېچەكلەيدۇ، رەڭگى سارغۇچ يېشىل كېلىدۇ: ئۆستەڭ بويىدىكى سۆگەت ۋە مەجنۇنتاللار كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى.

**مەخپىيەتلىك** ئى. باشقىلارغا ئاشكارىلاشقا بولمايدىغان، پەقەت

ئۆزىلا پاكى بەلگىلەنگەن چەكلىك كىشىلەرلا بىلسە بولىدىغان گەپ-سۆز پاكى ئىش-ھەرىكەت، ئومۇمەن مەخپىي، خۇپىيانە بولىدىغان گەپ-سۆز پاكى ئىش-ھەرىكەتلەر: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىنىڭ خەت-ئالاقە ئەركىنلىكى ۋە خەت-ئالاقە مەخپىيەتلىكى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** سىر.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاشكارىلىق، ئوچۇقلۇق.

**مەخلۇق** ئى ① ئىنسان ۋە بارلىق جانىۋارلارنىڭ، ئومۇمەن تىرىك مەۋجۇداتلارنىڭ ئومۇمىي نامى: ئادەم ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك مەخلۇق. ② كۆچمە. كۆرۈنۈشى ۋە قىلىقلىرى بەتبەشىرە، كىشىنى بىزار قىلىدىغان نەرسە: بۇرۇنقى زاماندا بىر غەلىتە مەخلۇق بار بولۇپ، ئىسمى «شى» ئىكەن.

**مەنىداش سۆزى:** جانلىق، مەۋجۇدات.

**مەدەنىيەت** ئى. ئىنسانلار ياشاش جەريانىدا ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلار، شۇنداقلا تەبىئەت ۋە جەمئىيەت توغرىسىدا يەكۈنلىگەن توغرا قاراش، توغرا ئادەت، ئىلمىي بىلىشلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى: مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بىز ئاكتىپلىق بىلەن ئىلغار مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلىشىمىز ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

**مەدەنىي** سۈپ ① مەدەنىيەتكە مۇناسىۋەتلىك، مەدەنىيەت، ئىلىم-مەرىپەت ۋە تۈرلۈك ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان: ئالىم تۈرلۈك مەدەنىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. ② مەدەنىيەتلىك، ئىلىم-تەربىيە كۆرگەن ياكى ئوقۇمۇشلۇق، تۈرلۈك پائالىيەتلەردە ئەخلاق-تەربىيە يوسۇنلىرىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، تەربىيە كۆرگەن: ئۇلار خېلىلا مەدەنىي كىشىلەر ئىكەن.

**مەنىداش سۆزى:** مەدەنىيەتلىك، ئىلمىي، سىلىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** مەدەنىيەتسىز، قوپال، قالاق.

**مەدەنىي پائالىيەت** ھەر خىل سەنئەت نومۇرلىرى، تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى قاتارلىقلارنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى: مەن ئۇنى ئىزدەپ سىنىپنىڭ ئالدى-كەينى، ھەتتا بۈگۈن مەدەنىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەيدانغىچە بولغان ھەممە يەرنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ چىقتىم، تېپىلمىدى!

**مەدەنىيەتسىز** سۈپ. تەربىيە كۆرمىگەن، مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان؛ قالاق، نادان: باللار ئارام ئېلىش مەزگىللىرىدە ھەر خىل مەدەنىيەتسىز ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىپ پاك دىلىنى بۇلغىماسلىقى لازىم.

**مەنىداش سۆزى:** تەربىيىسىز، قالاق، ئەخلاقسىز، قوپال.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** مەدەنىيەتلىك، ئىلغار، ئەخلاقلىق.

**مەدھىيىلەش** پ. ماختاش، ياخشى تەرەپلىرىنى تىلغا ئېلىپ تەرىپلەش، ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن ئاپىرىن ئوقۇش، مەدھىيە ئوقۇش، ھەممىدىن ئۇلۇغ كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش: بىز ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى ئۇلۇغلايمىز، ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان قەھرىمانلارنى مەڭگۈ مەدھىيىلەيمىز.

**مەنىداش سۆزى:** ماختاش، تەرىپلەش، داڭلاش، ئۇلۇغلاش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كەمسىتىش، ئەيىبلەش، تىللاش، تەنقىدلەش، سۆكۈش.

**مەدىكار** ئى. باشقىلارغا ياللىنىپ ئىشلىگۈچى كىشى، كۈنلۈكچى، ياللانما: نەسىردىن ئەپەندى بىر غۇلاچ ئارغامچا كۆتۈرۈپ بازاردا مەدىكارلار قاتارىدا تۇرۇپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئىشلەمچى، كۈنلۈكچى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خوجايىن.

**مەرتىۋە** ① ئى. كىشىلەر ئارىسىدا ئېرىشكەن ئابرۇي، ئىناۋەت، نوپۇز، ئىنسانلىق ھۆرمەت: ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا زور مەرتىۋىگە ئىگە بولدى. ② ئى. مەنسەپ، ئەمەل، ھوقۇق-دەرىجە:

ئاڭلىساق، ئالمىنىڭ مەرتىۋىسى يەنە ئۆسۈپتىمىش. ③ مق. قېتىم، نۆۋەت، مەرتە: ئۇ ئارقا-ئارقىدىن ئىككى مەرتىۋە ئۇرۇنۇپ كۆردى، بىراق يەنىلا نەتىجە چىقمىدى.

مەنىداش سۆزى: نوپۇز، ئابرۇي؛ ھوقۇق، ئەمەل.

**مەرد** سۈپ. ۋەدىسىدىن يانمايدىغان، گېپىدە تۇرىدىغان؛ باتۇر، قورقماس، مەردانە، يۈرەكلىك؛ پۇلنى دوست تۇتمايدىغان، ئۆز بايلىقى بىلەن كىشىلەرگە ياردەم قىلىشنى ئادەت قىلغان، قولى ئۇچۇق، سېخىي: ئاۋۇت ئاكام ناھايىتى مەرد ئادەم ئىدى.

مەنىداش سۆزى: باتۇر، قەھرىمان؛ سېخىي.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: نامەرد، يارىماس، قورقۇنچاق؛ بېخىل، پىخسىق.

**مەركەزلىشىش** پ. بىر نۇقتىغا توپلىنىش، جەملىنىش، ئۇيۇشۇش، يىغىلىش: شوپۇرنىڭ زېھنى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن بولۇپ، قولدا رولنى مەھكەم تۇتۇپ كېتىۋاتاتتى.

مەنىداش سۆزى: يىغىلىش، ئۇيۇشۇش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: چېچىلىش، تارقاقلىشىش.

**مەرگەن** ئى. دەل جايىغا تەگكۈزىدىغان، قارىغا ئېتىشقا ماھىر ئادەم: سابىت ناھايىتى مەرگەن ئىدى، ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ قالغان ھەرقانداق ئوۋ ئۇنىڭ ئوقىدىن قۇتۇلالمايتتى.

**مەززە قىلىش** ھۇزۇرلىنىش، لەززەتلىنىش، راھەتلىنىش؛ ناھايىتى تاتلىق نەرسىلەر بىلەن ئۇزۇقلىنىپ زوقلىنىش لەززىتىنى تېتىش: — شوپۇر بېكەت ئاشخانىسىدا مەززە قىلىپ ئولتۇرغاندۇ-ھە؟ — دېدى بىرەيلەن كۆپچىلىكنى تېخىمۇ ئالدىرىتىپ.

**مەسخىرە قىلىش** زاڭلىق قىلىش، مازاق ئېتىش، كەمسىتىپ كۈلكە قىلىش: ئۇ مېنى بىكاردىن-بىكار سۈپۈرگە قۇيرۇق دەپ مەسخىرە قىلدى.

مەنىداش سۆزى: زاڭلىق قىلىش، زاڭلاشتۇرۇش،

كەمسىتىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ماختاش، داڭلاش، ئۇچۇرۇش، كۆككە كۆتۈرۈش.

**مەشئەل** ئى ① ئۇچىغا كۆيدىغان نەرسە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، يورۇتۇش ياكى ئوت يېقىش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان تاياق: ئۇلارنىڭ ھەممىسلا بىردىن مەشئەل كۆتۈرۈۋېلىشقانىدى. ② كۆچمە. يول ۋە نىشاننى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان نەمۇنە، قىبلىنەما، ماياك: ئىلىم-پەن ھەممىدىن ئەۋزەل، / ئىلىم-ئۆچمەيدىغان مەشئەل./ ئىلىمدەك قەدىرلىك نەرسە/ جاھاندا بارمۇ ئىنسانغا.

**مەنىداش سۆزى:** ئوتقاش.

**مەشغۇلات** ئى. مەشغۇل بولۇۋاتقان ئىش-پائالىيەتلەر، قىلىنىۋاتقان تۈرلۈك ئىش-ئوقەتلەر؛ ھەرىكەت: ئۆگىنىشتە مەشغۇلاتنىڭ قانۇنىيەتلىك بولۇشىغا دىققەت قىلىپ، ئۆگىنىش ۋاقتىنى خالىغانچە ئۇزارتىۋەتمەسلىك لازىم.

**مەنىداش سۆزى:** ئىش، ھەرىكەت، پائالىيەت.

**مەغرۇرلىنىش** پ. ئۆزىنى ھەممىدىن ياخشى ھېسابلاپ كۆرەڭلەش، ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇش، ئۆز-ئۆزىدىن پەخىرلىنىپ كېرىلىش، «مەنچە ئادەم يوق» دەپ قاراش: تەقدىرلەنگەندە مەغرۇرلىنىپ باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىقتىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

**مەنىداش سۆزى:** كۆرەڭلەش، كېرىلىش، مەنسىنىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كەمسىنىش، كەمتەر بولۇش.

**مەككار** سۈپ. ھىيلە-مىكىر بىلەن ئىش قىلىدىغان، نەيرەڭگى تولا، نەيرەڭگە ئۇستا، قۇۋ، ھەييار، ھىيلىگەر، نەيرەڭۋاز:

— بۇ مەككارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ يامان نىيىتىدىن بىزنى خاتىرجەم قىل،

— دەپتۇ شاھ جاللاتنى چاقىرىپ.

**مەنىداش سۆزى:** قۇۋ، ھەييار، مۇغەمبەر، ھىيلىگەر، ئالدامچى.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: مەرد، راستچىل، دۇرۇس.

**مەخدەش** پ. نىمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىش، ھودۇقۇپ تەمتىرەپ قېلىش؛ ئۇيقۇ بىلەن ئويغاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا چالا ئۇيقۇلۇق ھالەتتە تۇرۇش، ھاڭۋېقىش، گاڭگىراش: مەن بۇ سوئالدىن پۈتۈنلەي مەخدەپ قالدىم.

مەنىداش سۆزى: ھاڭۋېقىش، گاڭگىراش، تەمتىرەش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: سەگەكلىشىش، ھوشيار تۇرۇش.

**مەمنۇن بولۇش** رازى بولۇپ خۇشاللىنىش، رازىمەنلىك بىلەن خۇرسەن بولۇش، قانائەتلىنىپ مىننەتدار بولۇش، خۇش بولۇش: مەن نەتىجىلىرىمنى دادامغا دەپ بەرگەندىم، ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ مەمنۇن بولۇپ كۈلدى.

مەنىداش سۆزى: رازى بولۇش؛ خۇش بولۇش، شادلىنىش.

**مەمۇرىي** سۈپ. ھاكىمىيەت قائىدىسى بويىچە باشقۇرۇش ۋە تەرتىپ-تۈزۈملەرنى ئىجرا قىلىش خۇسۇسىدىكى، شۇلارغا ئائىت: بىز كەنت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورنىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ كەلدۇق.

**مەنبە** ئى. بىرەر نەرسە، ئىش-ھەرىكەت ياكى خەۋەر-مەلۇماتلار ئۇچۇن كېرەكلىك، ئاساس بولىدىغان نەرسىلەر ياكى شۇنداق نەرسىلەر ئېلىنىدىغان، چىقىدىغان جاي ياكى نەرسە، ئاساس: بىزا ئىگىلىكى كىشىلەرنى ئوزۇق-تۈلۈك ۋە كىيىم-كېچەك مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مەنىداش سۆزى: ئاساس.

**مەنىستىمەسلىك** ئى. كۆزگە ئىلماسلىق، ياراتماسلىق، ئۆزىدىن تۆۋەن كۆرۈپ نەزەرگە ئالماسلىق، پەس كۆرۈش: يىگىتنىڭ ئۆزىنى مەنىستىمەيۋاتقانلىقى رىزۋانگۈلنىڭ ئىززەت-نەپسىگە تەگدى.

مەنىداش سۆزى: ياراتماسلىق، پەس كۆرۈش.

**مەنسىتىش** پ. كۆزگە ئىلىش، ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرۈش، ئېتىبار بىلەن قاراش، نەزەرگە ئېلىش: ئالىم ئەمدى بۇ يىگىتنى خېلى مەنسىتىپ قىلىۋاتاتتى.

**مەنىداش سۆزى:** ھۆرمەتلەش، يارىتىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** پەرۋاسىز قاراش، پەس كۆرۈش.

**مەھكەم** سۈپ. مۇستەھكەم، پۇختا، چىڭ، مەزمۇت، قاتتىق: ئۇلارنىڭ مۇداپىئە سېپى ناھايىتى مەھكەم ئىدى، دۈشمەنلەر كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىپمۇ ھېچبىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ★ ئانامۇ رىكشىغا چىقىپ، مېنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى.

**مەنىداش سۆزى:** مۇستەھكەم، چىڭ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بوش، ئاجىز.

**مەيۇسلىنىش** پ. ئۈمىدسىزلىنىپ پەرىشان بولۇش، كۆڭلى يېرىم بولۇش، غەمكىنلىشىپ چۈشكۈنلىشىش، روھى چۈشۈش، مەيۇس بولۇش: ئۇ رىزۋانغا قاراپ مەيۇسلەنگەن ھالدا ئۆيىگە قايتتى.

**مەنىداش سۆزى:** پەرىشان بولۇش، غەمكىنلىشىش، روھسىز-لىنىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** روھى كۆتۈرۈلۈش، خۇشال-لىنىش.

**مودېل** ئى ① بىر نەرسىنىڭ شەكلى ۋە تۈزۈلۈشىنى بەلگىلىك ئۆلچەم بويىچە كىچىكلىتىپ ئاددىي ھالدا شۇ نەرسىگە تەقلىد قىلىپ ياسالغان نەرسە، كىچىكلىتىلگەن ئاددىي ئۈلگە: قوماندانلىق سۇپىسىغا ئايروپىلان ۋە پاراخوتلارنىڭ ھەر خىل مودېللىرى قويۇلغانىدى. ② كىيىم كۆرەكلىرىدە ھەر خىل پاسوندىكى كىيىملەرنى كىيىپ كىشىلەرگە كۆرسىتىدىغان كىشى: ئۇ بىر شىركەتتە مودېل بولۇپ ئىشلەۋاتقۇدەكمىش. ③ رەسىم سىزىش، سۈرەت تارتىش ۋە

ھەيكەلتىراچلىقتا سىزىش ئوبيېكتى قىلىنغان ئادەم ياكى نەرسە:
ئۇ ھەقىقەتەن ئۇستا رەسسام بوپتۇ، مودېلىنىمۇ بەك ياخشى تاللايدىكەن. ④ دۇكانلاردا كىيىم-كېچەكلەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئادەمگە ئوخشاش ياكى گەۋدىسى ئادەم گەۋدىسىدەك قىلىپ ياسالغان، كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ توختىتىپ قويۇلىدىغان ھەيكەل، كىيىم قېلىپى: ھازىر چوڭ ماگىزىنلارنىڭ ھەممىسىدە كىيىم كىيگۈزۈپ قويۇلغان مودېللار بار.

**مۇئامىلە قىلىش** ① مۇناسىۋەتلىشىش، ئالاقە قىلىش: داۋۇت يولسىز ئادەم، ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىپ چىرايلىق ئۆتمەك قىيىن. ② قاراش، پوزىتسىيە تۇتۇش: ئىمتىھانغا توغرا مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

**مۇئەللەقلىق** ئى. بوشلۇقتا ئېسىلىپ تۇرۇش ئالاھىدىلىكى ياكى بوشلۇقتا دولقۇنلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنۈش ھالىتى: پۇلنىڭ يۈزىدىكى رەسىم يوق جايدا قاتلاملىرى كۆپ، مۇئەللەقلىقى (ستېرېئولۇقى) كۈچلۈك بولغان مۇقىم سۇ باسمىسى بار.
مەنىداش سۆزى: ستېرېئولۇق، دولقۇنلۇق.

**مۇئەللىمە (مۇئەللىمەسى)** ئى. ئايال تەربىيىچى، ئايال ئوقۇتقۇچى: شۇنىڭدىن كېيىنلا مۇئەللىمە مەمنۇن بولغان ھالدا ئۇنى 3-سىنىپقا قوبۇل قىلدى.

**مۇداپىئە (مۇداپىئەسى)** ئى. (دۈشمەن، تەبىئىي ئاپەت ياكى تاسادىپىي ھادىسىلەر كەلتۈرىدىغان) تۈرلۈك زىيان-زەخمەت، يامانلىقلاردىن ساقلىنىش ياكى ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت، كۆرۈلگەن تەييارلىق: ئۇلار داۋاملىق مۇداپىئەنى مۇستەھكەملەپ، دۈشمەننىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىنى كۈتۈۋاتاتتى.

**مۇداپىئەلىنىش** پ. مۇداپىئە قىلىش، ئۆزىنى قوغداش، يامان تەسىرگە ياكى زىيان-زەخمەتكە ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، زىيان-زەخمەتكە ئۇچراشنى توسۇش: ئۇ چاغدىكى كىشىلەر ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىنى يېپىنچاقلىۋېلىپ سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنەتتى.

مەنىداش سۆزى: قوغدىنىش، ساقلىنىش.

**مۇددىئا (مۇددىئاسى)** ئىسى. كۆڭۈلدىكى مەقسەت، ئارزۇ-ئىستەك، يەتمەكچى بولغان نىشان، نىيەت: كۆزلىگەن مۇددىئانى چۇقۇم ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئادەمدە قەتئىي ئىرادە بولۇشى كېرەك.

مەنىداش سۆزى: مەقسەت، نىيەت، مۇراد.

**مۇراجىئەت** ئى. ئۆتۈنۈش، ئىلتىماس تەرىزىدە بايان قىلىنغان خىتاب، ئېيتىلغان سۆز: رىزۋانگۈل: — بىزگە قورال بېرىلسۇن! ھېچقانداق توختالغۇسىز ئالدىنقى لىنىيىگە بارىمىز ...، — دەپ باشلىققا مۇراجىئەت قىلدى.

مەنىداش سۆزى: ئىلتىماس، ئۆتۈنۈش، خىتاب.

**مۇساپىر** ئى. ئۆز يۇرتىدىن ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ باشقا جايلاردا تۇرۇۋاتقان كىشى، باشقا يۇرتلاردا تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان كىشى: تاۋۇز چاغىنىدا يۇرتىدىن ئايرىلغان مۇساپىرلار پەقەت «ئايغا قاراپ يۇرتنى سېغىنىش» ھېسسىياتىدىلا بولىدۇ.

**مۇستەقىللىق** ئى. ئۆز ئىشىنى باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز ئىشلىيەلەيدىغان ھالەت، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش: مۇستەھكەم ئىرادىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن بېقىندىلىقنى تۈگىتىپ، مۇستەقىللىقنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: مەھكۇملۇق، بېقىندىلىق.

**مۇسكۇل** ئى. جانلىقلار تېنىدىكى گۆش، پەي، تېرە قاتارلىق توقۇلمىلار. ئۇ نۇرغۇنلىغان مۇسكۇل تالالىرىنىڭ يىغىلىپ غۇژمەكلىشىشىدىن تۈزۈلىدۇ. ئومۇمەن بەدەندىكى سۆڭەكتىن باشقا ئەتلەر: ئەگەر بىز جىددىي ھەرىكەت قىلساق، قان ھەرىكەت قىلىۋاتقان مۇسكۇللارغا ئېقىپ، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرگە بارىدىغان قان ئازلاپ كېتىدۇ ـ دە، يېمەكلىكلەرنى ھەزىم قىلىش ۋە سىڭدۈرۈشكە پايدىسىز بولىدۇ.

مەنىداش سۆزى: ئەت.

**مۇشەققەت** ئى. قاتتىق قىيىنچىلىق، ئېغىرچىلىق، جاپا،

كۆلپەت: ئۇ يول بويى تاتلىق خىياللارغا بېرىلىپ، يول مۇشاققىتىنى ئۇنتۇغان ھالدا يۇرتىغا كەلدى.

مەنىداش سۆزى: جاپا، قىيىنچىلىق، كۆلپەت.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ھالاۋەت، پاراغەت، راھەت.

**مۇقەددەس** سۈپ. ئەزىز، ئۇلۇغ، تەڭداشسىز؛ ئالىيجاناب، سۆيۈملۈك، شەرەپلىك؛ بىباھا: ئۇ مۇقەددەس كىتابنى تۇتۇپ قەسەم قىلدى. ★ ۋەتەن مۇقەددەستۇر، شۇ ۋەتەننى بەرپا قىلغان خەلق تېخىمۇ مۇقەددەستۇر.

**مۇكاپاتلىنىش** پ. مۇكاپاتقا ئېرىشىش، مۇكاپات ئېلىش، تەقدىرلەشكە سازاۋەر بولۇش: ئۇ ھەر يىلى ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، مۇكاپاتلىنىپ تۇراتتى.

مەنىداش سۆزى: تەقدىرلىنىش، مۇكاپات ئېلىش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: تەنقىدلىنىش، جازالىنىش.

**مۇڭدىشىش** پ. ئىچ-سىرلىرىنى، غەم-قايغۇلىرىنى ياكى خۇشاللىقلىرىنى، ئەتراپىدىكى ئىشلار ھەققىدە ئاڭلىغان-بىلگەنلىرىنى بىر-بىرىگە ئېيتىشىپ پاراڭلىشىش، ئۆزئارا ھال-مۇڭ بولۇشۇش: مەن كىشلەر بىلەن مۇڭدىشىش، سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ئەتراپتا نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىۋالىمەن.

مەنىداش سۆزى: سىردىشىش، پاراڭلىشىش، ئەھۋاللىشىش.

**مۇلازىمەت** ئى. ئەقلىي ياكى جىسمانىي يول بىلەن باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەپ بەرگەن ياكى ئىشلەپ بېرىدىغان ئىش، باشقىلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش ئىشى، خىزمەت ياكى كۈتۈش: شەھەرلەردە باشقۇرۇش ئورگانلىرى ۋە مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى بېزىلارنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ.

مەنىداش سۆزى: خىزمەت.

**مۇلاھىزە** ئى. بىرەر مەسىلىنىڭ ماھىيىتى، قانداقلىقى ھەققىدە يۈرگۈزۈلگەن ئوي-خىيال، تەھلىل، ئانالىز، ھەر تەرەپلىمە

ئويلىنىش: دەرس ئاڭلىغاندا مۇئەللىمنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئۆز-ئۆزىڭىزگە داۋاملىق سوئال قويۇڭ.
**مەنىداش سۆزى:** تەھلىل، ئانالىز.

**مۇنبەر** ئى ① (دەرسخانا، زال، مەسچىت قاتارلىق ئاممىۋى سورۇنلاردىكى دەرس سۆزلەيدىغان، سۆز قىلىدىغان، ۋەز ئېيتىدىغان كىشىلەرنىڭ تۇرۇشى ئۈچۈن) يەردىن ئېگىز قىلىپ لايىھىلەنگەن سۇپا شەكىللىك ئورۇن، سۆزلىگۈچىلەر تۇرىدىغان جاي: مېنىڭ يېنىمدا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ مۇنبەرگە قارىشاتتى. ② كۆچمە. مەيدان، سەھنە، پائالىيەت سورۇنى: ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇنبىرىدىكى مەشھۇر چولپان ئىدى.
**مەنىداش سۆزى:** سەھنە.

**مۇنتىزىم** سۈپ. تەرتىپلىك ھالدا ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىدىغان، بۇزۇلمايدىغان؛ مۇقىم، مۇستەھكەم، مەزمۇت، پۇختا: ئۇ ئون نەچچە يىل مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن زىيالىي ئىدى. ★ ئۇلار بۇ قېتىم مۇنتىزىم قىسىملارنى ئىشقا سالدى.
**مەنىداش سۆزى:** مۇقىم، بۇزۇلماس، مەزمۇت.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** چۇۋالچاق، قالايمىقان.

**مۇنۇ** ئال. ئېيتىپ ئۆتۈلگەن، كۆزدە تۇتۇلغان ياكى جايلاشقان ئورنى سۆزلىگۈچىگە يېقىن دەپ قارالغان ئادەم، نەرسە، ۋەقە-ھادىسە قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش، ئىما قىلىشتا ئىشلىتىلىدۇ: مەن بۇنى مۇنۇ جەدۋەلنى تولدۇرۇش ئارقىلىق ئېيتىپ بېرەي.
**مەنىداش سۆزى:** ماۋۇ، بۇ.

**مۇھاپىزەت** ئى. (ئادەم ۋە نەرسىلەرنى تاشقى تەسىرنىڭ زىيىنىدىن) قوغداش، زىيان-زەخمەتكە ئۇچراتماي ھىمايە قىلىش، ئاسراپ ئامان ساقلاش ئىشى، قوغداش خىزمىتى: بۇ ئۈچەيلەن بۇ قېتىمقى مۇھاپىزەت ۋەزىپىسىنى غەلبىلىك تاماملاپ تەقدىرلەندى.

**مۇھىت** ئى. ئەتراپتىكى كۆرگىلى، بايقىغىلى بولىدىغان،

ئادەمدە تۇرلۇك تەسىر پەيدا قىلىدىغان ئومۇمىي ئەھۋال، تەبىئەت ياكى جەمئىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان شارائىت: ياخشى ئۆگىنىش ئۇچۇن ياخشى ئۆگىنىش مۇھىتىنى ساقلاش كېرەك.

**مۇۋەپپەقىيەت** ئى. قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە، غەلىبە، ئۇتۇق، يېڭىش: ئادەمدە مۇستەھكەم ئىرادە بولسا، ھەرقانداق ئىشتا ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** غەلىبە، ئۇتۇق، يېڭىش، غالىبىيەت.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** مەغلۇبىيەت، يېڭىلىش.

**مۇيەسسەر بولۇش** ئېرىشىش، ئىگە بولۇش، سازاۋەر بولۇش، نائىل بولۇش: بىز ئۆسمۈرلەر ئاتا-ئانىلىرىمىز ۋە مۇئەللىملەرنىڭ بېقىشى، تەربىيىلىشىگە مۇيەسسەر بولىمىز.

**مەنىداش سۆزى:** نائىل بولۇش، سازاۋەر بولۇش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يىراق بولۇش، خالىي بولۇش.

**مۆلچەرلىگۈسىز** سۈپ. مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان، ھېچنېمە بىلەن ئۆلچەپ قىياس قىلغىلى بولمايدىغان، چەكسىز، زور: بۇ كونا قۇدۇق ئالقانچىلىك يەرنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشىلەرنىڭ ھاياتلىقى ئۇچۇن ئۆزىنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

**مۇجمەل** سۈپ. چۈشىنىكسىز، نائېنىق، چۈشەنگىلى بولمايدىغان، ئوچۇق ئەمەس: — تۆمۈرچى يالغان سۆزلەۋاتىدۇ، ئۇنىڭ جاۋابلىرى ناھايىتى مۇجمەل، — دېيىشتۇ ئىككى ۋەزىر.

**مەنىداش سۆزى:** نائېنىق، چۈشىنىكسىز، چىگىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئېنىق، ئوچۇق، روشەن.

**مۇدۇرۇلۇش** پ. سەنتۇرۇلۇش، بىر نەرسىلەرگە پۇتلىشىپ ياكى مەلۇم تەسىرلەرگە ئۇچراپ سىلكىنىپ كېتىش، ئالدى-كەينىگە قاتتىق قېقىلىش: ئۇ ھېلىمۇ باللارغا خاس ئاۋازى بىلەن «مانا ئۇچ بولكا! مانا ئاشقان پۇل!» دەپ ۋارقىرايتتى، مۇدۇرۇلەتتى، يۈگۈرەيتتى.

**مەنىداش سۆزى:** سەنتۇرۇلۇش، قېقىلىش، سىلكىنىش.

**مۇشكۇللۇك** ئى. جاپاسى كۆپلۈك، مۇشەققەتتى ئېغىرلىق، قىيىنلىق، تەسلىك؛ قىيىنچىلىق، چاپا-مۇشەققەت، ئېغىرچىلىق، كۈلپەت: بۇ ئىشنىڭ مۇشكۇللۇكنى دادام ئوبدان بىلەتتى.
★ هاشار يولى ئۈچ كۈنلۈك،/ بىزگە چۈشكەن مۇشكۇللۇك./ بايلار بارسا بىر كۈنلۈك،/ كەمبەغەلگە ئون كۈنلۈك.

**مەنىداش سۆزى:** جاپا، كۈلپەت، مۇشەققەت.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاسانلىق؛ راھەت، ھالاۋەت، پاراغەت.

**مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ** ھېچنېمە مەيدانغا كەلمەيدۇ، ھېچقانداق پايدا كەلمەيدۇ، ئەرزىگۈدەك ئىش بولمايدۇ: مەدىكارلار «قۇرۇق سۆزۈڭگە مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ» دىمپ ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** پايدا كەلمەيدۇ، نەپ چىقمايدۇ.

**مېتال** ئى. تۆمۈر قاتارلىق پارقىرايدىغان، سوزغىلى بولىدىغان، توك (ئېلېكتر) ۋە ئىسسىقلىقنى ياخشى ئۆتكۈزىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە ماددىلار: بۇ بۇيۇملارنىڭ بەزىسى مېتالدىن، بەزىسى سۇلياۋدىن ۋە بەزىسى ياغاچتىن ياسالغان.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** مېتاللوئىد.

**مېھمانخانا** ئى ① ئائىلىلەردە كەلگەن مېھمانلارنى باشلاش ۋە كۈتۈش ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆي: ئۇلارنىڭ مېھمانخانىسى ناھايىتى چوڭ ئىكەن. ② شەھەر ياكى ئۆتەڭلەردىكى يولۇچىلارنىڭ ۋاقىتلىق يېتىپ-قوپۇشى ئۈچۈن تەييارلانغان، بىر يۈرۈش كۈتۈش ئەسلىھەلىرى بار بولغان مەخسۇس ئىمارەت ياكى ساراي: ھاۋا سوغۇق بىر كۈنى مەن خىزمەتدىشىم بىلەن مېھمانخانا ئالدىدا پاراڭلىشىپ تۇراتتىم.

**مەنىداش سۆزى:** ساراي.

**مىجىقىنى چىقىرىش** مىجىپ تاشلاش، يانجىش، ئېزىش؛ مىجىپ كېرەكسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇش، كېرەككە

كەلمەس قىلىۋېتىش: ئالىم ئاچچىقىدا داسنى دەسسەپ مىجىقىنى چىقىرىۋەتتى.

**مىراس** ئى ① ئۆلگەنلەردىن قالغان مال-مۈلۈك، بايلىق: بۇ ئايالنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ئۆزى بىر مىراس مەسىلىسى بىلەن كەپتۇ. ②ئىلگىرى ئۆتكەنلەردىن كېيىنكىلەرگە ئۆرنەك بولۇپ قالغان ئىلمىي، ئەدەبىي، كەسپىي، مەدەنىي ۋە شۇ قاتارلىقلارغا ئائىت نەرسىلەر؛ بايلىق، ھۈنەر-كەسىپ ياكى ئىلىم-پەن نەتىجىلىرى: بىز داۋاملىق ئىزدىنىپ ئۆزىمىزنىڭ تارىخىي مىراسلىرىمىزنى تېخىمۇ تولۇق يىغىشىمىز، رەتلىشىمىز لازىم.

**مىكروب** ئى. كۆز بىلەن كۆرۈپ ياكى قول بىلەن تۇتۇپ بايقىغىلى بولمايدىغان، پەقەت مىكروسكوپ ئارقىلىقلا كۆزەتكىلى بولىدىغان ئىنتايىن كىچىك جانلىق تەنچىلەر ياكى ئۆسۈملۈك تەنچىلىرى: ئېچىغان مېۋىلەردە كېسەل قوزغاتقۇچى مىكروبلار بولىدۇ، شۇڭا ئۇنداق مېۋىلەرنى يېمەسلىك كېرەك.

**مىكروسكوپ** ئى. ناھايىتى كىچىك نەرسىلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئەينەكتىن ئالاھىدە ياسالغان ئەسۋاب: باكتېرىيە، مىكروب ۋە ۋىرۇسلارنى پەقەت مىكروسكوپ ئارقىلىقلا كۆرگىلى بولىدۇ.

**مىكروفون** ئى. ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى (توك) ئارقىلىق ئاۋازنىڭ ياڭراقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ئۈسكۈنە، شەكلى خىلمۇخىل بولىدۇ: بىر ساۋاقداش ئويۇن كۆرۈۋاتقانلارغا مىكروفون ئارقىلىق كۆرستىلىۋاتقان ئويۇنلارنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى.

**مىللىي ئازادلىق** مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ئەللەردىكى خەلقلەرنىڭ ۋە بارلىق ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقى، ئېزىلگەن كىشىلەرنىڭ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ ھۆرلۈككە چىقىشى، مەھكۇم مىللەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئازاد بولۇشى: ئەخمەتجان قاسىمى 1944- يىلى غۇلجىدا قوزغالغان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىغا ئالدىنقى قاتاردا قاتناشتى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلدى.

**مىننەتدارلىق** ئى. (باشقىلارنىڭ ياخشىلىقى ۋە يەتكۈزگەن مەنپەئەتىدىن) رازى بولغانلىق، مەمنۇنلۇق؛ ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن ئېيتىلغان رەھمەت، تەشەككۈر: ھېلىقى كەمبەغەل ئادەم ئەپەندىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، كېتىشكە تەييارلىنىپتۇ.

**مەنداش سۆزى:** مەمنۇنلۇق، رازىلىق؛ رەھمەت، تەشەككۈر.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** نارازىلىق، ئېتىراز؛ شىكايەت.

**مىنىستىر** ئى. دۆلەت مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ساھەلەر بويىچە بۆلۈنگەن خىزمەت ئورگىنى — مىنىستىرلىقنىڭ باشلىقى. پادىشاھلىق تۈزۈمدىكى دۆلەتلەردىكى ۋەزىر بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ: ئۇ ئىلگىرى خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بولغانىدى.

**مىيىق** ئى. ئېغىزنىڭ بۇرجىكى، لەۋنىڭ مەگز بىلەن تۇتاشقان يېرى: تۆمۈرچى مىيىقىدا كۈلۈپتۇ-دە: — ئىككى ئۆكۈز سىلەر، مەن سىلەرنىڭ قۇرۇق سۆگىنىڭلارنى شاھقا ئەۋەتىمەن، — دەپتۇ.

# ن

**نابۇت** ئى. خانىۋەيران، ھالاك، يوقىلىش، ۋەيران، بەربات: فېئوداللىق خۇراپاتلىق راستىنلا ئادەمنى نابۇت قىلىدىكەن.

**مەنداش سۆزى:** ۋەيران، ھالاك، بەربات.

**نابۇت بولۇش** ۋەيران بولۇش، ھالاك بولۇش، چوڭ زىيانغا ئۇچراپ ئەسلى-ۋەسلىدىن ئايرىلىش، يوقىلىش: ئەگەر بىزلەر ياخشى ئوقۇپ بىلىملىك بولالمىساق، مىللىتىمىز، خەلقىمىزنىڭ ئىستىقبالى نابۇت بولىدۇ.

**مەنداش سۆزى:** يوقىلىش، ھالاك بولۇش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** روناق تېپىش، زورىيىش، گۈللىنىش.

**نابۇت قىلىش** يوقىتىش، ھالاك قىلىش، ۋەيران قىلىش، قايتا ئەسلىگە كېلەلمىگۈدەك دەرىجىدە زور زىيانغا ئۇچرىتىش: ئۇنىڭ ئېتىزىنى ياۋا ئوت-چۆپلەر بېسىپ كېتىپ، زىرائەتلىرىنى نابۇت قىلىۋېتىپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** يوقىتىش، ھالاك قىلىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ياشنىتىش، گۈللىتىش.

**ناچار** سۈپ. ياخشى ئەمەس، ئەسكى؛ ئۆلچەمگە يەتمىگەن، نورمال چەكتىن تۆۋەن، لاياقەتسىز: بۇ كىتاب ناھايىتى ناچار ئىكەن، بۇنداق كىتابنى ئوقۇغانىنىڭ بىرگە ھېچقانداق پايدىسى يوق.

**مەنىداش سۆزى:** ئەسكى، لاياقەتسىز، ئوسال.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ياخشى، ئوبدان، ئېسىل، ئەلا.

**نادان** سۈپ ① ئىلىم-پەندىن خەۋىرى يوق، سەۋىيىسى تۆۋەن، تەربىيە كۆرمىگەن، ساۋاتسىز، قارا قورساق: نادان كىشىلەرنى ئالداش ئوڭاي، بىراق ئۇلارمۇ ھامان بىركۈنى ئالدانغانلىقىنى بىلىپ قالىدۇ. ② ئەقلىي ئىقتىدارى تۆۋەن، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان، دۆت: ئۇ دائىم ئۆزىنى ئەقىللىق، باشقىلانى نادان ھېسابلاپ تەكەببۇرلۇق قىلاتتى.

**مەنىداش سۆزى:** بىلىمسىز، ساۋاتسىز؛ دۆت، ئەخمەق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بىلىملىك، دانا؛ ئەقىللىق، سەزگۈر.

**ناماقۇل بولۇش** بىرسىنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكى ياكى قىلىپ سالغان خاتا سۆز-ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن ئەپۇ سوراش، سەۋەنلىكىنى تونۇپ كەچۈرۈم سوراش، ئۆز سەۋەنلىكىنى ئۇستىگە ئېلىپ قارشى تەرەپ ئالدىدا توۋا قىلىش:

— بۇ ئىشقا مەن ئۆزۈم ئىگە، كېيىن سىلىگە ناماقۇل بولۇپ چايمۇ تۇتارمەن،

— دېدى ئۇ تۆۋەنچىلىك بىلەن.

**مەنىداش سۆزى:** ئەپۇ سوراش، كەچۈرۈم سوراش، توۋا قىلىش.

**نامايان قىلىش** ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈش، ئوچۇق كۆرسىتىش،

ئاشكارا بىلدۈرۈش، ئوچۇق-ئاشكارا ئىپادىلەش: ئالىم بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ئۆزىنىڭ يۇقىرى ماھارىتىنى نامايان قىلىپ، زور ئۇتۇققا ئېرىشتى.

**نامايەندە** ئى. ئوخشاش تۈردىكى نەرسىلەر ياكى كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر بولغان، ئەڭ ئالىي ئورۇندا تۇرىدىغان ۋەكىللىك خاراكتېردىكى نەرسە ياكى كىشى، ئەڭ ئېسىل ئۈلگە، ئەڭ مەشھۇر ۋەكىل: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ئۇيغۇر لۇغەتچىلىكىنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى.

مەنىداش سۆزى: ئۈلگە، ئۆرنەك؛ ۋەكىل.

**ناۋاي** ئى. نان يېقىپ سېتىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان كىشى، دائىم دېگۈدەك نان ياقىدىغان كىشى: ئەخمەتجان ئاۋۋال ناۋايخانىغا كىرىپ ناۋايلاردىن ھال سورىدى.

مەنىداش سۆزى: نان ياققۇچى، نان ساتقۇچى.

**ناۋايخانا** ئى. نان ياقىدىغان ۋە نان يېقىپ ساتىدىغان ئۆي، ناۋاينىڭ دۇكىنى: ئەخمەتجان ئاۋۋال ناۋايخانىغا كىرىپ، ناۋايلاردىن ھال سورىدى.

**ناىناقلاش** ئى. بەللىرىنى تولغاپ، باش-كۆزلىرىنى ئوينىتىپ قىلىنىقسىز ھەرىكەتلەر بىلەن كىشىگە سۈركىلىش، تېتىقسىز قىلىقلار بىلەن ئەركىلەش، غىلجىڭلاش، بىمەنە ئەركىلەش: ئۇ ھېچ ئەيمەنمەستىنلا ناىناقلاپ كېلىپ پارتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى.

مەنىداش سۆزى: غىلجىڭلاش.

**نەپەسلىنىش** پ. نەپەس ئېلىش، ھاۋا سۈمۈرۈش، تاشقى مۇھىت بىلەن ھاۋا ئالماشتۇرۇش: نەپەسلىنىش قىيىنلاشسا، چېنىقىشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

**نەزەر سېلىش** دىققەت بىلەن قاراش، سەپ سېلىپ قاراپ ئەتراپلىق كۆزىتىش: لۇتپۇللا كېتىۋېتىپ ئەتراپقا نەزەر سالاتتى ۋە تاتلىق ھېسلارغا تولۇپ، يولنى داۋام قىلاتتى.

مەنىداش سۆزى: قاراش، كۆز سېلىش، سەپ سېلىش.

**نەس** ① سۈپ. يۈيۈنمىغان، پاسكىنا؛ ئىپلاس، پەس، رەزىل: ھەي نەس توخۇ! بالدۇرمۇ چىللىمايدۇ، كېيىنمۇ قالمايدۇ. ② ئى. ئوڭۇشسىزلىق، كېلىشمەسلىك، پالاكەت: غەپلەتتە قالغان كىشىنى نەس باسىدۇ.

**نەقىش** ئى ① نەرسىلەرنىڭ يۈزىگە ئويۇپ ياكى كۆپتۈرۈپ چىقىرىلغان بېزەك، گۈل ياكى خىلمۇخىل نۇسخىدىكى تەسۋىر: نەقىش ئويۇش. نەقىش چىقىرىش. ★ باھار بېقىملىق، ئىلھام بەخشتۇر./ باھار شادلىقى، دىلغا نەقىشتۇر. ② ئاپتۇۋا جوغىسىنىڭ ئۈستىدىكى تاجىغا ئوخشاش چىقىرىلغان گۈل نۇسخىسى: ئۇ ئاپتۇۋنىڭ نەقىشگە ھەۋەس بىلەن قاراپ قويدى.

**نەمخۇش** سۈپ. بىرئاز نېمى بار، نەمرەك، ھۆلرەك؛ تازا قۇرۇق ئەمەس ياكى تولۇق قۇرۇپ كەتمىگەن، نەملىكى تولۇق يوقالمىغان: ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدىكى يول خۇددى ھېلىلا يامغۇر يېغىپ ئۆتكەندەك، دائىم نەمخۇش تۇرىدۇ.

**نەمۇنە** ئى ① كىشىلەر تەقلىد قىلىدىغان، دورايدىغان، ئۈلگە قىلىدىغان نەرسە، ھادىسە ياكى كىشى، ئۈلگە، ئۆرنەك، تىپ: چوڭى ئەمدى توققۇز ياش،/ كىچىكلىرى يەتتىدە./ بۇ پىئونېر غۇنچىلار، /نەمۇنىدۇر ھەممىدە. ② بىر تۈردىكى نەرسىلەر ئىچىدىن ئۈلگە قىلىپ تاللانغان نۇسخا، ئەۋرىشكە: ئۇ جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق كۆپلىگەن تەتقىقات نەمۇنىلىرىنى توپلىدى. ③ مىراس ياكى خاتىرە ئۈچۈن قالدۇرۇلغان يادىكارلىق، يالداما: بۇ قازان ئاتا-بوۋىمىزدىن قالغان بىردىنبىر نەمۇنە ئىدى.

مەنداش سۆزى: ئۈلگە، ئۆرنەك.

**نوتا** I ئى. دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈپىنى (غولىدىن) يېڭى ئۆسۈپ چىققان يۇمران شېخى: ھازىر مەملىكىتىمىزدىكى بەزى رايونلار نوتا، مايسا ۋە گۈل-گىياھ ئۆستۈرۈشلەردە تۇپراقسىز ئۆسۈملۈك ئۆستۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانماقتا.

**نوتا** Ⅱ ئى. بىر دۆلەتنىڭ يەنە بىر دۆلەتكە يازما شەكىلدە تاپشۇرغان رەسمىي مۇراجىئەتنامىسى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇ مەسىلە توغرىلىق ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە نوتا تاپشۇردى.

**نوتا** Ⅲ ئى. مۇزىكا ئاۋازلىرىنىڭ شەرتلىك بەلگىسى ياكى شۇنداق بەلگىلەر بىلەن يېزىلغان مۇزىكا ئەسىرىنىڭ تېكىستى ۋە ياكى شۇنداق تېكىستلەر يېزىلغان دەپتەر، كىتاب قاتارلىقلار: مەن تېخى نوتا بىلمەيمەن. ★ رازىيە نوتىغا قاراپ مۇزىكا چالالايدۇ.

**نور** ئى ① تۇگمەن چۇشۇرگىسى، ئۆگزە قاتارلىق ئېگىزرەك جايلارغا ئورنىتىلىدىغان ھەمدە سۇ چۇشۇرۇش رولىنى ئۆتەيدىغان، ئوتتۇرىسى كاۋاك يېرىم چەمبەر شەكىللىك ئۇزۇن قۇرۇلما. ياغاچ غولىنى ئويۇپ ياكى سېمونت قاتارلىقلاردىن قۇيۇپ ياسىلىدۇ، رېزىنكە، سۇلياۋ، تۆمۈر قاتارلىقلاردىن ياسالغانلىرىمۇ بار: تۇگمەننىڭ نورى ئۇستىدە ساڭگىلىشىپ تۇرغان چوكا مۇزلار ۋاللىداپ چاقنايتتى. ② ئەتراپى ياكى سىرتقى قەۋىتى توسۇق، ئوتتۇرىسى كاۋاك، توغرىسى دۇگىلەك بولغان ئۇزۇن سىلىندىر شەكىللىك بۇيۇم ياكى قۇرۇلما. ئادەتتە سۇ، ھاۋا قاتارلىق نەرسىلەرنى بىر تەرەپتىن يەنە بىر تەرەپكە ئۆتكۈزۈش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدۇ: ئۇلار يولدىن ئۆتىدىغان ئېرىقلارنى راۋانلاشتۇرۇش ئۇچۇن سېمونت نور ياساتقۇزدى.

**نومۇس** ئى ① ئادەمنىڭ ئۆز ئابرۇيىنى قەدىرلەش تۇيغۇسى، ۋىجدان: — ھەرقانچە بولسىمۇ، ئۆز نومۇسۇمنى يوقاتمايمەن، — دېدى ئۇ زەردە بىلەن. ② خىجالەت بولۇش تۇيغۇسى، ئۇيات، ئىزا-ئاھانەت، ئار، شەرم-ھايا: ئۇ دادىسىنى كۆرۈپ نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولدى. ③ پاكلىق، ئىپپەت (ئاياللارغا نىسبەتەن): — دىۋانە بولۇپ كەتسەممۇ نومۇسۇمنى ساتمايمەن، — دېدى رازىيە غەزەپ بىلەن.

**مەنىداش سۆزى:** ۋىجدان؛ شەرم-ھايا، ئۇيات؛ خىجالەتچىلىك؛ ئىپپەت.

**نېفىت** ئى. يەر پوستىدا ساقلىنىدىغان سۇيۇق يەر ئاستى بايلىقى.

ئاسانلا كۆيىدۇ، رەڭگى قوڭۇر، تۇتۇق يېشىل ياكى قارا بولۇپ، تاش قاتلىمىدىكى بوشلۇقلارغا سىڭگەن بولىدۇ. دىستىللەش (پارلاندۇرۇش) ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭدىن بېنزىن، كىرسىن، دىزېل، سىلىقلاش مېيى، موم ۋە قارا ماي قاتارلىقلار ئاجرىتىپ ئېلىنىدۇ: شىنجاڭنىڭ نېفىت بايلىقى ئىنتايىن كۆپ.

**نېمەت** ئى. يېمەك-ئىچمەك، ئوزۇق-تۈلۈك، ئومۇمەن ئاچلىقنى قاندۇرۇپ، كىشىگە توقلۇق، راھەت بېغىشلايدىغان نەرسە: ئىلىم-پەن نۇرى ھېكمەتتۇر،/ كىشىگە مەڭگۈ نېمەتتۇر./ ئىلىمنىڭ تەرىپى پۈتمەس، / كۆتۈرسەڭ قانچە ئاسمانغا.

**نېمىدېگەن** رەۋ. نەقەدەر، ئاجايىپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە، ئالامەت، ناھايىتى: مەن ئۇنىڭغا كۈلۈپ تۇرۇپ «سېنىڭ ئىلگىرىلىشىڭ نېمىدېگەن تېز-ھە!» دېدىم.

مەنىداش سۆزى: نەقەدەر، نېمانچە.

**نىلون** ئى. ئىسسىقتا يۇمشايدىغان بىر خىل ئەۋرىشىم خىمىيىلىك ماددا ھەم ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن سۇلياۋ ياكى تالا ۋە ياكى شۇ خىل تالادىن توقۇلغان رەخت، كاپرون: نىلون بىر خىل خىمىيىۋى تالادۇر.

**نىيەت** ئى. كۆڭۈلدىكى مەقسەت، كۆڭۈلگە پۈككەن ئارزۇ-ئىستەك: مەن ئاپامنى يوقلاپ ئۆتۈش نىيىتىدە ماشىنىغا ئولتۇرماي پىيادىلا يولۇپ كەتتىم.

مەنىداش سۆزى: مەقسەت، غەرەز.

## ھ

**ھاپىلا-شاپىلا** ئالدىراپ-تېنەپ، ناھايىتى تېزلىك بىلەن؛ ياخشىراق ئويلانماستىن، ئالدىراقسانلىق بىلەن: ئالىيە تاماقنى

هاپىلا-شاپىلا يەپلا، چىنە-قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيىنىڭ كەينىگە ئۆتتى.

**مەنىداش سۆزى:** ئالدىراپ، تېز.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** مىسسىلداپ، سۆرىلىپ، ئالدىرىماستىن.

**هاجەتسىز** سۈپ. هاجىتى يوق، كېرىكى ياكى لازىمى يوق؛ بىھۇدە، ئوشۇقچە: هازىرقى ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىزگە ياردىمى بېرىشى هاجەتسىز ئىدى.

**مەنىداش سۆزى:** بىھاجەت، كېرەكسىز، ئارتۇقچە.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** هاجەتلىك، زۆرۈر.

**هادىسە** ئى. تەبىئەتتە ياكى كىشىلىك تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر؛ زىيانلىق هەم تاسادىپىي كۆرۈلگەن ۋەقە، كېلىشمەسلىك: ئۇنىڭ دادىسى ماشىنا هادىسىسىگە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەن.

**هارماي-تالماي** هاردىم-تالدىم دېمەي، هېرىپ-چارچاشنى ئۇنتۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن، بوشاشماي تىرىشىپ، غەيرەت ئۇستىگە غەيرەت قوشۇپ: ئۇلار ئۈچ كېچە-كۈندۈز هارماي-تالماي كۈرەش قىلىپ ئاپەتنى تىزگىنلىدى.

**هازىرلاش** پ. هازىر قىلىش، تەييار قىلىش، بارلىققا كەلتۈرۈش، تەييارلاش ياكى يارىتىش: كۆپچىلىكنىڭ پىكىر هازىرلاپ، ئۆز ۋاقتىدا يىغىنغا قاتنىششىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**مەنىداش سۆزى:** تەييارلاش.

**هاسىراپ-هۆمۈدەش** بەك جىددىيلىشىش ياكى قورقۇش سەۋەبلىك نەپىسى قىيىنلىشىپ تېز-تېز ۋە ئۈزۈك-ئۈزۈك نەپەس ئېلىش، هاسىراپ قېلىش، ئالدىراپ-تېنەش: ئۇ هاسىراپ-هۆمۈدىگەن هالدا ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ.

**هاشارات** ئى. بوغۇم پۇتلۇق هايۋانلارنىڭ بىر تۈرى، يەنى هەرە، چىۋىن، پاشا، چېكەتكە، بۆرگە، كۆكپېت قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئۇششاق جانىۋارلارنىڭ ئورتاق نامى، ئۇلارنىڭ

تېنى باش، كۆكرەك ۋە قورساقتىن تۈزۈلىدۇ. كۆكرەك قىسمىدا ئۈچ جۈپ پۇتى، ئىككى ياكى بىر جۈپ قانىتى بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ قانىتى بولمايدۇ. كۆپ ساندىكى ھاشاراتلار تۇخۇم، لىچىنكا، قورچاق ۋە يېتىلگەن تەندىن ئىبارەت تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدۇ: بۇ يىل تېرىلغۇلار ھاشارات ئاپىتىگە ئۇچرىدى.

**ھاكاۋۇر** سۈپ. ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، مەنمەنچى، تەكەببۇر، ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ كۆرەڭلەيدىغان: ئۇ تولىمۇ ھاكاۋۇر بىر نېمە ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن كېلىشەلمىدىم.

**مەنىداش سۆزى:** پوچى، يوغانچى، مەنمەنچى، كۆرەڭ، تەكەببۇر.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كىچىك پېئىل، كەمتەر، مۇلايىم.

**ھاكاۋۇرلۇق** ئى. ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق، مەنمەنچىلىك، تەكەببۇرلۇق، چوڭچىلىق، يوغانچىلىق: — بۇ ئەيىنەكچى گادايىنىڭ يوغانلىقىنى قارا، — دېيىشتى ئۇ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن.

**مەنىداش سۆزى:** يوغانچىلىق، تەكەببۇرلۇق، پوچىلىق، چوڭچىلىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كەمتەرلىك، مۇلايىملىق، كىچىك پېئىللىق.

**ھاڭ-تاڭ بولۇش** ھەيران بولۇش، تەئەججۇپلىنىش، ئەجەبلەنگەنلىكتىن ھاڭ قېتىپ قېلىش، ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قېلىش: ئۇ مېنىڭ ھەم خۇشال، ھەم ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالغىنىمنى كۆرۈپ، ماڭا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

**ھاڭۋېقىش** پ. ھېچنېمىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىش، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قېلىش، بىخۇدلۇق بىلەن تۇرۇپ قېلىش:

خوجايىن گەپتىن يىگىلىپ، ھاڭۋېقىپ قاراپ قاپتۇ.

مەنىداش سۆزى: ھاڭقېتىش، ھاڭقېيىش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: سالماق تۇرۇش، پەرق ئېتىش.

**ھال ئېيتىش** ئەھۋال مەلۇم قىلىش؛ دەرد ئېيتىش، دەرد-ئەلەمنى تۆكۈش، ئەرز-شىكايەت قىلىش: — شۇنىڭغىمۇ پۇل تۆلەش كېلەمدۇ، تەقسىر؟ — دەپتۇ كەمبەغەل ئادەم ئەپەندىگە ھال ئېيتىپ.

**ھالاكەت** ئى. ئۆلۈش، يوقىلىش، ۋەيران بولۇش خاراكتېرىدىكى مەغلۇبىيەت؛ ئۆلۈم: ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ ھالاكەتكە يۈزلەنگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ياۋاشلاپ قالدى.

**ھالقىپ ئۆتۈش** مەلۇم چەك ياكى دائىرىنىڭ ئۈستىدىن، سىرتقى قىسمىدىن ئاتلاپ ئۆتۈش، سەكرەپ ياكى ئۈستىدىن شۇڭغۇپ، تاقلاپ ئۆتۈش؛ سىرتىغا چىقىپ كېتىش، ئېشىپ كېتىش، تېشىپ كېتىش: ھەققىي يەل بېرىلگەن پاراخوتلار سازلىقلاردىمۇ يۈرەلەيدۇ، خەندەكلەر ئۈستىدىن ھالقىپ ئۆتەلەيدۇ. ★ كەلكۈن بارغانچە ئۇلغىيىپ كۆۋرۈكتىن ھالقىپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

**ھالقىلىق** سۈپ ① ھالقىسى بار، ھالقا ئورنىتىلغان؛ ھالقا ئاسقان: ھالقىلىق دەرۋازا. ② ھالقا ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان ياكى ھالقا ياسىغىلى يېتىدىغان، ھالقا قىلىشقا بولىدىغان: ئۈچ ھالقىلىق تۆمۈر. ③ كۆچمە. ھەل قىلغۇچ، جىددىي، مۇھىم، ئاچقۇچلۇق: تاۋۇزدىن مول ھوسۇل ئالىدىغان ھالقىلىق پەيتتە مۆلدۈر يېغىپ، تاۋۇزلارنى زور زىيانغا ئۇچراتتى.

مەنىداش سۆزى: ئاچقۇچلۇق، ھەل قىلغۇچ.

**ھامان** رەۋ ① داۋاملىق، ھەرقانداق ۋاقىتتا، توختىماي، دائىم: مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، بىز ھامان تىرىشىپ ئۆگىنىمىز. ② بىرەر ۋەقە-ھادىسە يۈز بەرگەن پەيتنىڭ ئۆزىدە، شۇ زامان، شۇ ئاندا: كىتاب پارتا ئۈستىگە تاشلىنىشى ھامان ئالىيە كىتابنى ئېلىپ قاچتى. ③ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم، ئاقىۋەتتە، ئاخىرقى

ھېسابتا: سەن ھەرقانچە قىلساڭمۇ، ئۇ ھامان كېلىدۇ.

**ھامىيلىق** ئى. ھىمايىسىگە ئېلىپ قوغداش ئىشى، ھىمايە، مۇھاپىزەت: ئاتا-ئانا ياكى باشقا ھامىيلىق قىلغۇچىلار قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە بولغان ھامىيلىق مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشى لازىم.

**ھاۋا كىلىماتى** ھاۋا ئۆزگىرىشىنى كۆزىتىش ئارقىلىق خۇلاسىلەپ چىقىلغان ھاۋا رايى ئەھۋالى، ھاۋا رايى: ساياھەتكە چىققاندا ھاۋا كىلىماتى ياخشى كۈنلەرنى تاللاپ چىقىش كېرەك.

**ھايات** ① ئى. ئادەم ۋە جانلىقلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك مەۋجۇتلۇقى، يەنى ھەرىكەتلىنىش، ياشاش قابىلىيىتى، جېنى: بىز ئۇلارنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىمىز. ② سۈپ. ئۆلمىگەن، جېنى بار، تىرىك ياشاۋاتقان: ئۇنىڭ دادىسى ھايات ئادەم، قالايمىقان گەپ قىلماڭلار. ③ رەۋ. تىرىك، ساق ھالدا، ئۆلمەي: دادام ئاخىرى ھايات قايتىپ كەپتۇ. ④ ئى. تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۆلگەنگە قەدەر بولغان ياشاش دەۋرى، ئۆمۈر: قارىغاندا ئۇنىڭ ھاياتى ئاز قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. ⑤ ئى. ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە جانلىق مەۋجۇدات، جانلىق: قۇياش بارچە ھاياتقا كۈلۈپ قارايتتى. ⑥ ئى. تۇرمۇش، تىرىكچىلىك؛ ئادەم ۋە جەمئىيەتنىڭ ياشاش ۋە پائالىيەت ئادىتى، يوسۇنى: بىزنىڭ ئائىلىۋى ھاياتىمىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتمەكتە. ★ بۇ كىتاب مېنىڭ مەنىۋى ھاياتىمدا زور بىر بۇرۇلۇش پەيدا قىلدى.

**مەنىداش سۆزى:** جان؛ جانلىق؛ تىرىك؛ ئۆمۈر؛ تۇرمۇش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۆلۈك.

**ھاياجانلىنىش** پ. ھاياجانغا چۆمۈش، ھاياجانغا كېلىش، ئىچكى روھىي ھالىتى دولقۇنلىنىش: ئالىم ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھاياجانلىنىپ ئولتۇرالماي قالدى.

**ھايال قىلىش** دەل ۋاقتىغا ئۇلگۇرەلمەي قىلىش، كېچىكىش، ۋاقىت جەھەتتىن كېيىن قىلىش: ئاخىرىدا بوۋايىنى ئۇ ئىزدىتىپتۇ، /ساقچىلارمۇ ھايال قالماي كەلتۇرۇپتۇ.

**ھەتتا** ① باغل. تەڭداش بۆلەكلەرنى باغلاش رولىدا كېلىپ، ئالدىنقى بۆلەكتىكى نەرسە ياكى ئىش-ھەرىكەتكە نىسبەتەن كېيىنكى بۆلەكتىكى نەرسە ياكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئالاھىدىرەك ياكى دەرىجە جەھەتتىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: بۇ يەرگە ھەر-ھەر ئادەملەر، ھەتتا دۆلەت رەئىسلىرىمۇ كېلىپ تۇرىدۇ. ② يۈك. جۈملىدە نۇقتا قىلىنغان بۆلەكنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ، شۇ بۆلەكنىڭ ئىلگىرىلەپ ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ۋە كۆپىنچە شۇ مەنىدىكى «-مۇ» يۈكلىمىسى بىلەن ماسلىشىپ كېلىدۇ: ئۇ خەلق ئۈچۈن ھەتتا جېنىنىمۇ ئايىمىدى.

**ھەتتەك** ئىم. قاتتىق ئەپسۇسلانغانلىقنى ياكى تەقەززا بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: — ھەتتەك، — دېدى بەرمەس باي بېشىنى چايقاپ قويۇپتۇ، لېكىن ئۇ ئالدار كوسىنى مېھمان قىلىشنى زادىلا خالىماپتۇ.

مەنىداش سۆزى: ھەتتەڭەي.

**ھەدەپ** رەۋ. پۈتۈن كۈچى بىلەن، توختىماستىن كۈچەپ، بولۇشىغا، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە: ئاشخانا خوجايىنى بىر كەمبەغەل ئادەمنى ھەدەپ ئۇرۇۋاتقۇدەك.

مەنىداش سۆزى: كۈچەپ، توختىماستىن.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: بوش، ئاستا، توختاپ-توختاپ.

**ھەددىدىن ئېشىش** چېكىدىن ئېشىش، بەك كۆرەڭلەپ كېتىش، ھالىغا باقماي ھاكاۋۇرلىشىش: ئۇنىڭغا ئىلھام بولسۇن دەپ ئازراق ماختاپ قويساق، ئۇ ئۆزىنى بىلمەي بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى.

**ھەزىم قىلىش** بەدەنگە سىڭدۈرۈش، ئۆزلەشتۈرۈش، سۈمۈرۈپ بەدەندىكى جىسمانىي قۇۋۋەتكە ئايلاندۇرۇش: چىشنىڭ ئەڭ مۇھىم رولى يېمەكلىكلەرنى چايناپ يۇمشىتىپ يۇتۇش ۋە ھەزىم قىلىشقا ئاسانلىق يارىتىشتۇر.

**ھەسرەت** ئى. روھىي ئازاب، غەم-قايغۇ، دەرد-ئەلەم: ئۇ كەتكەندىن كېيىن مەن ھەسرەت بىلەن لېۋىمنى چىشلەپ قالدىم.

مەنىداش سۆزى: قايغۇ، ئازاب، دەرد.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: خۇشاللىق، شادلىق، خۇرسەنلىك.

**ھەل قىلىش** بىر تەرەپ قىلىش، توغرا بېجىرىش: ئاتا ــ ئانىمىز بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بەزىدە ھەل قىلىش قىيىن بولغان يا ئۇنداق، يا بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە.

**ھەم** ① باغل. جۈملە تەركىبىدىكى تەڭداش بۆلەكلەرنى بىر-بىرىگە باغلاش رولىنى ئۆتەيدۇ: مەن دادامنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ ھەم خوش بولدۇم، ھەم قورقتۇم. ② يۈك. جۈملىدە بىرەر بۆلەكتىن كېيىن كېلىپ، ئۇنى تەكىتلەش ياكى مەنە جەھەتتىن كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ: ــ شۇنداق، ــ دېدى بوۋاي ھەم.

**ھەمسەپەر** ئى. بىللە سەپەر قىلغۇچى، سەپەرداش، سەپەردە بىللە بولغۇچى: ئۇلاردىن بىرى بىچارە ھەمسەپىرىنى ئۇچۇپ كېلىپ تۇتۇۋالماقچى بولغانىكەن، ئۆلگۈرەلمەي قاپتۇ.

مەنىداش سۆزى: سەپەرداش، ھەمراھ.

**ھەمشىرە** ئى ① قىز قېرىنداش، ئاچا ياكى سىڭىل: گۈلچەننەتنىڭ ئىككى ھەمشىرىسى بار ئىكەن. ② كۆچمە. دوختۇرخانىلاردا، بولۇپمۇ ئۇرۇش مەيدانلىرىدا يارىدارلارغا قارايدىغان، ئۇلارنىڭ جاراھەتلىرىنى تېڭىش، داۋالاش قاتارلىق ئىشلارغا ياردەملىشىدىغان ئايال خادىم: بۇ قىز بىزنىڭ قىسمىنىڭ ھەمشىرىسى، ھاشىم ئاكامنىڭ قىزى رىزۋانگۈل بولىدۇ.

**ھەمكارلىشىش** پ. ئۆملىشىپ ماسلىشىش، يېقىندىن ياردەملىشىش: ساياھەت جەريانىدا يولدىن ئېزىپ قالماسلىق ئۈچۈن ساۋاقداشلار ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، ئالاقىلىشىپ تۇرۇش كېرەك.

مەنىداش سۆزى: ياردەملىشىش.

**ھەۋەسكار** ئى. (بىرەر نەرسىگە) قىزىقىدىغان، ياخشى كۆرۈپ ئىنتىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئىستىكىدە ئىزدىنىۋاتقان

كىشى، ئىززەتلىك ئادەم(؟)

كىشى، ئىززەنگۈچى: سىنىپىمىزدا شېئىر يېزىشقا قىزىقىدىغان ھەۋەسكارلار خېلى كۆپ. ★ ئوقۇغۇچىلار ياش ئوغۇل-قىزلار،/ چۈمۈلىلەر ئىلمۇ ئېرىپانىغا./ ئوقۇشىنىڭ راست چېغى شۇلدۇر،/ ھەۋەسكار قىز ۋە ئوغلانىغا.

**ھودۇقۇش** پ. تەمتىرەش، گاڭگىراش، نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئالاقزادە بولۇش، ساراسىمىگە چۈشۈش: ئۇ ھودۇققىنىدىن كىتابنى ئالدىراپ-تېنەپ يوشۇرۇپ قويۇپ، ئىشكنى ئېچىپ بەردى.

**مەنىداش سۆزى:** گاڭگىراش، تەمتىرەش.

**ھوقۇق** ئى ① سىياسىي جەھەتتىكى مەجبۇرلاش كۈچى: ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش كېرەك. ② قانۇن تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، ئۆز ۋەزىپە دائىرىسىدىكى ماسلاشتۇرۇش، تەرتىپكە سېلىش كۈچى؛ ۋەزىپە، ئەمەل، مەنسەپ: بىزنىڭ مۇدىر ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، شەخسىيەتچىلىك قىلىدىغان ئادەم ئەمەس. ③ شەخسلەرنىڭ قانۇن تەرىپىدىن كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان ئەركىنلىكى، ئىختىيارى ياكى بەھرىلىنىشكە تېگىشلىك ھەق-مەنپەئەتى: بىز كىچىك بولساقمۇ، ئائىلىمىزدە ئۆزىمىزگە خاس ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتىمىز بار.

**مەنىداش سۆزى:** ئەمەل، مەنسەپ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** مەجبۇرىيەت، بۇرچ.

**ھۇزۇر** I ئى. راھەت، ئارام، پاراغەت، تىنچلىق، خاتىرجەملىك، لەززەت: — قاراڭ، — دېدى ئۇ ماڭا ئەتراپنى كۆرسىتىپ، — نېمىدېگەن مەنزىرىلىك جايلار-ھە، مۇشۇنداق جايدا دائىم ئايلانسا نېمىدېگەن ھۇزۇر!

**مەنىداش سۆزى:** راھەت، لەززەت، بەخت.

**ھۇزۇر** II ئى. نوپۇزلۇق ياكى ھۆرمەتلىك كىشىلەرنىڭ ئولتۇرىدىغان ئالدى، تۇرار جايى ياكى شۇنداق كىشىنىڭ قېشى، ئالدى، يېنى، تۇرغان يېرى: ئۇلار پۈتۈن بىر كۈن قاسىمبەگنىڭ ھۇزۇرىدا بولدى. ★ ۋەزىر يۈكلىرىنى بىر يەرگە جايلاپ قويۇپ، شاھ ھۇزۇرىغا بېرىپتۇ.

**ھۇزۇرلۇق** سۈپ. ھۇزۇرى بار، كىشىگە لەززەت، ھۇزۇر بېغىشلايدىغان، ئارامبەخش، راھەتلىك: چىرايلىق كىيىم-كېچەكلەر، ئازادە ھەم ھۇزۇرلۇق ئۆيلەر، قولايلىق قاتناش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بېزا ئىگىلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** راھەتلىك، ئارامبەخش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بىئارام، راھەتسىز.

**ھۇۋەيدا** ئى. قەدىمكى بىر لىرىك شائىرنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئىلھام جۇشقۇنلاپ شائىرانە تۇيغۇلارنىڭ ناھايىتى مول ھالەتكە يەتكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: تورغايلار ئىلھام بەرسۇن چىرىلداپ ھاۋادا،/ ھەر ياندا شادلىقتىن ھېسلار ھۇۋەيدا.

**ھۆكۈم** ئى ① بىرەر مەسىلە ھەققىدە چىقىرىلغان كەسكىن خۇلاسە ياكى ئەڭ ئاخىرقى قارار سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر؛ بۇيرۇق، ئەمر-پەرمان: — ئۇ جەزمەن يانچۇقچى، ھېچ بولمىسا ئالدامچى! — سىېمىز ۋە ئاق يۈزلۈك بىر ئايال چورتلا ھۆكۈم قىلدى. ② سوتنىڭ دەۋالاشقۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشنى قاراپ چىقىش ئارقىلىق چىقارغان ئەڭ ئاخىرقى قارارى، تالاش-تارتىشنى ھەل قىلىشتىكى ئاخىرقى خۇلاسىسى: بۈگۈن ناھىيىدە ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلدى.

**ھۆكۈمەت** ئى ① دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش ۋە تۈرلۈك ئەمر-پەرمانلارنى ئىجرا قىلىشتا مەسئۇل بولغان ھاكىمىيەت ئورگانلىرى، يەنى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى: ئۇ بۇ ئىش توغرىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ ئەرز قىلدى. ② دۆلەت، ھاكىمىيەت: ئۇلار خۇپىيانە مەسلىھەتلىشىپ، ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمەت قۇرماقچى بولۇپتۇ.

**ھۆكۈمرانلىق** ئى. ھۆكۈم يۈرگۈزۈش، ئالىي ھوقۇق ۋە ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ ھەممىنى باشقۇرۇش ئىشى، ھۆكۈمران بولۇش: ئىلگىرى بۇ يېزىغا ياقۇپ بەگ دېگەن بىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغانىكەن.

**ھۇجەيرە** ئى. جانلىقلارنىڭ تېنىنى ھاسىل قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭدا ئۆرلۈك رول، ۋەزىپىلەرنى بېجىرگۈچى ئاساسىي بىرلىك. ئۇ ناھايىتى كىچىك بولۇپ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، شەكلى ھەر خىل بولىدۇ: قان — قان پلازمىسى ۋە قان ھۇجەيرىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** كىلېتكا.

**ھېچبىر** ئال. ھەرقانداق بىر، ھەرقانداق بىر خىلدىكى؛ پەقەت، زادى، ئەسلا: ئۇ شۇنچە قىلىپمۇ ھېچبىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

**مەنىداش سۆزى:** ھېچقانداق.

**ھېرىسمەن** سۈپ. ئامراق، مەستانە، شەيدا؛ ھەۋەس بىلەن بېرىلگەن، زور قىزىقىش بىلەن ئامراق بولغان، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئىنتىلگەن: ئۇ كىتاب ئوقۇشقا ھېرىسمەن بولۇپ، ئۆي ئىشلىرىنى ئەستىن چىقىرىپ قويغانىدى.

**ھېس (ھېسسى)** ئى. ئوبيېكتىپ شەيئىلەر خۇسۇسىيىتىنىڭ ئادەم مېڭىسىدىكى ئىنكاسى، تۇيغۇ، سېزىم؛ كاللىدا پەيدا بولغان ئوي، پىكىر: مەن شادلىق ھېسسىغا چۆمۈلگەن ھالدا مەكتەپكە يۈگۈردۈم. ★ بىز ھېس قىلغانلىرىمىزنى ئۆزئارا بايان قىلىشىپ مۇنازىرە قىلىشتۇق.

**مەنىداش سۆزى:** تۇيغۇ، سەزگۈ، سېزىم.

**ھېساب ئېچىش** ئىدارە ياكى شەخسلەر بانكا ياكى ئامانەت-قەرز كوپېراتىپلىرى بىلەن پۇل ئامانەت قويۇش، قەرز ئېلىش قاتارلىق كەسپىي مۇناسىۋەت ئورنىتىش، بۇنداق بولغاندا بانكا شەخس ياكى ئىدارىلەرگە قارىتا ھېساب نومۇرى بەلگىلەپ بېرىدۇ: ھېساب ئاچقاندىن كېيىن، ئامانەت قويۇش كىنىشكىسىنىڭ ھېساب نومۇرىنى ئەستە ساقلاش ياكى خاتىرىلىۋېلىش لازىم.

**ھېسابلىشىش** پ ① بىرقانچە ئادەم بىرلا ۋاقىتتا نەرسىلەرنىڭ سان-مىقدارىنى بىرلىكتە ئېنىقلاش، ئېدىتلاپ چىقىش: ئۇلارنىڭ ھەممىسى قوللىرىدىكى پۇللىرىنى ھېسابلىشىۋاتاتتى. ② ئۆزئارا ھېساب-كىتاب

ئىشلىرىنى ئىنقىلاش، ئىلىم-ھېرىم ئىشلىرىنى ئىنقىلاپ تۈگىتىش؛ ئىشنىڭ توغرا-خاتاسىنى دېيىشىش، يۈزمۇيۈز كۆرۈشۈپ ھەق-ناھەقنى ئايرىشىش: ئۇ ھېرىپ ئالىم بىلەن ھېسابلاشماقچى بولدى.

**ھېكمەت** ئى ① يۈكسەك دەرىجىدىكى دانالىق، دانىشمەنلىك، ئەقىل-ئىدراك: ئىلىم-پەن نۇرى ھېكمەتتۇر،/ كىشىگە مەڭگۈ نېمەتتۇر. /ئىلىمنىڭ تەرىپى پۈتمەس،/ كۆتۈرسەڭ قانچە ئاسمانغا. ② كىشىنى قايىل قىلىدىغان، كىشىگە ئەقىل بېرىدىغان چوڭقۇر مەنە، يوشۇرۇن سىر، مۆجىزە: مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى ھېكمەتنى ئەمدى چۈشەنگەندەك بولۇۋاتىمەن. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ھېكمەتلىك سۆز** تۇرمۇشتىكى تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئاساسەن تۇرمۇش قانۇنىيەتلىرى ئىخچام يەكۈنلىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان، خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن يارىتىلغان چوڭقۇر مەنىلىك سۆز. قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئىخچام، مەنىسى ناھايىتى چوڭقۇر بولىدۇ: «پۇل دېگەن ھەرقاچان تېپىلىدىغان نەرسە، لېكىن ھېكمەتلىك سۆزلەر تېپىلمايدۇ، بۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئەقلىنى ئاشۇراي!» دەپ ئويلاپتۇ ئەپەندىم.

**ھېلىلا** رەۋ. بۇنىڭدىن ئازراقلا ئىلگىرى، ھازىردىن ئازراقلا بۇرۇن، سەل ئىلگىرىلا، ئالدىدىلا: مۇئەللىم كۈلۈپ دېدى: — ئۇلارمۇ ھېلىلا بىر قەلەم تېپىۋېلىپ ماڭا تاپشۇرغانىدى، قارىسام سېنىڭ ئىكەن.

**مەنىداش سۆزى:** سەل ئىلگىرىلا، ئازراقلا ئالدىدا.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سەل تۇرۇپ، بىر ئازدىن كېيىن.

**ھىمايە قىلىش** ياردەم بېرىپ قوللاش، قوللاپ قۇۋۋەتلەش، تەرەپدارى بولۇش؛ (خەۋپ-خەتەر ياكى زىياندىن) ساقلاپ قېلىش، قوغداش، پاناھىغا ئېلىپ مۇھاپىزەت قىلىش: بىز ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىمىز. ★ ئۇ بۇ قېتىمقى كۈرەشتە مېنى ھىمايە قىلىپ جېنىمنى

ساقلاپ قالدى.
**مەنداش سۆزى:** قوۋۋەتلەش؛ قوغداش، پاناھىغا ئېلىش، ساقلاش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قارشى تۇرۇش، زىتلىشىش، دۈشمەنلىشىش.
**ھىيلە-مىكىر** ئادەم ئالدايدىغان ساختىلىق، ئادەمنى زىيانغا ئىتتىرىش ئۈچۈن قىلىنغان سۇيىقەست، نەيرەڭ، ھىيلە ۋە مىكىر، ئالدامچىلىق: بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەم ئالدايدىغان ھىيلە-مىكىردىن ئىبارەت.
**مەنداش سۆزى:** ھىيلە-نەيرەڭ، ئالدامچىلىق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ھەققانىيلىق، راستچىللىق، توغرىلىق.

# ئو

**ئوبيېكت** ئى ① كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا، قارىشىغا باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان نەرسە، مەۋجۇدىيەت، بار نەرسە. «سۇبيېكت» نىڭ ئەكسى. ② پائالىيەت ياكى دىققەت-ئېتىبارنىڭ نىشانى بولغان نەرسە ياكى ئادەم؛ ئىش-ھەرىكەت قارىتىلغان ئادەم ياكى نەرسە: سۇغۇرتا ئوبيېكتىغا ئاساسەن مال-مۈلۈك سۇغۇرتىسى ۋە شەخس سۇغۇرتىسى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ③ كۆچمە. توي قىلىش ئۈچۈن تاللىغان لايىق، يار: ئاكام ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ، تېخى ئوبيېكتى يوق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سۇبيېكت.
**ئوت توچكىسى** (ئۇرۇش مەزگىلىدە قارشى تەرەپنىڭ) ئېغىر-يېنىك پىلىموت، توپ-زەمبىرەك قاتارلىق كۈچلۈك

ھۇجۇم قىلىش قوراللىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان جاي، قارشى تەرەپكە ئوت ئېچىشقا ئاساسلىق نۇقتا: بىز ئالدى بىلەن دۈشمەننىڭ سول قاناتتىكى ئوت توچكىسىنى ۋەيران قىلىشىمىز كېرەك.

**ئوتقاش** ئى. قاراڭغۇدا يول يۈرگەندە يولنى يورۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ياغاچ ياكى تۆمۈر كالتەكنىڭ ئۇچىغا مايغا چىلانغان پاختىنى ئوراپ ياسالغان ئاسان ياندىغان نەرسە، ئوت كالتەك، مەشئەل: پېتىۋاتقان كەچكى قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى تەسىرىدە، ئاسماننىڭ كۈنپېتىش بۇرجىكىدىكى بۇلۇتلار خۇددى ئوتقاشتەك قىزىرىپ تۇراتتى.

مەنىداش سۆزى: مەشئەل.

**ئوتىغۇچ** ئى. توپىنى بوشىتىش ۋە ئوت ئوتاشتا ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى: ئۇ ئوتىغۇچنى تاشلاپ كۈن بويى ئاشۇ كۆتەكنىڭ تۈۋىدە «بۇ كۆتەككە سوقۇلۇپ ئۆلۈپ قالىدىغان توشقان چىقىپ قالارمۇ» دەپ كۈتۈپ ئولتۇرىدىغان بوپتۇ.

**ئوردېن** ئى. تۆھپىسى زور بولغان كىشىلەرنى تەقدىرلەش ئۈچۈن بېرىلىدىغان، ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ياكى تەشكىلات قاتارلىقلار ئالاھىدە تەستىقلاپ ياساتقان بىر خىل شەرەپ مېدالى؛ باتۇر-قەھرىمانلارنى، تۆھپىكارلارنى تەقدىرلەپ ئۇلارنىڭ كۆكسىگە تاقاپ قويىدىغان بەلگە، نىشان: ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كۆكرىكىدىكى قەھرىمانلىق ئوردېنى ئۇيان-بۇيان سىلكىنىپ نۇر چاچرىتىپ تۇراتتى.

**ئورما** ئى. پىشىپ تەييار بولغان زىرائەتلەرنى ئوروپ يىغىش ئىشى، ئوروش پائالىيىتى: ئالىيەنىڭ مومىسى قايتىپ كېلىپلا ئورمىغا چۈشۈپ كەتتى.

**ئورىگىنال** ئى ① ماقالە، ئەسەر قاتارلىقلارنىڭ يازغۇچى تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم بىۋاسىتە يېزىلغان ئەسلىي نۇسخىسى، قول يازمىسى، كوپىيىسى: لېنىن يېزىلىپ بولغان ماقالە ئورىگىناللىرىنى يېنىدىكى چىمنىڭ ئۈستىگە قوياتتى. ② ماقالە يېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمدە ئىشلەنگەن

قەغەز، ئىش قەغىزى، ماقالە قەغىزى: مەن ئاسىيەدىن بىر توپ ئورىگىنال ئارىيەت ئالدىم.

**ئوفىتسىر** ئى. ھەربىيلەر ئارىسىدىكى كوماندىر، ھەربىي باشلىق: مەن يېتىپ بارغۇچە ھېلىقى ئوفىتسىر قىستىلىپ ترامۋايغا چىقىشقا تەمشەلدى.

**ئوكسىگېن** ئى. ئادەم، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نەپەسلىنىشى ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان رەڭسىز، پۇراقسىز گاز. ئوكسىگېن بولمىسا ھاياتلىق بولمايدۇ: قانلار ئېقىش جەريانىدا ئوكسىگېن بىلەن ئوزۇقلۇق ماددىلارنى بەدەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يەتكۈزىدۇ.

**ئوڭايسىزلىنىش** پ. (بىرەر ئىش ياكى ئەھۋالغا قارىتا) ئوڭايسىزلىق، ئەپسىزلىك ھېس قىلىش، تەسلىكتە قېلىش، خىجىل بولۇپ ئىزا تارتقاندەك كېلىپ قېلىش: لۇتپۇللا ئۆزىنىڭ يالغۇز كەلگەنلىكىدىن بىرئاز ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئۇلارغا قاراپ جىم تۇرۇپ قالدى.

**ئوڭتەي-توڭتەي** ئوڭدا-دۈمدە، ئاستىن-ئۈستۈن، قالايمى-قان، رەتسىز، بىسەرەمجان: ئۇلار ئۆيلەرنى قالايمىقان ئاختۇرۇپ، ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ئوڭتەي-توڭتەي قىلىۋەتتى.

**ئولجا** ئى. (ئۇرۇش-جەڭلەردە ياكى ئوۋ ئوۋلاش جەريانىدا) قولغا چۈشۈرۈلگەن نەرسە، غەنىيمەت ياكى ئوۋ، قارشى تەرەپنى ھالاك قىلىش ياكى يوقىتىش بەدىلىگە قولغا كەلتۈرۈلگەن بايلىق، بۇيۇم: بىز دۈشمەندىن ئولجا ئالغان قوراللارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىش ھەققىدە سۆھبەت قىلىشتۇق.

مەنىداش سۆزى: غەنىيمەت.

**ئومۇمىيۈزلۈك** سۈپ. ھەممىسىنى، بارلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياكى نەزەردە تۇتقان، پۈتۈنلەي ھەممىسى؛ بارلىق، جىمى: مەكتەپ مۇدىرى مەكتەپنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

**ئوۋ** ئى ① ياۋايى ھايۋان، قۇش ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى

ئېتىش، تۇزاق قۇرۇش قاتارلىق يوللار بىلەن تۇتۇش پائالىيىتى: شاھ نەۋكەرلىرى بىلەن ئورمانلىقتا ئوۋغا بېرىپتۇ. ② تۇرلۇك يوللار بىلەن تۇتۇلغان ياكى تۇتۇش ئوبيېكتى قىلىنغان ياۋايى ھايۋان، ئۇچار قانات قاتارلىقلار: ئۇلار سەھەردىلا ئوۋ ئوۋلاشقا چىقىپ كەتكەنىدى.

**ئويدۇرۇش** پ ① كولاپ چوڭقۇرلاتقۇزۇش، ئويمان ھالەتكە كەلتۈرگۈزۈش: ئۇ ئەترەت ئەزالىرىغا گەمە ئويدۇرۇۋاتاتتى. ② كۆچمە. (ئويۇپ نەقىش چىقىرىپ ياسىلىدىغان نەرسىلەرنى) ياساتقۇزۇش، ئىشلەتكۈزۈش: مەن مۇئەللىمنىڭ گېپى بىلەن تامغا ئويدۇرۇپ كەلدىم. ③ كۆچمە. يالغاندىن توقۇش، يوق يەردىن پەيدا قىلىش، ئاساسسىزلا بارلىققا كەلتۈرۈش (تۆھمەت، بوھتان قاتارىدىكى گەپ-سۆزلەر ھەققىدە): تەقدىرلەش خېتىنى ئويدۇرۇپ چىقىشقا ياكى ئانچىكى ئىشلارنى خالىغانچە كۆپتۈرۈپ مۇبالىغە قىلىشقا بولمايدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** كولىتىش، قازدۇرۇش؛ يالغاندىن توقۇش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تىندۇرۇش، ئېگىزلىتىش؛ راست سۆزلەش.

# ئۇ

**ئۇپۇق** ئى. ئاسمان بىلەن يەر ياكى يەر يۈزىدىكى سۇ، ئوتلاق قاتارلىقلارنىڭ كۆز يەتكۈدەك يىراقلىقتا تۇتاشقاندەك كۆرۈنىدىغان جايى، ئاسمان بىلەن يەر تۇتاشقان جاي؛ جاھاننىڭ چېتى، زېمىننىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى: مايسا قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغانىكەن، قىش بوۋا ئاللىقاچان ئۇپۇققا بېرىپ بوپتۇ.

**ئۇتۇق** ئى. (بىرەر پائالىيەت، خىزمەت جەريانىدا) قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە، ئېرىشىلگەن غەلىبە، مۇۋەپپەقىيەت؛

ئۈستۈنلۈك: بۇ قېتىم ئۇ زور ئۇتۇق بىلەن غەلىبىلىك قايتىپ كەلدى.

**مەنىداش سۆزى:** نەتىجە، غەلىبە؛ ئارتۇقچىلىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** مەغلۇبىيەت؛ كەمچىلىك.

**ئۈچۈر** ئى. ئادەم ياكى شەيئىلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى خەۋەر، مەلۇمات، دېرەك، ئومۇمەن خەۋەر-مەلۇمات: سىلەرنى گەرچە تاغ-دەريالار ئايرىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزئارا ئۈچۈر ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلەيسىلەر.

**ئۇدا** رەۋ. ئۈزۈلدۈرمەي، بىر-بىرىگە ئۇلاپ، ئارقىمۇئارقا، تەكرار ھالدا، داۋاملىق، ئۈزلۈكسىز: ئۇ ئۇدا ئۈچ كۈن زور ئۈمىد بىلەن جايىدا ئولتۇرۇپ سىنى كۈتتى.

**مەنىداش سۆزى:** ئۈزلۈكسىز، ئۈزمەي، داۋامەت.

**ئۇرچۇق** ئى ① يىپ ئېگىرىدىغان چاقنىڭ يىكى: ئۇرچۇقىدا يىپ ئېگىرسە ئۆيدە موماي،/ بېلىق ئوۋى قىلىدىكەن كۆندە بوۋاي. ② يىپ ئېگىرىش فابرىكىسىنىڭ مۇھىم بىرخىل ئۈسكۈنىسى. ئۇ سوزۇلغان تالانى ئېگىرىپ پىششىقلاپ ناچىغا بەلگىلىك شەكىلدە يۆتكەيدۇ: ئۇلار فابرىكىنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتتى ۋە يەنە 20 مىڭ دانە ئۇرچۇق كىرگۈزدى.

**مەنىداش سۆزى:** يىك.

**ئۇزىتىش** پ ① (قولىدىكى نەرسىنى بېرىش ياكى قولىغا قارشى تەرەپتىن بىر نەرسە ئېلىشنى تىلەپ قولىنى) سۇنۇش، سوزۇش، ئالدىغا چىقىرىش: مەن ئۇنىڭ ماڭا ئۇزاتقان بىر نەچچە بەتلىك مەشىق دەپتىرىنى قولۇمغا ئالدىم. ② كۆچمە. (مېھمان ياكى ئىزدەپ كەلگەن كىشىنى مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن كۈتۈپ) يولغا سېلىش، ماڭدۇرۇش، كۈتۈپ بولۇپ خوشلىشىش: بىز مېھمانلارنى ئۇزىتىپ بولۇپ، ئۆيگە قايتىپ كىردۇق. ③ كۆچمە. ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئۆتكۈزۈپ دەپنە قىلىش، يەرلىكىدە قويۇش، ئۇ دۇنياغا يولغا سېلىش: شاھزادە دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىپ نەزىر-چىراغلىرىنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

④ كۆچمە. (ياتلىق بولۇش يېشىغا توشقان قىزنى) ياتلىق قىلىش، ئەرگە بېرىش، تۇرمۇشقا چىقىرىش: — ئىككى قىزىمنى بىر كۈندىلا ئۇزاتتىم، — دېدى بوۋاي كۈلۈپ تۇرۇپ.

**مەنىداش سۆزى:** سۇنۇش، سوزۇش؛ ماڭدۇرۇش، يولغا سېلىش.

**ئۇستاز** ئى. ئىلىم-بىلىم، ھۈنەر-سەنئەتتە يېتىلگەن، ئۇنى باشقىلارغا ئۆگىتىدىغان كىشى، ئۆگەتكۈچى، مۇئەللىم: بىز ئۇستازلارنى مەڭگۈ ھۆرمەتلەيمىز.

**مەنىداش سۆزى:** مۇئەللىم، ئوقۇتقۇچى؛ پېشۋا.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** شاگىرت، ئۆگەنگۈچى، نائۇستا.

**ئۇلترا بىنەپشە نۇر** تېشىپ ئۆتۈش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان بىرخىل نۇر. ئۇ فوتو سۈرەت لېنتىسىغا يورۇقلۇق سەزدۈرىدۇ، بەزى ماددىلارنى يالتىراق نۇر چىقارغۇزىدۇ. بەدەندىكى ھۈجەيرىلەرگە نىسبەتەن قاتتىق بۇزغۇنچىلىق رولى بار. پەن-تېخنىكا ۋە تېببىي داۋالاشتا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ: پۇل تەكشۈرۈش چىرىغى تارقاتقان ئۇلترا بىنەپشە نۇردىن پايدىلىنىپ، پۇلنىڭ ساختا ياكى جىنلىقىنى ئاسانلا بىلگىلى بولىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئېكس نۇرى، رېنتگېن نۇرى.

**ئۇلغىيىش** پ. كۈچىيىش، زورىيىش، كۆپىيىش؛ چوڭىيىش، يوغىناش؛ ئەسلىدىكىدىن كېڭىيىش: ئوت بارغانسېرى ئۇلغىيىشقا باشلاپتۇ. ★ سۇ تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كەتتى. ★ بىزنىڭ قوشۇنىمىز بارغانسېرى ئۇلغايماقتا. ★ ئالىم ماجىرانىڭ ئۇلغىيىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ★ بوران بەك ئۇلغىيىپ كەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** كۈچىيىش، زورىيىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاجىزلاش، بوشاش، كىچىكلەش.

**ئۇلۇغ-كىچىك تىنىش** ئېغىر نەپەس ئېلىپ خۇرسىنىش، ئۇھ تارتىش، پۇشايمان ياكى ھەسرەت بىلەن ئېغىر تىنىش: بالا يەنە ئۇلۇغ-كىچىك تىندى: مېنىڭچە ئۇلار كېتىپ قالدى.

**مەنىداش سۆزى:** خۇرسىنىش، ئۇھ تارتىش، ئېغىر تىنىش.

**ئۇناش** پ. (بىرەر تەلەپ، ئىلتىماس، بۇيرۇق قاتارلىقلارغا) ماقۇل بولۇش، قوشۇلۇش، رازىلىق بىلدۈرۈش، كۆنۈش: بۇ تەكلىپكە بەزىلىرى ئۇنىغان بولسىمۇ، بەزى ھەمشىرىلەر ئۇنىماي قالدى.

**مەنىداش سۆزى:** ماقۇل بولۇش، كۆنۈش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** رەت قىلىش، بويۇنتاۋلىق قىلىش.

**ئۇنسۇر** ئى. «جەمئىيەت تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ» دەپ قارالغان بىرەر گۇرۇھ ياكى تەشكىلاتقا ئەزا بولۇپ يامان ئىش-ھەرىكەتلەردە بولغان كىشى، دۈشمەن: ئۇنۇملۇك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ دۆلەت ۋە شەخسلەرگە ئىقتىسادىي زىيان سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**ئۇۋال بولۇش** ناھەق ئەيىبلىنىپ تېگىشلىك بولمىغان ئازاب-ئوقۇبەتكە قېلىش، ناھەق جازاغا ئۇچراش، بىھۇدە مۇشكۇلاتقا قېلىش: بۇ قېتىم ئالىمغا ئۇۋال بولدى، قاراپ تۇرۇپلا ئۇ تەنقىدلەندى.

**مەنىداش سۆزى:** ناھەق بولۇش، بىھۇدە تەسچىلىك بولۇش.

**ئۇيغۇن** رەۋ. (مەلۇم قاراش، تەلەپ، ھالەتكە) ماس كېلىدىغان ھالەتتە، مۇۋاپىق، لايىق؛ مۇناسىپ، باب، دەل كېلىدىغان، توغرا: بۇ پىكىر بىزنىڭ پىلانىمىزغا زادىلا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** لايىق، باب، دەل.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** نالايىق، زىت، خىلاپ، قارشى.

# ئۆ

**ئۆتەڭ** ئى. سەپەر ئۈستىدىكى يولۇچىلار يول ئۈستىدە چۈشۈپ ياكى ۋاقىتلىق توختاپ ئارام ئېلىپ ئۆتىدىغان دەڭ-سارايلىرى بار جاي، قونالغۇ، دەڭ: قەدىمدە ئۆتەڭلەردە مەخسۇس باشقۇرغۇچىلار بولاتتى ھەمدە پوچتا ئاتلىرى بېقىلاتتى.
**مەنىداش سۆزى:** دەڭ.

**ئۆتۈنۈش** پ ① يېلىنىپ يالۋۇرۇپ ئىلتىماس قىلىش، تۆۋەنچىلىك بىلەن سوراش، تەلەپ قىلىش: — لېەنجاڭ، مەن ئۈنىڭ پارتلىتىشنى مۇھاپىزەت قىلىپ باراي! — دەپ دۇڭ سۈنرۈينىڭ سەپدىشى جى شۈنيى لېەنجاڭدىن ئۆتۈندى. ② تەقدىم قىلىش، ھەقسىز ئۆتكۈزۈپ بېرىش، (ئۆزىنىڭكىنى باشقىلارغا) رازى بولۇپ بېرىش: مەن قەلىمىمنى گۈلمىرەگە ئۆتۈنۈپ بەردىم.
**مەنىداش سۆزى:** سوراش، ئىلتىماس قىلىش؛ تەقدىم قىلىش، بېرىش.

**ئۆچىرەت** ئى. (بىر نەرسە ئېلىش ياكى بىر ئورۇنغا كىرىش ئۈچۈن كەلگەن كۆپ كىشىلەرنىڭ قالايمىقانچىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن) كەلگەن ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە بىر-بىرلەپ تىزىلىشىدىن ھاسىل بولغان قاتار، رەت: بىز تەخمىنەن 15 مىنۇت ئۆچىرەتتە تۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ كېلىپ ئۆچىرەتتە تۇردى.
**مەنىداش سۆزى:** قاتار، رەت؛ نۆۋەت.

**ئۆرۈلۈش** پ ① يىقىلىش، ئاغدۇرۇلۇش، غۇلاپ چۈشۈش: ئۇلار تۈنۈگۈنكى يامغۇردا ئۆرۈلۈپ كەتكەن تامنى قايتىدىن قوپۇرۇپ چىقتى. ② ئوڭغى تەتۈرىگە، تەتۈرى ئوڭغا، ئاستى ئۈستىگە، ئۈستى ئاستىغا، ئارقىسى (كەينى) ئالدىغا، ئالدى ئارقىسىغا (كەينىگە)، ئىچى تېشىغا، تېشى ئىچىگە بولۇپ قېلىش، ئومۇمەن ئەسلىدىكى

هالەتنىڭ ئەكسىچە بولۇپ قېلىش: ئۇ ئۆرۈلگەن خالتىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، خېلى ئۇزاق ۋارقىراپ سۆزلىدى. ③ قايرىلىش، بۇرۇلۇش، قاراش نۇقتىسىنى ئەسلىدىكىنىڭ ئەكسى تەرىپىگە يۆتكەش: ئانا دەرھال ئۆرۈلۈپ بالىسىنى يۆلىدى. ④ ئايلىنىش، ئۆزگىرىش: مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ خاپىلىقى خۇشاللىققا ئۆرۈلدى. ⑤ باشلىنىش (ۋاقىت ھەققىدە): مانا، يىل ئۆرۈلدى، ئۇلارنىڭمۇ ۋاقتى ئاز قالدى.

**مەنىداش سۆزى:** يىقىلىش؛ ئۆزگىرىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تىكلىنىش.

**ئۆزلەشتۇرۇش** پ ① ئېڭىغا، مېڭىسىگە پۇختا ئورنىتىۋېلىش، ماھىيىتىنى چۈشىنىپ پۇختا ئىگىلىۋېلىش: ئۇ بىر تەرەپتىن تاتارچە تىلنى ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن كۈندىلىك دەرسلەرنى پۇختا ئۆزلەشتۈرۈۋاتاتتى. ② (باشقىلارنىڭكىنى) مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ ئۆزىنىڭ قىلىش، ئۆزىنىڭكىگە ئايلاندۇرۇش: ئۇلار يەنە «مەسلىھەت چېيى»، «گۈلنىسا» قاتارلىق درامىلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ سەھنىدە ئوينىدى. ③ (بوز ياكى ئاش بولمايدىغان يەرلەرنى) ئېچىش، مۇنبەتلەشتۇرۇش، ئۈنۈملۈك يەرگە ئايلاندۇرۇش، تاۋلاش: بىز بۇ يىل كەنتىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەمگىكىگە قاتناشتۇق.

**ئۆسۇم** ئى. پۇل قەرز ئېلىش، ئامانەت قويۇش پائالىيىتىدە قەرز ئالغۇچى ياكى ئامانەتنى ساقلىغۇچى بەلگىلىمە بويىچە پۇل ئىگىسىگە ئەسلىي پۇلدىن سىرت تۆلەيدىغان ھەق. ئادەتتە ئۇ ئەسلىي پۇلنىڭ نىسبىتى ۋە ئىشلىتىۋېلىش ياكى ئامانەت قويۇش ۋاقتى بويىچە ھېسابلىنىدۇ: پۇل ئامانەت قويۇشنىڭ بىر پايدىسى، پۇل ئامانەت قويغۇچى ئۆسۈمگە ئېرىشىدۇ، قويغان پۇلى كۆپىيىپ بارىدۇ.

**ئۆكتەبىر ئىنقىلابى** 1917-يىلى 11-ئاينىڭ 7-كۈنى (رۇس كالېندارى بويىچە 10-ئاي، يەنى ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ 25-كۈنى) باشلانغان روسىيە ئىشچى-دېھقانلىرىنىڭ لېنىن باشچىلىقىدىكى كوممۇنىستلارنىڭ رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىستىك دۆلەت

**ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش ئىنقىلابى:** ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن لېنىن ئوت ئورغۇچى ئىشچى قىياپىتىدە بىر كۆل بويىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغانىدى.

**ئۆم** سۈپ. بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدىغان، توپلىشىپ بىرگە ئىناق ياشايدىغان، ئۆزئارا ئامراق، ئىناق، ئىتتىپاق: ئۇ يەردە ئۆيلەر تارقاق بولغان بىلەن كىشىلەر ئۆزئارا ئىزدىشىپ ناھايىتى ئۆم ئۆتىدىكەن.

**مەنىداش سۆزى:** ئىناق، ئىتتىپاق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تارقاق، چېچىلاڭغۇ، ئىتتىپاقسىز.

**ئۆيلىنىش** پ. بىرەر قىز ياكى ئايالنى قانۇنلۇق نىكاھىغا ئېلىپ ئۆي تۇتۇش، ئائىلە قۇرۇش: ئۇزاق ئۆتمەي، رازىيەنىڭ دادىسى يەنە ئۆيلەندى.

# ئۇ

**ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابى** ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق ئۇچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ 1944-يىلى قوزغالغان، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۇمرانلىقىغا قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكىتى. ئۇ بىر قېتىملىق مىللىي-دېموكراتىك قوراللىق كۈرەش بولۇپ، گومىنداڭنى ئۇچ ۋىلايەتتىن قوغلاپ چىقىرىپ ۋاقىتلىق ھۆكۇمەت قۇرغان. ئۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمىدۇر: مېنىڭ بوۋام ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ خىزمەت كۆرسەتكەنىكەن.

**ئۇچەي** ئى. جانلىقلارنىڭ ھەزىم قىلىش ئورگىنىنىڭ بىر قىسمى. شەكلى نەيچىگە ئوخشاش، ئۆزى يۇمشاق، بىر ئۇچى ئاشقازانغا، يەنە بىر ئۇچى ئارقا تەرەت تۆشۈكىگە تۇتىشىدۇ. چوڭ ئۇچەي ۋە كىچىك ئۇچەي دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

ئوزۇقلۇقلارنى ھەزىم قىلىش ۋە سۈمۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ: يېمەكلىكلەرنى ھەزىم قىلىشتا ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەر قاننىڭ ياردىمىگە تايىنىدۇ.

**ئۈچۈن** تىر ① نەرسىنىڭ كىمگە، نېمىگە ياكى كىمنىڭ، نېمىنىڭ مەنپەئەتىگە ئاتالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: بۇنىڭ ھەممىسى ئوقۇش ئۈچۈن. ② ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەقسىتىنى بىلدۈرىدۇ: مەن بۇ ئىشنى سەن ئۈچۈن قىلىۋاتىمەن. ③ ئىش-ھەرىكەتنىڭ بېجىرىلىشىدىكى ئاساس ياكى سەۋەبنى بىلدۈرىدۇ: يامغۇر يېغىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن كېچىكىپ قالدىم. ④ ئىش، مەسىلە ياكى پىكىرنىڭ كىمگە، نېمىگە نىسبەتەن ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: تىرىشىپ ئوقۇش ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم.

**ئۈششۈپ قېلىش** قاتتىق سوغۇق تەسىرىدىن توڭلاپ ئۆزىنىڭ ساغلام ھالىتىنى يوقىتىش، توڭلاپ زەخىملىنىش، سوغۇق تەسىردە قېتىپ قېلىش: قىشلىق ئۇزۇنغا يۈگۈرۈشتە ئۈششۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۇماق ۋە قولقاپ كىيىۋېلىش لازىم.

مەنىداش سۆزى: توڭلاپ قېلىش، ئۈششۈش، توڭلاش.

**ئۈششۈك** ① ئى. زىرائەت ۋە شۇ قاتارلىقلارنى توڭلىتىپ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدىغان سوغۇق ھاۋا ئېقىمى، كۆپىنچە كۈز ئاخىرلىشىپ قىشنىڭ كىرىشى بىلەن يېتىپ كېلىدۇ: بۈگۈنكى ھاۋا رايى مەلۇماتىدا ئەتە ئەتىگەندە ناھىيىمىز تەۋەسىگە ئۈششۈك چۈشىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ② ئى. قاتتىق سوغۇق تۈپەيلىدىن ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ توڭلاش ھالىتى ياكى توڭلاپ ئۈششۈگەن، قاپارتقۇدەك كۆپۈپ قالغان يېرى: توڭلاپ قالغان قولاققا قار بېسىپ ئۈششۈكنى ياندۇرۇشنى بىز پېشقەدەم يېتىمچىلاردىن ئۆگەندۇق. ③ سۈپ. توڭلاپ قالغان، توڭلاپ كاردىن چىققان: ئۇنىڭ چىرايى سوغۇق شامالدا تىترەپ ئالدىمىزغا چۈشۈۋاتقان كەچ كۈزدىكى ئۈششۈك يوپۇرماقلارغا ئوخشايتتى.

**ئۈشقىرتىش** پ. ئۈش-ئۈش قىلىپ ئاۋاز چىقىرىش، ھاۋا بوشلۇقىدا يۇقىرى تېزلىك بىلەن كېتىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ھاۋا

بىلەن سۈركىلىپ چىقارغان ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقىرىش،
ۋىڭىلداش: ئۇشتىرتىپ ئۇچۇۋاتان ئوقلار رىزۋانگۈل بىلەن ياربدارنىڭ
ئەتراپىدىكى قارلارنى ئۇچۇرتۇپ تۇراتتى.
**ئۇمىدلىنىش** پ. ئۇمىدگە ئىگە بولۇش، ئۇمىد قىلىش،
ئۇمىدگە تولۇش: — ئۇ ئەخمەققە ئوبدان چۈشەندۇرۇڭ، تۆلىسۇن! — دەپتۇ
خوجايىن ئۇمىدلىنىپ.
**مەنىداش سۆزى:** ئۇمىد كۈتۈش.
**ئۇنچىقىش** پ. گەپ قىلىش، سۆزلەپ ئاۋاز چىقىرىش، ئۈن
چىقىرىش: ئالىمنىڭ بۇ ئىشقا ئىنتايىن قورسىقى كۆپكەن بولسىمۇ، ئۇنچىقماي
تۇراتتى.
**ئۇندىمەسلىك** ئى. زۇۋان سۈرمەسلىك، گەپ-سۆز
قىلماسلىق، جىم تۇرۇۋېلىش، ھېچقانداق ئىپادە
بىلدۈرمەسلىك: ئاسىيە مۇئەللىمگە قاراپ، قاقشان قوزۇقتەك ئۇندىمەي تۇراتتى.
**مەنىداش سۆزى:** ئۇنچىقماسلىق، سۆزلىمەسلىك، جىم
بولۇۋېلىش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۇنچىقىش، زۇۋان سۈرۈش.

# ۋ

**ۋاپا (ۋاپاسى)** ئى. ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ كۆرسىتىلگەن
ساداقەت، سادىقلىق، دوستلىرىغا، يېقىن كىشىلىرىگە بولغان
سادىقلارچە كۆيۈم، ياخشىلىق: — سەندىن ۋاپا كۈتمەيمەن، — دىدى
ئۇ ئالىمغا قاراپ ئاچچىق بىلەن، — ئۆزۈڭنىڭ بىلگىنىنى قىل!
**مەنىداش سۆزى:** ساداقەت، سادىقلىق؛ ياخشىلىق.
**ۋاق** I ئى. ۋاقىت جەھەتتىن كېيىن؛ ۋاقتىدىن ئۆتكەن،
كېچىككەن: بىز مەكتەپكە ۋاق قالماسلىق ئۈچۈن يول بويى يۈگۈرۈپ كەلدۇق.

مەنداش سۆزى: كېيىن.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: بالدۇر، بۇرۇن.

**ۋاق II** مق. نۆۋەت، قېتىم، مەرتىۋە (تاماق يېيىش ھەققىدە):
سىزنىڭ كۈندە ئۈچ ۋاق يەۋاتقان تاماق ۋە سەيلىرىڭىز قايسى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن تەييارلىنىدۇ؟

مەنداش سۆزى: قېتىم، نۆۋەت.

**ۋاق III** تەق ① تاياق ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن باشقا نەرسىلەرنى ئۇرغاندا چىققان ئاۋاز. ② كەكلىك، مېكىيان قاتارلىقلار ئۈنلىگەندە (ياكى سايرىغاندا) چىقارغان ئاۋاز.

**ۋالاقتەگكۇر** سۈپ. تولا سۆزلەيدىغان، سۆزلەپ ھارمايدىغان، ئادەمگە خۇشياقمايدىغان گەپلەرنى تولا قىلىدىغان، كاسكاس:
رەھىم قىلغىن شاھ بىلىق ئارتتى دەردىم،/ ۋالاقتەگكۇر ئاچ كۆز موماي ئاشتى ھەددىدىن.

مەنداش سۆزى: كاپكاپ، كاسكاس.

**ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى** بولۇۋاتقان ئىش-پائالىيەت ياكى يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋالنىڭ راۋاجلىنىش جەريانى، داۋاملىشىش ھالىتى، كېتىپ بېرىش ئالاھىدىلىكى: ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن كۆزەتمەكتە.

**ۋەسىيەت** ئى ① ئۆلگۈچىنىڭ بالا-چاقىلىرى ياكى يېقىنلىرىغا ئاغزاكى ئېيتىپ ياكى يېزىپ قالدۇرغان نەسىھىتى، تاپشۇرۇقى: ئۇلار شاھنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە پادىچى يىگىتنى پادىشاھ قىلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ② ئۆلگۈچىنىڭ ئۆزىدىن قالغان مال-مۈلۈكلەرنى ۋە ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە يېزىپ قالدۇرغان يازما تاپشۇرۇقى، ئورۇنلاشتۇرۇشى: ئۇلار دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە مال-مۈلۈكلەرنى تەڭ بۆلۈشۈپتۇ.

**ۋەھاكازا** تىر. كۆپىنچە جۈملىنىڭ ئاخىرىدا تىركىلىپ كېلىپ

«شۇ قاتارلىق، شۇلارغا ئوخشاش، قاتارلىقلار» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: مەكتەپتە نۇرغۇن كىشىلەر بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، يەنى مەكتەپ مۇدىرى، سىنىپ مۇدىرى، ھەرقايسى دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى، مەكتەپ ئىشچىلىرى ۋەھاكازا.

**ۋەھشىيانە** رەۋ. ۋەھشىيلەرچە، ۋەھشىيلىك بىلەن، رەھىمسىزلىك بىلەن، قاتتىق ۋەھشىي ھالدا: تۈرمىدىكى ۋەھشىيانە قىيناش ۋە ئازابلاشلار ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىرادىسىنى قىلچە تەۋرىتەلمىدى.

**مەنىداش سۆزى:** ۋەھشىيلەرچە، رەھىمسىزلەرچە.

**ۋەھىمە** ئى. قاتتىق قورقۇنچ، غەم-ئەندىشە، ئەنسىزلىك تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان كۈچلۈك خەۋپسىرەش تۇيغۇسى، ئەنسىزچىلىك: پولاتنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ساۋۇتنى ۋەھىمە بېسىشقا باشلىدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئەندىشە، قورقۇنچ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** شادلىق، سۆيۈنچ، خۇشاللىق.

**ۋاراتا (ۋاراتاسى)** ئى. پۇتبول، مۇز توپ قاتارلىق تەنھەرىكەتلەردە توپ مەيدانىنىڭ ئىككى بېشىغا ئورنىتىلغان دەرۋازا رامكىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان جازا. ئۇ توپ كىرگۈزۈش نىشانى بولۇپ، ئارقىسىغا تور تارتىلىدۇ، توپ كىرسە تور ئىچىدە سولىنىپ قالىدۇ: ئۇلار سومكا ۋە باش كىيىملىرى بىلەن ۋاراتا ياساپ، سەپ تۈزۈپ مۇسابىقىنى باشلىۋەتتى.

**ۋاراتار (ۋاراتارى)** ئى. پۇتبول، مۇز توپ قاتارلىق تەنھەرىكەتلەردە ئۆز تەرىپىنىڭ ۋاراتاسىنى قوغداپ، قارشى تەرەپنىڭ توپ كىرگۈزۈشىنى توسۇشقا بەلگىلەنگەن كىشى: ئۇلارنىڭ ۋاراتارى بەك يامان ئىكەن، قارشى تەرەپ تەپكەن توپلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇۋېلىپ بىرسىنىمۇ كىرگۈزمىدى.

**ۋاراچ (ۋاراچى)** ئى. كېسەللەرنى داۋالاش ماھارىتى يۇقىرى

كىشى، ماھىر دوختۇر: ۋراچ دادام ھارمايدۇ،/ كېسەللەرنى داۋالاپ. /باغۇەن ئاپام ئۈستۈرەر،/ مايسىلارنى ئاۋايلاپ.

مەنىداش سۆزى: دوختۇر، تىۋىپ.

**ۋۇجۇد** ئى ① ئادەمنىڭ پۈتۈن گەۋدىسى، جېنى ۋە تېنى، بەدەن ئەزاسى، ئومۇمەن تەن ۋە تەندىكى سەزگۈ، پۈتۈن گەۋدە ۋە ئوي-خىيال: ئۇنىڭ كىچىككىنە ۋۇجۇدى بىلىمگە ئىنتىلەتتى. ② بار بولغان ھالەت، بارلىق، مەۋجۇدلۇق: بۇ نەتىجىلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىز بىلەن ۋۇجۇدقا كەلدى.

**ۋىتامىن** ئى. جانلىقلارنىڭ ئوزۇقلىنىشى، ئۆسۈشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان، كىچىك زەررىچىلەردىن (مولېكۇلىدىن) تەركىب تاپقان ئورگانىك بىرىكمىلەر. ئۇ جانلىقلاردا كەم بولسا بولمايدىغان ئوزۇقلۇق تەركىبى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بەدەندىكى ئەزالارنىڭ ماددا ئالماشتۇرۇشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ: قان ئازلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تەركىبىدە ئاقسىل، تۆمۈر، ۋىتامىنلار كۆپ بولغان يېمەكلىكلەرنى جىق يېيىش كېرەك.

**ۋىرۇس** ئى. باكتېرىيىلەردىنمۇ كىچىك، پەقەت ئالاھىدە مىكروسكوپ ئارقىلىقلا كۆرگىلى بولىدىغان كېسەل پەيدا قىلغۇچى تەنچە. ئۇ بەك كىچىك بولغاچقا مىكروب سۈزگۈچتىنمۇ ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ. جانلىقلار تېنىدە تۈرلۈك كېسەللەرنى پەيدا قىلىدۇ: ئادەملەردىكى كېسەل باكتېرىيە ۋە ۋىرۇس ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ.

**ۋىللىدە** رەۋ. ۋىل قىلىپ، تۇيۇقسىزلا ئۆزگىرىپ، بىردىنلا، ۋىل قىلىپلا: ئابدۇكېرىمنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزاردى، شۇنداقتىمۇ ئىمتىھان قەغەزلىرىنى ئېلىپ دادىسىغا سۇندى ۋە يەرگە قارىۋالدى.

# ئې

**ئېتىبار** ئى ① (بىرەر نەرسىگە قارىتىلغان) دىققەت، نەزەر؛ **پەرۋا**: مەن بۇ سۆزلەرگە ئانچە ئېتىبارمۇ قىلمىدىم. ② **چەك، دائىرە (ۋاقىت ھەققىدە)**: ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن بىز ئۇنى كۈتمىدۇق. ③ **قەدىر، قىممەت، ئىززەت؛ ئەھمىيەت، مۇھىملىق**: سىز بالا دەردىنى تارتمىغان، شۇڭا ئالدىڭىزدا باللارنىڭ ئېتىبارى يوق. ④ **غەمخورلۇق، كۆيۈنۈش، كۆڭۈل بۆلۈش**: بىز يەنە ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلىپ، ئىككى دەپتەرنى ئارتۇق بەردۇق.

**مەنداش سۆزى**: دىققەت؛ پەرۋا؛ قەدىر، قىممەت؛ كۆيۈنۈش، غەمخورلۇق.

**ئېتىراپ قىلىش** ماقۇل كۆرۈش، تەستىقلاش، «كۇچكە ئىگە» دەپ قاراش، ھېساب قىلىش، قايىللىق بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈرۈش؛ ئىقرار قىلىش، قوبۇل قىلىش: ئۇنىڭ سىنىپ باشلىقى ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز ئېتىراپ قىلىمىز. ★ ئۇ ئاخىرى ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

**ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى** دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى تېرىش، سۇغىرىش، يىغىش ۋە ئېتىز-ئېرىقلارنى ياساش، تەكشىلەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى، دېھقانچىلىق، تېرىقچىلىق: مەن ھەر يىلى يازلىق تەتىلدە دادامنىڭ ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىمەن.

**ئېرەنسىزلىك** ئى. ئېرەن قىلماسلىق، نەزەر-ئېتىبارىغا ئالماسلىق، كۆڭۈل قويماسلىق، پەرۋاسىزلىق: مەن بۇ بالىنىڭ سۆزلىرىنى ئېرەنسىزلىك بىلەن مۇنداقلا ئاڭلاپ قويغان بولدۇم.

**مەنداش سۆزى**: بىپەرۋالىق، پەرۋاسىزلىق، بىغەملىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى**: ئەستايىدىللىق، سەممىيلىك.

**ئېسىنى بىلىش** ① كۆرگەنلىرىنى بىلىپ ئەستە قالدۇرالايدىغان بولۇش، ئەتراپتىكى ئىشلارنى، ياخشى-يامانىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان ياشقا يېتىش، ئەقلىگە كېلىش: لۇتپۇللا ئېسىنى بىلگەندىن تارتىپلا، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن خەت ساۋاتىنى چىقىرىشقا كىرىشكەنىدى. ② ئەقلى-ھوشىنى تېپىش، ئۆزىنى ئۆزى بىلىش، ھوشىغا كېلىش، دىققەت بىلەن يۈرۈش: مۇئەللىمنىڭ تەنقىدى بىلەن ئۇ خېلى ئېسىنى بىلىپ قالدى.

**ئېسىل** سۈپ. (سۈپەت جەھەتتە) ئالاھىدە ياخشى، ئەڭ ئوبدان، قىممەتلىك، سەرخىل؛ ياخشى خىسلەت ۋە سۈپەتكە ئىگە، ئالىي: دادام بۇ قېتىم ناھايىتى ئېسىل مال ئەكەلدى. ★ ئالىمنىڭ ئانىسى ھەقىقەتەن پەزىلەتلىك ئېسىل ئايال ئىدى.

**مەنداش سۆزى:** سەرخىل، ئالىي؛ ئالىيجاناب.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ناچار، تۆۋەن، پەس؛ رەزىل.

**ئېغىر بېسىقلىق** ئالدىراپ چېچىلماسلىق، سالماق ھەم تەمكىن ھالەت، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ۋەزمىن ھالەت: باشقىلار بىزنى تەنقىد قىلغاندا، ئەگەر تەنقىد خاتا بولسا، ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك.

**مەنداش سۆزى:** سالماقلىق، تەمكىنلىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئالدىراڭغۇلۇق، يەڭگىللىك، تاقەتسىزلىك.

**ئېقىش** پ. سۇيۇقلۇقلار ۋە بەزى نەرسىلەرنىڭ مەلۇم بىر تەرەپكە قاراپ ھەرىكەتلىنىشى؛ يۈرۈش، سىلجىش: يۈرەكنىڭ توختىماي سوقۇپ تۇرۇشى قانلارنىڭ قان تومۇرلاردا ئايلىنىپ ئېقىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

**ئېكران (ئېكرانى)** ئى. تېلېۋىزور، كومپيۇتېر قاتارلىقلارنىڭ سۈرەت ياكى خەت چىقىدىغان يۈزى، كىنوخانىلاردىكى كىنو كۆرۈنۈشلىرى چۈشۈرۈلىدىغان تام يۈزى. ئومۇمەن تەسۋىر چۈشۈرۈلىدىغان ۋە تۇرلۇك

نۇرلىنىشلارنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان ياكى ئۆزگەرتىپ بېرىدىغان قۇرۇلمىلارنىڭ ئومۇمىي نامى: پەن-تېخنىكا خادىملىرى كومپيۇتېرنى ئېچىپ بىر نەچچە كۇنۇپكىنى بېسىپلا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئېكرانغا چىقىرالايدۇ.

**ئېلېكتىر سىگنالى** تېلېگراممىا ئەۋەتىشتە ئىشلىتىلىدىغان بەلگە. ئۇنىڭدا ھەرپ ۋە سانلار ئوخشىمىغان بەلگىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ رىتىمسىز ئېلېكتىر سىگنالى ۋە رىتىملىك ئېلېكتىر سىگنالى دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** كود، تېلېگراف بەلگىسى.

**ئېھتىرام بىلدۈرۈش** ھۆرمەتلەش، چوڭ كۆرۈپ ھۆرمەت بىلدۈرۈش، ئىززەت-ئىكرام قىلىش؛ ھۆرمەتلەپ سالام بېرىش، ئەھۋال سوراش: كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇ داموللىغا ئېھتىرام بىلدۈرۈشۈپ ئىككى چەتتە ئۆرە تۇرۇشاتتى.

**مەنىداش سۆزى:** ھۆرمەت بىلدۈرۈش، ئىززەت قىلىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** لەنەت ئوقۇش، شىكايەت قىلىش.

**ئېھتىيات قىلىش** پەخەس بولۇش، ئالدى-كەينىگە قاراپ سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىش، دىققەت قىلىش: يۈياۋ ئېچىدە: «ئېھتىيات قىل! جۇ زالىم ئاڭلاپ قالمىسۇن، تۇتۇۋالسا يامان قىلىدۇ» دەپ ئەنسىرىدى.

**ئېھتىياتچانلىق** ئى. ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن تۇتۇلغان مۇئامىلە، ئېھتىيات قىلىش تۇيغۇسى، پەخەس بولۇش سېزىمى: ئۇ پىشانىسىدىكى تەرنى سۈرتكەچ ئەتراپقا ئېھتىياتچانلىق بىلەن سەپسېلىشقا باشلىدى.

**مەنىداش سۆزى:** پەخەسلىك، ھوشيارلىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بىخەستىلىك، پەرۋاسىزلىق.

**ئېھتىياتسىزلىق** ئى. ئېھتىيات قىلماسلىق، پەخەس

بولماسلىق، پەرۋا قىلماسلىق: رازىيەنىڭ ئاپىسى تاماق ئىتتۈۋىتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن قولىنى كۆيدۈرۈۋالدى.
**مەنىداش سۆزى:** دىققەتسىزلىك، پەرۋاسىزلىق، بىپەرۋالىق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئېھتىياتچانلىق، ھوشيارلىق.

**ئېھتىياج (ئېھتىياجى)** ئى. زۆرۈرىيەت تۈپەيلى پەيدا بولغان تەلەپ، ھاجەت، موھتاجلىق: جەمئىيەت ئائىلىنىڭ تۇرمۇش جەھەتتىكى تۈرلۈك ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** تەقەززالىق، موھتاجلىق، تەلەپ.

**ئېھتىياجلىق** سۈپ. ئېھتىياجى چۈشىدىغان، ھاجەتمەن، موھتاج: مېڭىنىڭ ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن مېڭە ئېھتىياجلىق بولغان ھەر خىل ئوزۇقلۇق ماددىلارنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىش كېرەك.
**مەنىداش سۆزى:** موھتاج.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئېھتىياجسىز.

# ئى

**ئىبادەت** ئى. تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىش، تەڭرىنىڭ ئەمرىنى ئورۇنداش يۈزىسىدىن قىلىنىدىغان دىنىي مۇراسىم، ناماز قاتارلىق پائالىيەتلەر، خۇدانى سېغىنىپ ئېلىپ بېرىلغان دىنىي ھەرىكەت: ئابدۇۋايىت سوپى كۆپ ئىبادەت قىلغان، خۇداگۆي ئادەم ئىدى.

**ئىبلىس** ئى ① دىنىي رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئادەملەرنى يولدىن ئازدۇرىدىغان، يامان يولغا باشلايدىغان رەزىل مەخلۇق، مەلئۇن، شەيتان؛ ئىنتايىن ھىيلىگەر ھەم ئىنتايىن قەبىھ، ھەددىدىن ئارتۇق ياۋۇز مەخلۇق: بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر ياۋۇز ئىبلىس نۇرغۇنلىغان گۈزەل دەيزۇ قىزلىرىنى بۇلاپ كېتىپتۇ.
**مەنىداش سۆزى:** شەيتان.

**ئىپتىخار (ئىپتىخارى)** ئى ① كىشىگە شان-شەرەپ كەلتۈرىدىغان، پەخىرلەنسە بولىدىغان ئىش، نەرسە ياكى كىشى؛ پەخىر: ئالىم ھەقىقەتەن تىرىشچان ھەم قابىل ئوقۇغۇچى، ئۇ سىنىپىمىزنىڭ ئىپتىخارى. ② شان-شەرەپ ھېسسى، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى، چوڭ كۆرۈپ ماختىنىش، غۇرۇرلىنىش ھېسسىياتى: ئۇ دائىم سەمەت مۇئەللىمنى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالاتتى.

**مەنىداش سۆزى:** پەخىر.

**ئىپتىخارلىق** ① ئى. ئىپتىخارلىنىش، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى، مەمنۇنلۇق: ساۋاقداشلار ئۇنى ماختىغاندا، ئۇ ئىپتىخارلىق بىلەن «مەن بۇنى دادامدىن ئۆگەنگەن» دەيتتى. ② سۈپ. پەخىرلەنگەن، مەمنۇن بولغان، ئىپتىخارلانغان، خۇشال بولغان: ئاسىيە ئۆزىنىڭ ئاشۇ بىر كۈنلۈك كەچۈرمىشلىرىنى ناھايىتى ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى بىلەن سۆزلەپ بەردى.

**مەنىداش سۆزى:** مەمنۇنىيەت، مەمنۇنلۇق؛ پەخىرلىك.

**ئىپتىدائىي** سۈپ ① ئەڭ دەسلەپكى دەۋردىكى، يىراق قەدىمكى زاماندىكى، دەسلەپكى، باشلانغۇچ: ئەڭ بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ تىرىكچىلىكى ئىپتىدائىي تىرىكچىلىق ئىدى. ② بەك ئاددىي، يۇزەكى، ساددا: مەسىلىلەرگە ئىپتىدائىي چۈشەنچە بىلەنلا ئالدىراپ باھا بەرمەسلىك كېرەك.

**مەنىداش سۆزى:** باشلانغۇچ، دەسلەپكى؛ قالاق؛ يۈزە، ئاددىي.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئىلغار، يېتىلگەن؛ زامانىۋى، ئىلغار.

**ئىپلاس** سۈپ. پاسكىنا، بۇلغانغان، پاكلىقىنى يوقاتقان؛ قارا نىيەت، نىيىتى بۇزۇق، پەس، رەزىل، شەرمەندە؛ قەبىھ: «سەن ئىپلاسنى بىلمەن!» دەپتۇ تۈلكە قەستەن ئەلپازىنى بۇزۇپ.

**مەنىداش سۆزى:** پاسكىنا، بۇزۇق، شەرمەندە.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۇلۇغ، ئەلا؛ ساپ، پاك.

**ئىتتىك** سۈپ ① ھەرىكىتى، يۈرۈشى تېز، سۈرئىتى چاققان: پاراخوت سۇدا ناھايىتى ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى. ② كۆچمە. مىجەزى كەسكىن،

جىددىي: ئۇنىڭ دادىسى ناھايىتى ئىتتىك ئادەم ئىكەن. ③ كۆچمە. كېسىدىغان، بىر نەرسىلەرگە تېز ئۆتىدىغان (مېتال ئەسۋابلار ھەققىدە): بۇ ناھايىتى ئىتتىك پىچاق، دىققەت قىلمىساڭ، قولۇڭنى كېسىۋالىسەن. ④ كۆچمە. تېز سېتىلىدىغان، خېرىدارلارغا يارايدىغان، بازىرى بار: دادام بۇ قېتىم ئەكەلگەن ماللار ناھايىتى ئىتتىك ماللار ئىكەن، بىرىم كۈندە سېتىلىپ بولدى.

**مەنىداش سۆزى:** چاپسان، چاققان؛ كەسكىن، تېز.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** گال، گالۋاڭ، ئۆتمەس.

**ئىجتىمائىي** سۈپ ① كىشىلىك جەمئىيەتكە، كىشىلەرنىڭ پائالىيىتى ۋە ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئومۇمەن ئادەملەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان: ئۆزىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇھىتى بىزگە بىرقەدەر تونۇشلۇق. ② كىشىلەرنىڭ، يەنى جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىختىيارىي رەۋىشتە خىزمەت قىلىدىغان؛ ئاممىغا، ئومۇمغا تېگىشلىك، ئومۇمغا تەۋە: ئىجتىمائىي تەشكىلات. ئىجتىمائىي مۈلۈك.

**مەنىداش سۆزى:** ئاممىۋى.

**ئىجتىمائىي مۇلازىمەت** ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، تۇرمۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھەرىكىتى، جەمئىيەت ئۈچۈن ئىشلەنگەن ياكى ئىشلىنىدىغان خىزمەت، ئاممىۋى خىزمەت: نۇرغۇن شەھەرلەردە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت مەركەزلىرى قۇرۇلدى.

**ئىجتىمائىيلىشىش** پ. ئىجتىمائىي تۈس ئېلىش، جەمئىيەتكە يۈزلىنىش، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە تارقىلىش، ئاممىۋىلىشىش، جەمئىيەتلىشىش: نۆۋەتتە ھەرقايسى ئاھالە كومىتېتلىرى كۆپ خىل شەكىلدىكى ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەتلەرنى قانات يايدۇردى.

**مەنىداش سۆزى:** جەمئىيەتلىشىش، ئاممىۋىلىشىش.

**ئىجتىھات** ئى ① زور غەيرەت، كۈچلۈك قىزىقىش بىلەن كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىق: مەن ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىۋاتقان چاغلىرىمدا

دادام ماڭا قاراپ مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. ② **كۈچلۈك قىزىقىش، ئىشتىياق، شەيدالىق**: مەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى سەنئەتكە بولغان ئاجايىپ بىر ئىجتىھاتنى كۆرگەندەك بولدۇم.

**مەنىداش سۆزى:** غەيرەت، تىرىشچانلىق؛ ئىشتىياق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خۇشياقماسلىق، بىزارلىق.

**ئىچقويۇن-تاشقويۇن** مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن، ناھايىتى ئىناق، ئۆزئارا ئىچ-سىرلىرىنى بىلىشىدىغان ھالەتتە ئىناق، ئۆم: يولداش ئەخمەتجان قاسىمى تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا، ئاما بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن ئىدى.

**مەنىداش سۆزى:** يېقىن، ئىناق، ئىتتىپاق، ئۆم.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئادا-جۇدا، زىت، قارىمۇقارشى.

**ئىختىساس** ئى. كەسپىي ماھارەت، ئىلىم ياكى كەسپىتىكى يۇقىرى سەۋىيە، ئىلمىي ياكى كەسپىي ساھەدىكى يۇقىرى ئىقتىدار: مەكتەپ جەمئىيەت ئۈچۈن ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىدۇ.

**ئىختىساسلىق** سۈپ. ئىلىم-پەن، تېخنىكا، ھۈنەر-سەنئەت قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم بىرىدە كامالەتكە يەتكەن، يۇقىرى ماھارەت ئىگىلىگەن، كەسپتە پىشقان، بىلىملىك بولۇپ يېتىشكەن: بىزنىڭ مەكتەپتىن ئىختىساسلىق كىشىلەر كۆپ چىقىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** بىلىملىك، ئىقتىدارلىق، يارامىلىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بىلىمسىز، ئىقتىدارسىز، يارامسىز.

**ئىختىيارسىز** سۈپ. ئۆز ئىختىيارىدىن تاشقىرى، ئۆزىمۇ سەزمىگەن، تۇيمىغان ياكى ئۆز خاھىشىدىن سىرت: ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا دېرىزىدىن ئۈچۈپ چىقىپ كېتىپتۇ.

**ئىختىيارسىز ھالدا** تەبىئىي رەۋىشتە، ئۆزىمۇ ئويلىماستىن تۇرۇپلا، ئالدىنئالا ئويلاپ تەييارلانمىغان ھالدا، ئويلانماستىنلا: ھېلىقى ئېگىز بويلۇق كىشىمۇ ئىختىيارسىز ھالدا مەيداننىڭ بىر چېتىگە بېرىپ

ئۆلتۈردى.

**ئىخلاس (ئىخلاسى)** ئى ① چىن كۆڭلىدىن چىققان كۆيۈم، مېھىر-مۇھەببەت، ھەقىقىي كۆيۈنۈش: ئۇلار شالنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆستۈرۈپ، ئىخلاس بىلەن پەرۋىش قىلىدۇ. ② چىن يۈرەكتىن قىلىنغان ئىشەنچ، ئېتىقاد، ئەقىدە: ماموت بوۋاي ھەسەن داموللىغا بەك ئىخلاس قىلاتتى.

**مەنىداش سۆزى:** كۆيۈم، مېھىر؛ ئىشەنچ، ئېتىقاد.

**ئىرادە** ئى. (بىرەر مەقسەت، نىشان ۋە ئىش-ھەرىكەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن) كىشىدە بولىدىغان غەيرەت، مەۋقە، مەيدان؛ قەتئىيلىك، قەتئىي روھ، خاھىش، ئىختىيار، قەتئىي نىيەت: ئۇ قاتتىق ئىرادە بىلەن ئىشقا كىرىشكەندى، ئاخىرى نەتىجە قازاندى. ★ بىز بۈگۈن ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۆگىنىش ئىرادىمىزنى بىلدۈردۇق.

**ئىرغاڭلاش** پ. ئۇياق-بۇياققا سەنتۈرۈلۈش، چايقىلىش، ئوڭ-سولغا دەلدەڭشىش: ئۇ ئىككى سېۋەتنى تەستە كۆتۈرگىنچە، ئىككى يېنىغا ئىرغاڭلاپ دىسسەپ ئۆيىگە مېڭىپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** دەلدەڭشىش.

**ئىززەت-نەپسى** كىشىنىڭ ئۆز ھۆرمىتىنى، قىممىتىنى بىلىش ۋە ئۇنى قەدىرلەش تۇيغۇسى، ئىززەت-ھۆرمىتى، ئابرۇي-ئىناۋىتى، غۇرۇرى: ھەر كىشىنىڭ ئىززەت-نەپسى بولىدۇ، كىشىنىڭ ئىززەت-نەپسىگە تېگىشكە بولمايدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئابرۇي-ئىناۋىتى، غۇرۇرى.

**ئىزغىرىن** سۈپ. سوغۇق، مۇزدەك، كىشىنى شۈركەندۈرىدىغان (شامال ھەققىدە): بوۋاي شۇنداق دېيىشى بىلەنلا شاخلار سىلكىنىپ، ئىزغىرىن شامال چىقىپتۇ، قار پارچىلىرى يەرگە توزۇپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ.

**ئىزلەشتۈرۈش** پ. بىرىنىمۇ قويماي ئاختۇرۇپ تەكشۈرۈش، ئالا قويماي بىرمۇبىر ئاختۇرۇپ ئىزدەش، ھەممە يەردىن ئىزدەپ سۈرۈشتە قىلىش: ئۇ ئىزلەپتۇ، ئىزلەپتۇ، تا سوغۇقتا قېتىپ قالغۇچە

ھەممە يەرنى ئىزلەشتۇرۇپ چىقىپتۇ.

مەنىداش سۆزى: قاراشتۇرۇش، سۈرۈشتۈرۈش، ئىزدەش.

**ئىزۋوت** ئى. ئارمىيە ئىچىدە لېيەنىنىڭ قارىمىقىدىكى ئۈچ بەندىن تەركىب تاپقان كىچىك گۇرۇپپا، پەي: ئىزۋوت كوماندىرىنىڭ يارىلىنىپ قالغانلىقىغا كۆزى چۈشكەن رىزۋانگۈل ئوق ئاستىدا ئۆمىلەپ، كوماندىر تەرەپكە سىلجىدى.

مەنىداش سۆزى: پەي.

**ئىسپاتلاش** پ. (پىكىر، داۋا، پەرەز ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ توغرىلىقى، چىنلىقىنى) دەلىل، پاكىت، ھۆججەت ياكى ئەقىلگە مۇۋاپىق قائىدە بىلەن تەستىقلاش، دەلىللەش، ئېنىقلاش: ئۇ ئۆز سۆزىنىڭ ھەقلىقىنى نېمە بىلەن ئىسپاتلايدۇ؟ ★ زەرگەر ئۇستام ئۇلارنى بىر-بىردىن سىناپ كۆرۈپ، ھەممىسىنىڭ قىزىل مىس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

مەنىداش سۆزى: دەلىللەش، تەستىقلاش، چۈشەندۈرۈش.

**ئىستاكان** ئى. ئىچىملىكلەرنى ئىچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، سىلىندىر شەكىللىك ئەينەك قاچا: ئۇ ئىستاكانغا لىققىدە چاي قۇيۇپ قويدى.

**ئىستانوك** ئى. مېتال ياكى باشقا ماتېرىياللارنى قىلىپ بويىچە قىرىپ پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان مەخسۇس ماشىنا: دادام بەش يىلدىن بېرى زاۋۇتنىڭ ئىستانوك سېخىدا ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

**ئىستېمال قىلىش** ① ئۆز ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىش، قوللىنىش، پايدىلىنىش: ئۇلار ئۇزاق مۇددەت چەت ئەل ماللىرىنى ئىستېمال قىلىش نەتىجىسىدە، چەت ئەل ماللىرى بولمىسا تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ② يېيىش ياكى ئىچىش، يەپ ياكى ئىچىپ ھەزىم قىلىش: تاماق ۋە ئىچىملىكلەرنى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ ئىستېمال قىلماسلىق كېرەك.

**ئىستىھكام** ئى. ئۇرۇشتا مۇداپىئە ئۈچۈن قۇرۇلغان مۇستەھكەم

توسۇق، قەلئە، تام، لەخمە قاتارلىقلار، بازا: جەڭچىلەر دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن سۈنئىي ئاچقان يول بىلەن دۈشمەن ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەنلەرنى تامامەن يوقاتتى.

**مەنىداش سۆزى:** بازا، مۇداپىئە توسمىسى.

**ئىسسىق** ① سۈپ. قىزىق، ھارارىتى يۇقىرى ياكى قىزىغان، ئىللىغان: ئىسسىق چاي. ئىسسىق سۇ. ② سۈپ. كىشىگە قىزىق ھارارەت بېغىشلايدىغان ياكى ئىسسىقلىق ساقلايدىغان، ئادەمنى ئىللىتىدىغان: ئىسسىق كىيىم. ئىسسىق ئۆي. ③ ئى. ھارارەت، تەپت، قىزىقلىق: ئۇ ئۇتنىڭ ئىسسىقىدا ئولتۇرالمايلا قېلىۋاتاتتى. ④ ئى. يېڭى پىشۇرۇلغان، قىزىقى كەتمىگەن تاماق، يېڭى ئەتكەن تاماق: مەن ئىككى كۈننىڭ ياقى ئىسسىق ئىچىپ باقمىدىم. ★ ئاپام بىزنى «ئىشلەپ ھېرىپ كەتتى» دەپ، بىزگە ئاتايىن ئىسسىق ئېلىپ كەپتۇ. ⑤ رەۋ. ئىللىقلىق ئۆتكۈزۈپ، قىزىق ھالدا: بىز پۈتۈن ئىمكانىيىتىمىز بىلەن ئۇنى ئىسسىق ساقلاشقا تىرىشتۇق. ★ ئۇ مېنى ئىسسىق ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى چىقىپ كەتتى. ⑥ سۈپ. خۇش مۇئامىلىلىك، يېقىملىق، ئىللىق؛ قىزغىن ۋە سەمىمىي: مېھرىبان ئىسسىق چىراي قىز ئىكەن. ★ ئىلىك ئۇنى ئىسسىق قارشى ئالدى.

**مەنىداش سۆزى:** قىزىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سوغۇق.

**ئىسكىلات (ئىسكىلاتى)** ئى. ئاشلىق ياكى كۆپ مىقداردىكى مال، نەرسە-كېرەك قاتارلىق ماتېرىياللار ساقلىنىدىغان ئۆي، ئامبار: بازاردا ئىسكىلات، مېھمانخانا ۋە تۈرلۈك سودا دۇكانلىرى قۇرۇلدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئامبار، ساڭ.

**ئىسلاھات (ئىسلاھاتى)** ئى. كونا، قالاق تەرەپلەرنى يېڭى دەۋرگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى؛ بۇرۇنقىنى ئۆزگەرتىش، تۈزىتىش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان يېڭىلاش ھەرىكىتى: ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان

بېزىلارنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش.

**ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش** كونا، قالاق تەرتىپ-تۈزۈملەرنى ئۆزگەرتىپ ياخشىلاش ۋە سىرت بىلەن بولغان ئالاقىنى ھەر تەرەپلىمە كېڭەيتىش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن بىرگە چەت ئەللەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىش: پارتىيىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن بىز دېھقانلارنىڭ كۈنى بارغانسېرى ياخشىلانماقتا!

**ئىشتىھا (ئىشتىھاسى)** ئى. يېمەك-ئىچمەككە بولغان ئامراقلىق، يېيىش-ئىچىشكە بولغان مايىللىق، يەپ-ئىچىشتىكى ئىشتىياق، زوق، ھۇزۇر: يىگىت يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ بولكىنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. ★ نېمىشقىدۇر، بۈگۈن زادىلا ئىشتىھايىم يوق ئىدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئىشتەي، تاۋ.

**ئىشتىياق (ئىشتىياقى)** ئى. (بىرەر ئىش ياكى نەرسىگە قارىتا) چىن كۆڭلىدىن پەيدا بولغان قىزىقىش، چىن كۆڭۈلدىن ئىنتىلىش، بېرىلىش، ھەۋەس، زوق: لۇتپۇللا كىچىكىدىن تارتىپلا بىلىمگە زور ئىشتىياق باغلىغانىدى.

**مەنىداش سۆزى:** قىزىقىش، ھەۋەس.

**ئىشىكنى ئېچىۋېتىش** تەرەققىياتقا توسالغۇ بولىدىغان تۈرلۈك قامال قىلىش، مەنئى قىلىش، چەكلىمە قاتارلىقلارنى بىكار قىلىپ، سىرت بىلەن كەڭ-كۇشادە ئالاقە، باردى-كەلدى قىلىشقا يول ئېچىش، سىرت بىلەن بولغان ھەر تەرەپلىمە ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇش: ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بويان، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز تېز ياخشىلاندى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بېكىنىۋېلىش، ئىشىكنى تاقىۋېلىش.

**ئىقتىساد قىلىش** ئاياپ، تېجەپ ئاشۇرۇپ قېلىش، ئەپلەپ ئىشلىتىپ تېجەش: باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىقتىساد قىلغان پارچە پۇللىرىنى بانكىغا قويۇپ ساقلىسا ئەپلىك بولىدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** تېجەش، ئاشۇرۇۋېلىش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** زايە قىلىش، ئىسراپ قىلىش، بۇزۇپ-چېچىش.
**ئىقتىسادچىل** سۈپ. ئىقتىسادنى تېجەپ ئىشلىتىدىغان؛ تېجەشلىك بىلەن ئىش قىلىدىغان، قولىدىكى نەرسىلەرنى ئاياپ يەم بىلەن ئىش كۆرىدىغان، بۇزۇپ-چاچمايدىغان: مومام تولىمۇ ناھايىتى ئىقتىسادچىل ئايال ئىدى.
**مەنىداش سۆزى:** ئىقتىسادچان، تېجەشلىك.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئىسراپخور، بەتخەج.
**ئىقتىسادىي** سۈپ ① ئىقتىسادقا مۇناسىۋەتلىك، ئىقتىسادقا دائىر، شۇنىڭغا ئالاقىدار: كەنت بۇ يىل بىزگە خېلى كۆپ ئىقتىسادىي ياردەم بەردى. ② پۇل ياكى پۇل قىممىتىدىكى ماددىي نەرسىلەر بىلەن ئۆلچىنىدىغان، پۇل بىلەن ئۆلچىنىدىغان: ھەر بىر ئەمگەكچىنىڭ بەلگىلىك ئىقتىسادىي كىرىمى بولىدۇ.
**ئىگىلىك** ئى ① ئىگىدارلىق، ئىگە بولۇش ياكى باشقۇرۇش: بۇ يەرلەر ئەمدى مېنىڭ ئىگىلىكىمدە بولىدۇ. ② ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغان ئىش، ساھە ياكى شۇنىڭدىن قولغا كەلتۈرگەن ئىقتىساد، بايلىق: يېزا ئىگىلىكى. ★ سانائەت ئىگىلىكى. ★ ئىگىلىك يارىتىش. ★ بۇ يەردىكى ئاھالىلەر كۆپ خىل ئىگىلىكنى قانات يايدۇردى.
**ئىلاج (ئىلاجى)** ئى. ئامال، چارە، تەدبىر؛ ئىمكان: بىز بىر ئىلاج قىلىپ ئۆچكىرىگە كىردۇق.
**مەنىداش سۆزى:** ئامال، چارە، ئىمكان.
**ئىلاجسىز** سۈپ. ئىلاج يوق، ئامالسىز، چارىسىز، ئىمكانى

يوق: ئابدۇكېرىم ئىلاجسىز جايىغا كېلىپ ئولتۇردى.
مەنىداش سۆزى: نائىلاج، ئامالسىز، چارىسىز.
**ئىلاھ (ئىلاھى)** ئى. دىنىي چۈشەنچە بويىچە، جىمى مەۋجۇتلۇقنى ياراتقان، چەكسىز ئەقىل ۋە كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولغان ئالاھىدە جانلىق، كۈچ-قۇدرەتتە تەڭدىشى يوق مەخلۇق، خۇدا، تەڭرى: ئۇ بىزگە دۇنيادا ھېچقانداق جىن-ئالۋاستى ۋە ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپ بەردى.
مەنىداش سۆزى: خۇدا، تەڭرى، ئاللا، پەرۋەردىگار.
**ئىلغارلىشىش** پ. ئەڭ ئىلغار ھالەتكە كېلىش، ئىلغار سەۋىيىگە، دەرىجىگە يېتىش: قاتناش-ترانسپورت قوراللىرىنىڭ ئىلغارلىششىغا ئەگىشىپ، پوچتا-ئالاقە ئىشلىرىمۇ زور دەرىجىدە راۋاجلاندى.
مەنىداش سۆزى: مۇنەۋۋەرلىشىش، تەرەققىيلىشىش.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: قالاقلىشىش، كونىلىشىش.
**ئىلگىرىلەش** پ ① ئالدى تەرەپكە مېڭىش، ئالدىغا قاراپ يۈرۈش: ئۇ ئالغا قاراپ ئاستا-ئاستا ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. ② ئالغا بېسىش، راۋاجلىنىش، يۈكسىلىش، تەرەققىي قىلىش: ئۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا خېلى كۆپ ئىلگىرىلىدى.
مەنىداش سۆزى: ئالغا بېسىش.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: چېكىنىش، كەينىگە يېنىش.
**ئىلمۇئېرپان** ئى. ئىلىم ۋە تەلىم-تەربىيە ھەققىدىكى بىلىملەر، ئىلىم-پەن بىلىملىرى، ئىلىم-مەرىپەت: ئوقۇتقۇچىلار بارلىق ئادەملەرنىڭ ئەقلىنى ئىلمۇئېرپان بىلەن قانائەتلەندۈرىدىغان، كىشىلەرنى تەربىيىلەيدىغان ئەڭ ئۇلۇغ كىشىلەردۇر.
مەنىداش سۆزى: ئىلىم-ئېرپان، ئىلىم-پەن، ئىلىم-مەرىپەت.
**ئىلھام بېرىش** ئىلھاملاندۇرۇش، مەدەت بېرىش، رىغبەتلەندۈرۈش، روھىنى ئۇرغۇتۇپ غەيرەتكە كەلتۈرۈش، غەيرىتىنى ئاشۇرۇش: ئۇ ھەر ۋاقىت قانداق ياششىم، قانداق ئادەم

بولۇشۇمغا ئىلھام بېرىپ تۇردى.

**مەنىداش سۆزى:** مەدەت بېرىش، رىغبەتلەندۈرۈش، ئىلھاملاندۇرۇش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بەزدۈرۈش، رايىنى قايتۇرۇش، تەزدۈرۈش، بوشاشتۇرۇش.

**ئىلىم-ئېرپان** ئىلىم ۋە پەن، بىلىم ۋە مەرىپەت، ئومۇمەن ئىلىم-پەن: ئوقۇغۇچىلار، ياش ئوغۇل-قىزلار،/ چوڭقۇر ئىلىم-ئېرپانغا./ ئوقۇشنىڭ راست چېغى شۇلدۇر،/ ھەۋەسكار قىز ۋە ئوغلانغا.

**مەنىداش سۆزى:** ئىلمۇئېرپان، ئىلىم-پەن، ئىلىم-مەرىپەت.

**ئىمكان (ئىمكانى)** ئى. ئىش-ھەرىكەت ياكى ئارزۇ-مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا زۆرۈر ياكى قولايلىق بولغان شەرت-شارائىت، پۇرسەت، مۇمكىنچىلىك: ئەسىرلەر ئىنتىزار بولدۇق،/ ئىلىم ئارزۇسىدا ياندۇق./ ئوقۇيلى ئەمدى ئارمانسىز،/ يېتىشتۇق ياخشى ئىمكانغا.

**مەنىداش سۆزى:** ئىمكانىيەت، ياخشى پۇرسەت.

**ئىنتىزار** ئى. كۆڭۈلدىكى كۈچلۈك تەلەپتىن پەيدا بولغان تەشنالىق تۇيغۇسى، تەشنا، تەقەززا، قاتتىق تەلمۈرۈش، ىتاقەت: ئەسىرلەر ئىنتىزار بولدۇق./ ئىلىم ئارزۇسىدا ياندۇق./ ئوقۇيلى ئەمدى ئارمانسىز./ يېتىشتۇق ياخشى ئىمكانغا.

**مەنىداش سۆزى:** تەشنا، تەقەززا، بىتاقەت.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بىزار.

**ئىنتىزار بولۇش** تەشنا بولۇش، تەقەززا بولۇش؛ تەشنالىق، تەقەززالىق بىلەن كۈتۈش: ئاخىرى بىز ئىنتىزار بولغان قۇتلۇق كۈنلەرمۇ كەلدى، ھەممىمىز قايتىدىن جەم بولدۇق.

**مەنىداش سۆزى:** تەشنا بولۇش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بىزار بولۇش، سەسكىنىش، زېرىكىش.

**ئىنتىقام ئېلىش** ئۆچ ئېلىش، قىساس ئېلىش: بىز قۇربان بولغان باتۇر ئەجدادلىرىمىز ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىمىز.

**ئىنتىلىش** پ. قىزىقىش، ئېرىشىش مەقسىتىدە تەلپۈنۈش، ئارزۇ قىلىش ياكى شۇ ئۈچۈن چىن دىلىدىن قىزىقىپ تىرىشىش: ئۇنىڭ كىچىككىنە ۋۇجۇدى بىلىمگە ئىنتىلەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** قىزىقىش، تەلپۈنۈش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** زېرىكىش، ۋاز كېچىش.

**ئىنساپ (ئىنساپى)** ئى. ھەرقانداق ئىشنى ئادالەت ۋە ۋىجدان بىلەن قىلىش تۇيغۇسى، توغرىلىق، ھالاللىق، ئادىللىق؛ ئۆز نەپسىنى يىغىپ شۇكۇر قىلىش ۋە باشقىلارغا ئۆتۈنۈش ئىدىيىسى، رەھىمدىللىك: بۇ مومايدا ئىنساپتىن ھېچ ئىز قالمىدى — / خالىمايمەن شاھلىقنى، — دەپ غوۋغا سالدى.

**مەنىداش سۆزى:** دىيانەت، ۋىجدان.

**ئىنساپسىز** سۈپ. ئىنساپى يوق، ئىنساپى قالمىغان، ئۆز نەپسىگىلا چوغ تارتىدىغان، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان: — ئۇنداق ئىنساپسىز ئادەمنىڭ گېپىنى قىلماڭلار، — دېدى بوۋاي گەپنى بۆلۈپ.

**مەنىداش سۆزى:** نائىنساپ، دىيانەتسىز.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئىنساپلىق، دىيانەتلىك.

**ئىنقىلابچى** ئى. ئىنقىلابقا قاتناشقان ياكى ئىنقىلاب قوزغىغان، ئىنقىلابىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان كىشى، ئىنقىلاب قىلغۇچى: ئازادلىق ئۇرۇشى دەۋرىدە نۇرغۇنلىغان ئىنقىلابچىلار خەلققە بەخت يارىتىش ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلغاندى.

**ئىهاتە ئورمانلىقى** (قۇم-بورانلاردىن) زىرائەتلەرنى، تېرىلغۇ يەرلەرنى قوغداش ئۈچۈن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ بەرپا قىلىنغان ئورمانلىق، قۇم-بوراندىن ساقلىنىش ئۈچۈن تىكىلگەن دەرەخلىق: بەش يىل پۈتۈن خەلقنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ بۇ ئىهاتە ئورمانلىقنى بەرپا قىلدۇق.

# ي

**ياردەم بېرىش** (باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا قارىتا) ھەمكارلىشىپ قارىشىپ بېرىش، يار-يۆلەك بولۇش، ھەمدەم بولۇش، بىرگە تۇرۇپ يۆلەك بولۇش: بىز ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن خېلى كۆپ جايلارغا باردۇق.

**مەنىداش سۆزى:** ياردەملىشىش، ياردەم قىلىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** توسقۇن بولۇش، توسقۇنلۇق قىلىش.

**ياردەم قىلىش** ياردەم بېرىش، يار-يۆلەك بولۇش، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن خالىسانە ياخشىلىق قىلىش: بۇ قېتىم ئۇلار ئالىمغا جىق ياردەم قىلدى.

**مەنىداش سۆزى:** ياردەملىشىش، ياردەم بېرىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** توسقۇنلۇق قىلىش، زىيان سېلىش.

**يار-يۆلەك** تايىنىدىغان يۆلەنچۈك، تايانچ، ھىمايە قىلىدىغان ئىگە، خەيرىخاھلىق قىلىپ يۆلىگۈچى، تىرەك، يۆلەك: شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارقىلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىغا يار-يۆلەك بولدى.

**مەنىداش سۆزى:** يۆلەك، تىرەك، تايانچ، ھىمايىچى.

**ياقا يۇرت** ئائىلىسى تۇرغان جايدىن باشقا يۇرت، ئۆز يۇرتىدىن باشقا جاي، يات يۇرت: چۈيۈەن مۇناپىق ۋەزىرلەرنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشى بىلەن ياقا يۇرتلارغا پالىندى.

**مەنىداش سۆزى:** يات يۇرت، باشقا يەر.

**ياكى** باغلى. جۈملە تەركىبىدىكى بۆلەكلەرنىڭ مەلۇم بىرىنىڭ

تاللىنىپ ئورۇندىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان باغلىغۇچى سۆز: بىز بۇ يەرگە ياكى قوناق تېرىيمىز، ياكى بولمىسا ھازىرچە ئاق قويۇپ كۈز كەلگەندە بۇغداي تېرىيمىز.

**مەنىداش سۆزى:** يا.

**يالغان** سۈپ. ھەقىقەتكە زىت، ناتوغرا، ھەقىقىي ئەمەس، ئويدۇرما، ساختا، ياسالما، راست ئەمەس، توقۇلما: ئۇ قاراپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەۋاتاتتى.

**مەنىداش سۆزى:** ساختا، جا.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** راست، ھەقىقىي، چىن، چىنلىق.

**يالماش** پ. يالاپ ئاغزىغا ئالغان پېتى چاينىماستىنلا يۇگەپ-پۇرلاپ يۇتۇش، چاينىمايلا يۇتۇش: بۆرە دەپتۇ: «بۇ ئىشىڭغا چىدالمايمەن،/ تۇتۇۋالسام سېنى بوغۇپ بىر يالمايمەن!».

**يايما** ئى. سېتىش ئۈچۈن پالاس ياكى شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىگە يېيىپ قويۇلغان ھەر خىل نەرسىلەر ياكى شۇ شەكىلدە سودا قىلىدىغان سېتىقچىلىق ئورنى: يول-كوچا دوقمۇشلىرىدا بىز يەنە بەزىبىر كىچىك يايمىلارنى دائىم ئۇچرىتىمىز.

**يەر ئاستى يولى** ① يەر ئاستىنى كولاپ چىقىرىلغان ئۈستى يېپىق يول، ئومۇمەن يەر ئاستىدىكى يول: 60-يىللارنىڭ بېشىدا ئاشۇ تاغ باغرى بىلەن كەنتىمىزنى تۇتاشتۇرىدىغان بىر يەر ئاستى يولى ياسالغانىكەن. ② قاتناش قوراللىرى كۆپ ئۆتىدىغان يوللاردا پىيادىلەرنىڭ يولدىن بىخەتەر كېسىپ ئۆتۈشى ئۈچۈن يولنىڭ تەكتىنى توغرىسىغا كولاپ، ئۈستىنى بېتون قاتارلىقلار بىلەن يېپىپ ياسالغان مەخسۇس ئۆتۈشمە يول: ئۇ دوقمۇشتىكى يەر ئاستى يولدىن ئۆتۈپ دۆڭكۆۋرۈك بازىرىغا قاراپ ماڭدى.

**يەر-كۆك** جىمى زېمىن ۋە ئاسمان، يەر ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھاۋا بوشلۇقى، ھەممە يەر، پۈتۈن جاھان: ئۇ كەڭ يەڭلىرىنى بىر سىلكىگەنىكەن، ئورماندا يەر-كۆكنى قاپلاپ قاتتىق بوران چىقىپتۇ.

**يەسلى** ئى. ئاتا-ئانىلارنىڭ ھاۋالىسى بىلەن كىچىك بالىلارنى بېقىپ تەربىيىلەيدىغان ئورۇن، بالىلار باغچىسى: شەھەرلەردە بالىلارنى كىچىك ۋاقتىدا ئاساسەن يەسلىگە بېرىدۇ.
مەنىداش سۆزى: بالىلار باغچىسى.

**يەڭگە** ئى ① ئۇكا ياكى سىڭىلغا نىسبەتەن ئاكىنىڭ نىكاھىدىكى ئايال، ئاكا بولغۇچىنىڭ ئايالى: سەمەتنىڭ ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى بۇرۇنقىدەكلا ئەپلىشىپ قېلىپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى. ② توي قىلغان قىز-يىگىتنى تۇنجى توي كېچىسى ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قويۇشقا بەلگىلەنگەن ئايال.

**يود تىنكتۇرىسى** يود قوشۇپ ياسالغان، يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىر خىل سۇيۇق دورا: خۇڭياۋ شۈي بىلەن يود تىنكتۇرىسىنى بىرلا ۋاقىتتا ئىشلەتسەك بولمايدۇ.

**يوشۇرۇپ قويۇش** سۇقۇپ قويۇش، ھېچكىمگە بىلىندۇرمەي، كۆرسەتمەي تىقىپ قويۇش، مەخپىي ساقلاپ قويۇش: ئۇ كىتابنى قەيەرگە يوشۇرۇپ قويدىكىن، شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ ھېچ تاپالمىدىم.
مەنىداش سۆزى: تىقىپ قويۇش، سۇقۇپ قويۇش.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئاشكارىلاش، ھەممىگە بىلدۈرۈش.

**يوشۇرۇنچە** رەۋ. يوشۇرۇن ھالدا، باشقىلارغا بىلىندۇرمەي، سەزدۈرمەي، مەخپىي، خۇپىيانە: خوجايىن ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇشىغا رۇخسەت قىلمايتتى، شۇڭا ئۇ ھامان يوشۇرۇنچە كىتاب ئوقۇيتتى.
مەنىداش سۆزى: مەخپىي، خۇپىيانە، ئوغۇرلۇقچە.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئاشكارا، ئوچۇق، كۆرسىتىپ.

**يوشۇرۇنۇش** پ. ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش، باشقىلار كۆرەلمەيدىغان خۇپىيانە يەرگە بېكىنىۋېلىش، سۇقۇنۇش، ئۆزىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن مەخپىي تۇتۇش: دۈك

سۇنرۇي پوتەيگە بىرقانچە ئون مېتىر قالغاندىلا، بىر ئوبىمان يەرگە يوشۇرۇندى.

**مەنىداش سۆزى:** سۇقۇنۇش، بېكىنىۋېلىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاشكارىلاش، مەيدانغا چىقىش.

**يوغانچىلىق** ئى. باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ ماختىنىش قىلىقى، تەكەببۇرلۇق، پوچىلىق، چوڭچىلىق، ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنچىلىك: — مەن يوغانچىلىق قىلىۋاتقىنىم يوق، — دەپتۇ ئەخمەتجان ئەپەندىم، — قورساق تويغۇزۇش يوغانچىلىق بولمايدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** چوڭچىلىق، ھاكاۋۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كەمتەرلىك، كىچىك پېئىللىق، مۇلايىملىق.

**يوقلاش** پ. بىرىپ ھال-ئەھۋال سوراش، ئەھۋال سوراپ قانداق تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىش، ھال سوراش: يازلىق تەتىلدە مەن ئاپام بىلەن بىرگە موماملىنى يوقلاپ كەلدىم.

**مەنىداش سۆزى:** ھال سوراش.

**يوللانما** ئى. پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىلىدىغان خەت-چەك، خالتا-پۇچەك قاتارلىق نەرسە: پوچتا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ يوللانمىلىرىنى يوللاش ۋە تاپشۇرۇۋېلىشى ئاسانلاشتى.

**يولۇقۇش** پ. ئۇچراش، دۇچ كېلىش؛ مۇپتىلا بولۇش، گىرىپتار بولۇش: سىز ئۆزىڭىز يولۇققان ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ.

**مەنىداش سۆزى:** ئۇچراش، دۇچار بولۇش.

**يولىتىش** پ. ئاياغ باستۇرۇش، يولۇقتۇرۇش، كەلتۈرۈش؛ كەلگىلى ياكى كىرگىلى قويۇش، كېلىشىگە يول قويۇش: — ئۆگەي ئانام «گۈلنى ئىلىپ كەلمىسەڭ، ئۆيگە يولاتمايمەن» دېدى، — دەپتۇ قىز.

**يۇرتداش** ئى. بىر يۇرتتا چوڭ بولغان كىشى، يۇرتلۇق، يۇرتى بىر كىشى: پالچى ھەر خىل ساختا ئۇسۇللار بىلەن كەنتتىكى يۇرتداشلارنى ئالدايدىكەن.

مەنداش سۆزى: بىر يۇرتلۇق، ۋەتەنداش.

**يۇمران** سۈپ. تېخى ئۆسۈۋاتقان، بىخ هالەتتىكى، غولى قاتمىغان؛ يۇمشاق، ئەۋرىشىم: دادام ئېتىزدىكى يۇمران مايسىلارغا قاراپ بىر هازا تۇرۇپ كەتتى. ★ ئاپام مېنىڭ يۇمران چاچلىرىمنى سىلاپ تۇرۇپ، ماڭا كۆپ نەسىھەت قىلدى.

مەنداش سۆزى: يۇمشاق، نازۇك.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: قاتتىق.

**يۆبىڭ** ئى. ئىچىگە تۈرلۈك تاتلىق نەرسىلەر، جۈملىدىن قىيما، سەيلەر ئېلىنىپ تۈگۈلگەن، دۇخوپكىدا پىشۇرۇلغان يۇمىلاق توقاچ: خەنزۇلار تاۋۇز چاغنى كۈنى يۆبىڭ يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

**يۆگەلمە گەز** يىغىش ۋە ئېچىشقا ئەپلىك تاسما، رەخت ياكى يۆگىلىدىغان ئەۋرىشىم نەرسىلەردىن ياسالغان قاپلىق ئۆلچەش ئەسۋابى، يۆگىمە مېتىر: يۆگەلمە گەز ئارقىلىق ئۆلچىمەكچى بولغان ئارىلىقنى ئۆلچەپ چىقساق، ئۇزۇنلۇقنى توغرا هېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ.

مەنداش سۆزى: يۆگىمە مېتىر.

**يۈرەك** ئى ① ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ بەدىنىدىكى قان ئايلىنىشنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئىچكى ئەزا، شەكلى شاپتۇلغا ئوخشايدۇ، ئادەملەرنىڭ يۈرىكى كۆكرەك مەركىزىنىڭ سول تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، هەر بىر كىشىنىڭ يۈرىكى ئۆزىنىڭ مۇشتۇمىچىلىك چوڭلۇقتا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە تۆت بۆلەك بوشلۇق بولۇپ، يۇقىرىقى ئىككىسى يۈرەك دالانچىسى، تۆۋەنكى ئىككىسى يۈرەك قېرىنچىسى دېيىلىدۇ. يۈرەك دالانچىسى بىلەن يۈرەك قېرىنچىسىنىڭ ئۇزىراپ-قىسقىرىشى بىلەن قان پۈتۈن بەدەندە ئايلىنىدۇ: يۈرەك بىلەن قان تومۇرلار ئادەم بەدىنىنىڭ قان ئايلىنىش سىستېمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ② كۆچمە. نەرسىلەرنىڭ مەركىزى نۇقتىسى، مەركىزى: بېيجىڭ — ۋەتىنىمىزنىڭ يۈرىكى. ③ كۆچمە. كۆڭۈل، قەلب، دىل: مەن ساڭا بۇ سۆزنى چىن يۈرىكىمدىن ئېيتىۋاتىمەن.

★ ئۇنىڭ يۈرىكى بەك قارىداپ كېتىپتۇ. ④ جۈرئەت، غەيرەت، جاسارەت: — يۈرەك بارمۇ سەندە؟! قورقماي ماڭمامسەن! — دېدى ئۇ سەممەتنى ئالدىغا ئىتتىرىپ.

**يۈەنشۇەي** ئى. ھەربىيلەرنىڭ دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان ئۇنۋانلاردىن بىرى. ئۇ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋان بولۇپ، گېنېرالدىن يۇقىرى تۇرىدۇ: يەنە بىر چوڭ بالا — ئۇ يۈەنشۇەي ئىكەن — مېنى مۇشۇ يەرگە باشلاپ كەلدى.

**مەنىداش سۆزى:** مارشال.

**يىپىنچاقلاش** پ. (چاپان قاتارلىق كىيىملەرنى) قولنى يەڭگە كىرگۈزمەيلا ئۈستىگە ئارتىۋېلىش، قولنى يەڭگە ساپمايلا يېپىنىۋېلىش: ئۇ چاغلاردا كىشىلەر قىش كۈنلىرى ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىنى يىپىنچاقلاش بىلەن سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** ئارتىۋېلىش.

**يېتەكلەش** پ ① نىشانىنى كۆرسىتىپ شۇ ياققا قاراپ ئىلگىرىلەشكە دەۋەت قىلىش، باشلاش، يېتەكچىلىك قىلىش، رەھبەرلىك قىلىش: مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى ئۆگىنىشكە يېتەكلەيدۇ. ② يېتىلەپ، ئەگەشتۈرۈپ مېڭىش، يېتىلەش: ئۇ ئۆزى يالغۇز ئۇن نەچچە كالىنى يېتەكلەپ كېلىۋاتاتتى.

**مەنىداش سۆزى:** باشلاش؛ يېتىلەش.

**يېتىم** سۈپ ① ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان، ئاتا-ئانىسى يوق: مەن شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى خېلى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن يېتىم بالىلار ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ② كۆچمە. ھىمايىچىسىز ھالدا يالغۇز قالغان، بىگانە، بىچارە: ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى تولىمۇ يېتىم ھېس قىلىپ قالدى.

**مەنىداش سۆزى:** بەختسىز، بىچارە.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بەختلىك، ئامەتلىك.

**يېرىلىش** پ ① تىلىنىش، پارچىلىنىش، بۆلەك-بۆلەك بولۇپ ئايرىلىش: ئاخىرى ئوتتۇنلارمۇ يېرىلىپ بولدى. ② كۆچمە. ئۈستىدىكى

پوست تېرىلىرى تىلىم-تىلىم بۆلۈنۈپ سەت، قوپال ھالەتكە كېلىپ قېلىش، ساغلاملىقىنى، نورماللىقىنى يوقىتىش، جاراھەتلىنىش (بەدەن ئەزالىرى ھەققىدە): ئۇنىڭ قوللىرى يېرىلىپ بىر نەرسە تۇتالمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. ★ قاتتىق تاياق زەربىسىدىن ئۇنىڭ بۇرنى يېرىلىپ، كۆزلىرى تورلىشىپ كېتىپتۇ. ③ كۆچمە. (ھەددىدىن ئارتۇق شېرىنلىك ياكى بەتتاملىق، قاتتىق قوپاللىق ياكى غەزەپ-نەپرەت تۈپەيلىدىن چىدىيالماي) ئېتىلىش، پارتلاش، پارە-پارە بولۇش: ئۇ قوغۇن شۇنداق تاتلىقكى، يېسەڭ تىلىڭ يېرىلىدۇ. ★ ئۇنىڭ ۋارقىراشلىرىدىن قۇلاقلىرىم يېرىلىپ كەتتى. ★ ئاچچىقىمدا يېرىلىپ كەتكۇدەك بولدۇم. ★ ئۇ دۇشمەنگە قارشى يېرىلىشقا تەييار تۇرغان بومبا ئىدى.

**مەنداش سۆزى:** تىلىنىش؛ جاراھەتلىنىش؛ ئېتىلىش، پارتلاش.

**يېرىندى** ئى. كۆتەك، ياغاچ قاتارلىقلارنىڭ يېرىلىپ پارچىلانغان قىسمى، يېرىلغان پارچىسى: موماي ئىشىنىڭ ھەققىتىنى سۇرۇشتۇرمەيلا، بىر تال يېرىندى بىلەن گوركىنىڭ دۇمبىسىگە ئۇرۇۋېرىدۇ.

**يېزا-بازار كارخانىسى** مەملىكىتىمىز يېزىلىرىدىكى يېزا، كەنت، بازارلار قۇرغان كارخانا ھەمدە يېزا ئەزالىرى بىرلىشىپ ياكى باشقا شەكىللەردە قۇرغان ھەمكارلىق كارخانىلىرى ياكى يەككە كارخانىلار. ئومۇمەن يېزا-بازار تەۋەلىكىدىكى كوللېكتىپ ياكى يەككە ئىگىلىكتىكى كارخانا: مەكتىپىڭلارغا يېقىن بولغان بىرەر زاۋۇت ياكى يېزا-بازار كارخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ چىقىڭلار.

**يېسۋىلەك** ئى. بىرخىل كۆكتات، يەنى كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىگە تەۋە ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى چوڭ كېلىدۇ، ئۇزۇن تۇرسا ئاچ سېرىق رەڭلىك گۈل ئېچىلىدۇ. خىللىرى كۆپ بولۇپ، كۆكتات قىلىنىدۇ: ئېلگىرى ئائىلىلەردە يەيدىغان سەيدىن يېسۋىلەك قاتارلىق بىر نەچچە تۈرلۈكلا

سەي بار ئىدى.

**مەنىداش سۆزى:** بەسەي.

**يېڭىلىش** پ. مەغلۇپ بولۇش، ئۇتتۇرۇپ قويۇش، تەڭ كېلەلمەي ئارقىدا قېلىش ياكى ۋەيران بولۇش: ئۇ ئالمىدىن يېڭىلىپ قالدى. ★ دۈشمەنلەر يېڭىلگىنىگە تەن بېرىپ بەدەر تىكىۋەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** مەغلۇپ بولۇش، ئۇتتۇرۇش، پاخشە بولۇش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** غالىب كېلىش، يېڭىش، ئۇتۇش.

**يېلىنىش** پ. يالۋۇرۇش، تۆۋەنلىك بىلەن بىچارىلەرچە ياردەم تەلەپ قىلىش، ئىلتىجا قىلىش، ياردەم تىلەپ مۇراجىئەت قىلىش: ھارۋىكەش ئاچچىقلاپ: — ئۇكا ۋوي، نېمە قىلغىنىڭلار بۇ؟ مەن سىلەرگە ياردەم قىل دەپ يېلىنىدىممۇ يە؟ بولدى. يولۇڭغا مېڭىشساڭ، كىشىنى ئاۋارە قىلماي، — دېدى ۋە تامغا يۆلەندى.

**مەنىداش سۆزى:** يالۋۇرۇش، ئىلتىجا قىلىش.

**يىراقنى كۆرەلمەسلىك** كۆز كېسەللىكىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا بىمار كۆزىدە پەيدا بولغان نورمالسىزلىق تۈپەيلىدىن يىراقتىكى نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. پەقەت يېقىنقىلىق كۆزەينەك تاقىسا، ئاندىن كۆرەلەيدۇ: ئۇزۇن ۋاقىت يېتىپ كىتاب كۆرۈش يىراقنى كۆرەلمەسلىك كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

# قوشۇمچە: ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە-ئىنگلىزچە سېلىشتۇرما سۆزلۈك

## ئا

| | | |
|---|---|---|
| the water of life | 神水，救命水 | ئابىھايات |
| automatic | 自动的 | ئاپتوماتىك |
| like horse head | 马头一样大的 | ئات بېشىدەك |
| charge; assault | 冲锋，进功，功击 | ئاتاكا |
| especially, specifically | 特意，专门 | ئاتايىن |
| hunger, hungriness | 饿，饥 | ئاچ |
| bone—piercing cold | 刺骨的寒冷 | ئاچچىق سوغۇق |
| forked, divided | 有杈的，多杈的 | ئاچىماق |
| starve | 贫困，饥饿 | ئاچ - يالىڭاچلىق |
| justice | 公正，正义，公平 | ئادالەت |
| exception | 例外，格外 | ئادەتتىن تاشقىرى |
| ordinary, simple | 平常的，平凡的 | ئاددىي |
| in disorder | 迷失，错乱 | ئادىشىش |
| fair appraise | 公平的评价 | ئادىل باھا |
| not easy | 好不容易 | ئاران |
| hope | 愿望，希望 | ئارزۇ |
| rear | 后方，后勤 | ئارقا سەپ |
| desire, hope | 心愿，愿望 | ئارمان |
| hesitate, irresolute | 犹豫，迟疑 | ئارىسالدى بولۇش |
| borrow | 借 | ئارىيەت |
| national minority | 少数民族 | ئاز سانلىق مىللەت |
| according | 基本上，大体上 | ئاساسەن |
| reasonable | 主要的 | ئاساسلىق |
| suspension bridge | 吊桥 | ئاسما كۆۋرۈك |
| be of use | 顶用，用得上，合适 | ئاش بولۇش |
| when of eat meal | 吃饭时 | ئاش ۋاقتى |
| canteen, restaurant | 饭馆 | ئاشپۇزۇل |

| | | |
|---|---|---|
| belly, stomach | 胃 | ئاشقازان |
| sickly, often unwell | 多病的 | ئاغرىقچان |
| meteor, shooting star | 流星 | ئاقار يۇلتۇز |
| protein | 蛋白质 | ئاقسىل |
| blindage, bunker, tunnel | 掩体,地道 | ئاكوپ |
| in high spirits, in great de light | 兴高采烈 | ئاغزى قۇلىقىغا يېتىش |
| kind | 善良的 | ئاق كۆڭۈل |
| consciousness | 觉悟程度 | ئاڭ - سەۋىيە |
| understand | 理解,了解,感觉 | ئاڭقىرىش |
| consciousness | 自觉性 | ئاڭلىقلىق |
| stupid, foolish | 糊涂的 | ئالجىغان |
| front, front—line | 前线 | ئالدىنقى سەپ |
| prevent | 预防,防止 | ئالدىنى ئېلىش |
| deceived | 被欺骗 | ئالدىنىش |
| to welcome, applaud | 欢迎 | ئالقىشلاش |
| diamond | 钻石 | ئالماس |
| anxiety and hurry to, impetuously | 急急忙忙 | ئالمان - تالمان |
| method, way | 办法 | ئامال |
| helplees | 没办法 | ئامالسىز |
| safe | 存放的,寄存的 | ئامانەت |
| credit cooperative | 信用社 | ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى |
| public | 群众性的,公共的 | ئاممىۋى |
| public place | 公共场所 | ئاممىۋى سورۇن |
| trouble, disturb | 麻烦,打扰 | ئاۋارە قىلىش |
| to take care of, look after | 小心 | ئاۋايلاش |
| trouble, nuisance | 忙于,操劳,费心 | ئاۋارە |
| household | 家庭的 | ئائىلىۋى |
| treasure, cherish | 怜悯,爱惜 | ئاياش I |
| take care of oneself | 舍不得,保重 | ئاياش II |
| increase | 长得茂盛 | ئايىنىش |
| in an endless stream | 络绎不绝 | ئايىغى ئۈزۈلمەي |

| | | |
|---|---|---|
| rudely | 不珍重 | ئايماستىن |
| like a queen | 像王后样的 | ئايملىق |

## ئە

| | | |
|---|---|---|
